XINJIANG CIVILIZATION ● XINJIANG CIVILIZATION



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

4

1996

ئۆز يۇرتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك يار - يۆلەكتە بولۇۋاتقان مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن:



**شىنجاڭ مەدەنىيىتى** قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى 1996 - يىل 4 - سان ( ئومۇمىي 221 - سان )


# بۇ سانىدا


## تەپەككۇر گۈلشەنى

تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ...................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 2

## گۈرنەك

يولچى . . . . . . . . . . . . . . (ئەدەبىي ئاخبارات) .................. مۇھەممەد سالىھ مەتروزى 4

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەۋلىيا گوت. . . . . . . . . . . . . (ھېكايە) ................ ئابدۇللا ساۋۇت 28

## ئىزدەنگۈچىلەر

تۇنۇگۈنكى ۋە بۈگۈندىكى ماھىيەت.................... داۋۇت ئوبۇلقاسىم 41

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى........................ تەييارلىغۇچىلار: ئە. تاشتۆمۈر ب. شېرىپ، ت. توختى، ئى. ھوشۇرى، ي. داموللاھاجى مىسرى ، م. پالتاجى، ئى. مۇھەممەت، ھ. جاپپار، ئا. خەلپەت 55

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

يۇرتىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا .................. نۇرئىمان ناسىر 62

## ئەينەك

بىزدىكى ئىللەتلەر ...................................... نىزامىددىن ھۈسەيىن 64
كۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى.................................. ئەختەم ئۆمەر 70


مۇقاۋىدا: خوتەن شەھىرىگە تىكلەنگەن دېھقان ھەيكىلى. بۇ ھەيكەل خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەتنىڭ لايىھىلىشى بىلەن ياسالغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

# تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

مەڭگۈ يېڭىلىنىپ ۋە ئەبەدىي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مۇھەببەتنىڭ مەنىۋى جەننىتى نەدىكىن؟ مەن ئۇنىڭدىن شېئىرىيەت ئىلاھىنى ئىزدەيمەن.

* * *

ھىجران دەشتىدە تۇرغىنىڭدا ۋىسال ئۈمىدى ساڭا ئىلھام بولىدۇ. ۋىسال گۈلشىنىگە كىرگىنىڭدە ھىجران ۋە ھىممىتى سېنى ئالدىرىتىدۇ.

* * *

ئىنسانىيەت ئۆزى ياراتقان ئاجايىپ سۈرەتخانىغا كىرىپ قالدى. ئۇ، رەسىملەرنىڭ تىرىلىپ، ھەيكەللەرنىڭ جانلىنىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ۋەھىمىلىك چۈش، شۈبھىلىك مۇھاكىمىگە سولىنىپ قالدى.

* * *

سۈرمە سۈرمىگىن، گۈزىلىم، بۇ، قېشىڭنىڭ قارىلىقىنى تونۇپ يەتكىنىڭ؛ گۈل قىسمىغىن، پەرىشتەم، بۇ، گۈلدىن گۈزەللىك تىلەشكە ھاجەتسىزلىكىڭ.

* * *

قورقۇپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغانىكەنسەن، خۇشامەت قىلىشقا مايىل بولىسەن. چۈنكى خۇشامەت روھىيەت تىلەمچىلىكى.

* * *

ھەيران بولمىغىن.

گۈزەللىك، مۇھەببەت، ساداقەت باشقا - باشقا نەرسىلەر بولغىنىدەك، بىلىم، قابىلىيەت، ۋىجدان، قىسمەتمۇ باشقا - باشقا نەرسىلەردۇر. مەن بۇلارنىڭ مۇجەسسەملىكىنى ئىزدەيمەن، ئۇلارنىڭ رىقابەتچىلىكىدىن چۆچۈيمەن.

* * *

ئۆلۈم - مۇزلىغان جىسمىنىڭ ئاشىقى، يۈرەكسىز مۇھەببەتنىڭ مۇرەببىسى.

* * *

سەن قىرىمايسەن، پەقەت مېنىڭ كۆزۈمنىڭ سېنى كۆرۈش قۇۋۋىتى قىرىغاندۇ.

* * *

بارلىق ياخشىلىقلىرىڭنى ھايات ۋاقتىڭدا قىلىپ تۈگەتكىن. دوزاخ ئىشىكى ئالدىدا ئۆزۈڭ توغرىلىق ئاقلىغۇچىلىق قىلما، جەننەت ئىشىكى ئالدىدا ھەسرەت چەكمە.

* * *

ئەركىن پىكىر - ھەقىقەتنىڭ يالغۇز پەرزەنتى.

* * *

تەڭداشسىز گۈزەلنىڭ زىبۇ - زىننەتكە مايىل بولىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

* * *

مۇھەببەت - ئازاب چېكىدىغان بېھىش.

* * *

سەن قولاقتا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمە، كۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى بىۋاستە يوققا چىقارما. كۆزنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان قولاق خەتەرلىك شاھىد.

* * *

.مەغرۇر شاھ غەلبىنىڭ ھارپىسىدا دارغا ئېسىلىدۇ. مەغرۇر يىگىت توي ئالدىدا ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

* * *

ئۇ، دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى: مۇناپىق!

تەپەككۇر گۈلشەنى

بۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قارىشى ئىدى.

ئۆز خەلقىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەمنىڭ باشقا خەلققە قىلچە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

* * *

خەلقتىن بىر قەدەم چەتنىشىپ تۇرۇپ ئادالەتتىن بىر ئېغىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئادالەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ، خەلقنىڭ تارىخى، كۈندىلىك مەنتىقىسى ۋە ھېچبىرىم ھېساب - كىتابى.

* * *

بىز يۈزلىگەن مىللەت خەلقىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك.

ئىنسانىيەتنىڭ رەڭگا رەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى، مۇشۇ ھەرخىل مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى. ئەگەر ئەلمىساق بىرلا مىللەتتىن يارالغان بولسا، كىشىلىك شەھىرى بىرلا ماگىزىنىدەك، ئىنسانىيەت سەپىرى بىرلا دۇكانلىق ئۆتەڭدەك زېرىكەرلىك بولغان بولاتتى. پۈتۈن ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇۋاتقان نەرسە، ھەرخىل ماگىزىن ۋە كارخانىلىرى بولغان شەھەر ھاياتىدەك، ھەر خىل مىللەتكە تولغان ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئىبارەت.

مىللەتلەرنى كەمسىتىش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھاقارەتلەشتۇر.

* * *

ئۆز زومىگىرى، ئۆز ئىستىبداتچىسى، ئۆز قانخورى، ئۆز تەييارتاپلىرىنى بېزەپ، ئۇنىڭغا ھەر قانداق «ۋەتەنپەرۋەرلىك» لەۋھەلىرىنى بېغىشلاش، بىرلا ۋاقىتتا ئۆز خەلقى ۋە باشقا خەلقلەرگە قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر. ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋەھشىي زالىمنى غەيرىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەمگەكچى خەلقتىن ئۈستۈن كۆرۈش، پەقەت ھېلىقى ۋەھشىي زالىمنىڭ ئاغىچىسىغىلا مۇناسىپ بولغان ئەخلاق. بۇ، تارىخنىڭ مەڭگۈلۈك مەنتىقىسىدۇر.

* * *

ئېكسپىلاتاتسىيە تارىخى، قانلىق تارىختۇر.

قانچىلىغان چۈپرەندە شائىرلار ئىشكەل - زەنجىرلەرگە ھېسابسىز ھەمدۇ سانا چېچەكلىرىنى قىستۇرۇپ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەنىدى.

ھەققانىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارلى ئىرغىتىپ تاشلاش ۋە ئادالەت ھۆكمى بىلەن لەنەت تاختىسىغا مىخلاشتىن ئىبارەت.

* * *

مەيلى ئاتاڭ ياكى قوشناڭ بولسۇن، ئەزگۈچى بولسىلا ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ.

* * *

گەپ سېنىڭ ئامەتلىرىڭدە ئەمەس، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنكى بەختىڭدە!

* * *

ئون مىليون كىشىلىك قوشۇنمۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە ۋاقىت تەقەززاسى تۈپەيلى تۇپراققا ئايلىنىدۇ. پەقەت مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدىغان غالىب كۈچ - ھاقارەتلەنگەن ھەقىقەت!

* * *

ئادالەتنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئەلڭ مۆتىۋەر مەتبۇئات!

* * *

ئۆزلىرىدىن كېيىن ئىخشىمۇ ئۇلۇغراق ئەنبىيانىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن مۇسا بىلەن ئەيسانىڭ «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» ى، مۇھەممەدنىڭ «قۇرئان» ىدىن جۇشقۇنراق. تارىخنى بوغۇپ قويۇش ئىنسانىيەتنى ۋە ئۇنىڭ پىكىر كۈچىنى بوغۇپ قويۇشتۇر.

* * *

ئىنسانىيەت بىر قەترە سۇدىن ئاپىرىدە بولغىنىدەك، ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ بىر جاسارەتچىلىك ئىسياندىن باشلانغان. ئۇ: قىلما دېگەننى قىلىش.

ھاۋا بىلەن ئادەم ئەگەر خۇدانىڭ بەلگىلىمىسىنى بۇزمىغان بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى ھەقىقەتكە ئايلانمىغان ۋە تېخى ئەپسانىۋى ئېرەمبېغىدا چۈشەپ تۇرغان بولاتتى. ھازىرقى زامان «تەۋرات» لىرىغا كەلگەندە، ئادەم ئەۋلادى ئۆزىنى تەدبىرسىز ھېسابلىمايدۇ.

* * *

ۋىجدان قىياشىنىڭ قارايغان كۈنى - ئەقىدە ئەھلىنىڭ قىيامىتى.

* * *

ھەقىقىي غالىب، ئۆز دۈشمىنىنى يەڭگەن كىشى بولماستىن، بەلكى ئۇ دۈشمىنىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئالالىغان كىشىدۇر.

* * *

ئەپسانىدىكى ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمىگەن ئادەم، ھەقىقەتتىكى ئەپسانىلەرنىمۇ چۈشىنىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەمدۇر.

* * *

تىنجىق تومۇز.

كىتابمۇ ئوقۇمىدىم، سەيلىمۇ قىلمىدىم.

نامراتلار مەھەللىسىدە، تار قورۇغا كىرىپ چىقىۋاتقان ئۆلۈم پەتىچىلىرىنى كۆردۈم.


ئۇلار: ياماق دۇمبىلەر، يىرتىق گەدەنلەر، مايلاشقان مالخايلار، بوغۇچلانغان يەكپاي كالاچلار، قاپارغان يالاڭئاياغلار، يەر سىلاپ سىرىلىپ ماڭغۇچى مېيىپلار، داق سۆڭەكتەك ئورۇقلار، كۆيۈپ قارايغان گەۋدىلەر، چوڭقۇر تورلاشقان پېشانىلەر، سارغايغان چىشلار، خۇنسىز كۆزلەر، قىسىلغان بويۇنلار، گەز باغلىۋالغان لەۋلەر، چېكىشلەشكەن كىر - ئاق ساقاللار، تىترەپ تۇرغان ئالقانلار ئىدى...

چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم: ئەنە، قىسقاس بىلەن تۇغۇلغان بوۋاقلار، ئەنە، ھاۋاغا تەلپۈنگەن باللار، ئەنە، ئۈمىدلىك ئۆسمۈرلەر، ئەنە، رومانتىك ياشلار، ئەنە، توختالغان يىگىتلەر، ئەنە، جاسارەتلىك قابىللار... ئۇلارنى ۋاقىت ئەيۋەشكە كەلتۈردى. ھەقىقەت ئۇلارنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئورنىغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى سوۋغا قىلىپ ئەيۋەشكە كەلتۈردى. ئۇلاردا نىقابسىز راستلىقنىڭ شولىسىز گەۋدىسى ۋايىغا يەتكەنىدى.

* * *

تارىخ ھەممىنى يارىتىدۇ ۋە يۇتىدۇ. شەھەرلەر، مەملىكەتلەر يوقىلىدۇ، تارىخنىڭ ئاڭا پەرۋايى پەلەك. ئۇنىڭ تىرىشىدىغىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنسانىيىتىنى، ھازىرقى زامان ئادىمىنى يارىتىشتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس

(MI)



## يولچى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**مۇھەممەد سالىھ مەتروزى**

# كۆز ياش، چۈش ۋە شاپاق دوپپا

1995 - يىل 29 - ئاپرېل، بېيجىڭ جىڭشى مېھمانخانىسى.

ئۇ، بېيجىڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان بۇ كاتتا مېھمانخانىنىڭ 9 - قەۋەتتىكى ياتىقىنىڭ ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىسى ئالدىدا بۇ شەھىرى ئەزىمگە مەنزۇر بولۇپ يىراق - يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. بىردىنلا ئۇ بېشىدىن چىمەن دوپپىسىنى ئاستا ئالدى - دە، كۆچلۈك بىر مېھىر ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن: «ئاھ، ئۇيغۇرۇم، - ئاستا پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە، - سۆيۈملۈك خەلقىم، مەن زادى ساڭا قانچىلىك خىزمەت قىلالىدىم؟» بىردىنلا ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرى نەملەشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقا بىر دۇنيا زاھىر بولدى: ئەنە، لاتا ئاياغلىق، چۇقايلىق، مەسە كالاچلىق، ئۆتۈكلۈك، يالىڭاياغلىق، يۈز - كۆزىنى ساقال باسقان ئادەملەر ئېشتانلىرىنى تىزىغىچە تۇرۇۋېلىپ، تومۇز ئىسسىقتا شېغىل تاسقىماقتا، ماشىنىلارغا شېغىل ئۇسماقتا؛ گۈپۈلدەپ چۈشكەن ھەر يوغان كەتمەنلىرى بىلەن زېمىننى تىترىتىپ يول ئورنىنى كۆتۈرمەكتە؛ تەكشىلەنگەن يول يۈزىگە تاغار - چىپتىلاردىن شېغىل تۆكمەكتە... تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۈپۈققا تۇتاشقان بۇ يولچىلار قوشۇنى شۇ قەدەر جىددىي ۋە تەرتىپلىك. بىرەر ئادەمنىڭ بىخارامان تاماكا چېكىپ تۇرغىنىنى، موخوركا يۆگەۋاتقىنىنى ۋە ياكى پاراڭلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، كىشىنىڭ كىشىگە قارىغىلى، گەپ قىلغىلى چولىسى يوق.



ئۇمۇ ئاشۇ تەلپەكلىك، شاپاق دوپپىلىق دېھقانلار ئارىسىدا ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك خىزمەت فورمىسى، بېشىغا تەلپەك كىيىۋالغان بولۇپ، قۇرۇلۇشچىلار بىلەن بىردەم شېغىل تاسقىسا، بىردەم ماشىنىغا شېغىل ئۇساتتى؛ بىردەم قولىدىكى يۆگەلمە مېتىردا يول ئورنىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيتتى. كىيىۋالغان سىرىق

## ئۆرنەك

چۈقىيسىنىڭ ئىچىگە قوم - توپا تولغان بولۇپ، پۇتىغا پېتىپ ئاغرىتاتتى. پات - پات چۈقىيىنى سېلىپ ئىچىدىكى قوم - توپىلارنى تۆكۈۋېتىپ تۇرسىمۇ، يەنە تولۇپ تۇراتتى.

ئۇ، دېھقانلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ، ساقال بېسىپ كەتكەن چىرايلىرىغا، بۇ سۇسىز چۆلدە قاغجىراپ كەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە قاراۋېتىپ، قولىدىكى گۈرجەكنى يەرگە قويدى - دە، شىغىل كولاۋاتقانلارنىڭ توپىغا بېرىپ، ئاپئاق ساقاللىق بىر موسپىتنىڭ قولىدىكى جوتۇنى ئېلىپ شىغىل كولاشقا باشلىدى. . .



- تاك. . . تاك. . . .

ئىشىك چېكىلدى. ئۇ، قولىدىكى چىمەن دوپپىنى بېشىغا ئاستا كىيدى ۋە يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ كۆز چاناقلىرىغا ئولاشقان ياشلارنى تېزلا سۈرتۈۋېتىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

- غەيرەت چۇجاڭ، يۈرۈڭ، تاماققا چىقايلى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چې چۈكچاڭ ئىشىك ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

1995 - يىل 3 - ماي كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئايروپىلانغا چىقتى. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئۈزۈتىشقا چىققانلار ئۇلارغا يىراقتىن قول پۇلاڭلىتىشاتتى.

ئۇ، پايتەخت بېيجىڭدىكى ئالتە كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتى تەڭرىتېغىنىڭ بىپايان قوينىغا ئۇچۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزگىچە بىر تۇيغۇ ئىچىدە تەڭرىتېغىغا تەلپۈندى. يىلىغا 266 كۈن ئاسماندىن توپا يېغىپ تۇرىدىغان، تەكلىماكان قۇملىرىنىڭ تەھدىتى ۋە تاجاۋۇزىغا، شىددەتلىك قارا بورانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ھەر ۋاقىت ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاشۇ سۆيۈملۈك، مۇشەققەتلىك دىيارىغا تەلپۈندى. پايتەختتىكى بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن چاڭچېڭ، شىنخۇامېن، شىدەن كوچىلىرىنى، دۇنياغا مەشھۇر «ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى كەنتى» نى، «دۇنيا باغچىسى» نى كۆردى. سەلتەنەتلىك خەلق سارىيىنى ئېكسكورسىيە قىلدى. نەچچە يۈز مىڭ ئاما بىلەن بىرگە «1 - ماي» دىكى ھەيۋەتلىك دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. جۇڭگونسۇندىكى «يۇقىرى پەن - تېخنىكا كوچىسى» نى زىيارەت قىلدى. ھەر بىر جايغا بارغىنىدا، ئاشۇ ھەر بىر ياخشى پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولغىنىدا، ئەڭ بۇرۇن كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنى - شاپاق دوپپا ۋە تەلپەك كىيىپ، جاپالىق ئىشلەۋاتقان مېھنەتكەش دېھقانلار بولدى. ئۇلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئويلىدى. ئىلھامى قايناپ، خەلقىگە ئاتاپ «دوپپام»، «ئۇنتۇلماس كۈنلەر» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرلارنى يازدى.

پايتەختتىكى بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن بەختىيار دەقىقىلەرگە مۇيەسسەر بولدى: ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر يەر - ھەر يېرىدىن توپلانغان، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا جاپالىق ۋە نەتىجىلىك ئىشلەپ زەپەر قۇچقان 2873 نەپەر ھەر مىللەت ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە تۆھپىكارلىرى، جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى ئۆتكۈزدى. خەلق سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقتى، خان سارىيى، يىخېيۈەن باغچىسى، بېيخەي باغچىسى قاتارلىق داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەيلىگاھلارنى ئېكسكورسىيە قىلدى. كۆپ خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، زىياپەتلەرگە ۋە ئېكسكورسىيە-سەيلىلەرگە قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۆزىگە يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ، ھاياجان ئىچىدە كۆزىگە ياش ئالغانىدى. . .

## جەگىتالدىكى شېئىرلار ۋە 224 سوتكا

يول - مېنىڭ بەختىم، تۈگىمەيدىغان،
يول - مېنىڭ يارىم، ئايرىلمايدىغان.
يول - مېنىڭ ناخشام، ياڭراق، يېقىملىق،
يول - قورال، نەيزەم، قايرىلمايدىغان.

ئۇ، بۇ شېئىرنى قەلەمدە ئەمەس، يۈرىكىدە، ئەقىدە - ئېتىقادىدا؛ شائىرانە تۇيغۇسىدىلا ئەمەس، تومۇر - تومۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قايناق مۇھەببىتى بىلەن يازدى. دەرۋەقە، يول ئۇنىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىگە بىر - بىرىدىن رەڭدار گۈللەرنى چەككەن ئۇنتۇلغۇسىز تارىخ ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يوللاردا، چېدىر - بارگاھلاردا، بوران ھۇشقىتىپ تۇرىدىغان تاغ قاپتاللىرىدا، سۇسىز ، گىياھسىز چۆل - جەزىرىلەردە يېزىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەڭ جاپالىق ئىش ئورۇنلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى شېئىر ئىجادىيىتىدىمۇ چېنىقتۇرۇپ باردى. ئۇ، ھارغان - چارچىغان مىنۇتلىرىدا ھايات تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى سىڭگەن يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئارام ئالدى. ئۆزىگە تەسەللى، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە شىجائەت تاپتى. ئەنە شۇنداق قىيىن ۋە مۈشكۈل شارائىت ئىچىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ چىن مەنىسىنى ۋە ئاشۇ شېئىرلارغا سىڭگەن قايناق ھېسسىياتنى پەقەت جاپاكەش خەلقلا ھېس قىلالىسا كېرەك.

مەن ئۇ شېئىر يازغان جايغا، يەنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسى چاقار يېزىسىنىڭ جەگىتال كەنتىگە بارغان. جەگىتال ناھىيە مەركىزىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق يېزىنىڭ چەت بىر تاغ باغرىغا جايلاشقان كەنتنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ كەنت ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ساھەسىدە داڭق

چىقارغان چىرا - بويا تاشيولىنى ياساش جەريانىدىكى 224 كېچە - كۈندۈزلۈك ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە ھەمراھ بولغانىدى. مەن، 1994 - يىلى 8 - ئاپرېلدىن 18 - نويابىرغىچە چىرا - بويا تاشيول قوماندانلىق باش شتابىنىڭ چېدىرلىرى تىكىلگەن جايغا كېلىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدىم. بۇ يەر دوڭغاق جىگدە ۋە سۆگەتلەر بىلەن ئورالغان تاقىر بوشلۇق ئىدى. بوشلۇقتىن ئانچە يىراق بولمىغان شىمال تەرەپتە سۇيى بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە ئۆرلەپ تۇرىدىغان تاش تەگلىك دەريا، دەريانىڭ قارشىسىدا تاغ قاپتىلى بار ئىدى. بوشلۇقنىڭ يول تامان سوزۇلغان ئىككى بۆلىكىدە جەڭگىۋارلىقلارنىڭ پاكار سوقما تاملىق ئۆيلىرى، غىرىچقا يەتكۈدەك كۆكلىگەن قوناقلار كۆزگە چېلىقاتتى، قوماندانلىق شتابىنىڭ جەنۇبىدىكى يېگىدىن يۇتۇپ قاتناش باشلانغان ئاسفالت يولنىڭ بويىدا 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك داۋان قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. داۋاننىڭ باغرىدىكى شېغىل، تاش ۋە توپىلار ھازىرلا پەسكە يۇيۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەكلا تۇراتتى. يول بىلەن ھېلىقى بوشلۇق - داق يەر ئارىسىدا ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان تاش ئېرىقتا سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. خوتەن شەھىرىدىن بۇ يەرگىچە بولغان 200 كىلومېتىر، بۇ يەردىن چىرا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە مەركىزىگىچە بولغان 100 كىلومېتىر، بولۇپمۇ چاقار يېزىسىغىچە بولغان 36 كىلومېتىرلىق مۇساپىدە نۇرغۇن تىك داۋانلار، چۆل - جەزىرىلەر، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان قورام تاشلار، يانتۇلۇق ۋە تىكلىك دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى يانتۇ يوللار سوزۇلغان.

ئۇ، 1994 - يىلى ئىيۇندا جەڭگاھتا يازغان «مېنىڭ بەختىم يول بىلەن» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«يول ئىشقى قوزغار ھەۋەس - زوقۇمنى،
يولغا ئاتىدىم بارۇ - يوقۇمنى.
يول شەيداسىمەن، يول ھەمداسىمەن،
يول يېتىشتۈرگەن «مىجەز - خۇلقۇم» نى.

بويا ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇيۇل،
ئۇزاق قالمىدى يۇتىدۇ بۇ يول.
كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىغۇ مەنزىل،
ئەلنى شەرەپتە كۈتىدۇ بۇ يول.»

1994 - يىلىنىڭ 22 - نويابىرى. ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان چىرا ناھىيىسى چاقار يېزىسىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ئاشۇ يېزىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى چىرا، كېرىيە، نىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى بويا كۆمۈر كېنىغا تۇتاشتۇرىدىغان ھەمدە بۇ ئۈچ ناھىيىنىڭ بويا كۆمۈر كېنىغا بارىدىغان يولىنى بىراقلا 150 كىلومېتىر قىسقارتىدىغان بەخت يولى - چىرا - بويا ئاسفالت يول قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، قاتناش باشلانغانلىق غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ھەم چىرا ناھىيىسىدىن يېتىپ كەلگەن ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئاممىسىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى بۇ جايغا جەم

بولۇپ، داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

شادلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان جۈپ - جۈپ كۆزلەر مۇراسىم سەھنىسىگە تىكىلگەن، يۈرەكلەر ھاياجان ئىلكىدە سوقۇۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە مۇراسىم ۋاقىت تەرتىپى بويىچە، بەستلىك كەلگەن، كۆزلىرىدىن تەمكىنلىك ۋە شىجائەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان روھلۇق بىر كىشى سەھنىگە چىقىپ قىسقىلا سۆز قىلدى:

- ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، ئەمگەكچان، باتۇر، يول سۆيەرخەلقىمىزنىڭ جاسارەت بىلەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېچە - كۈندۈز جاپالىق كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا، 224 كېچە - كۈندۈزدە چىرا - بويا ئاسفالت يول قۇرۇلۇشىنىڭ 150 كىلومېتىرلىق يول قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىدۇق. ياشىسۇن يول سۆيەر ئۇلۇغ خەلق!

ئۇنىڭ قىسقا ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بۇ سۆزى مۇراسىم قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ كىشى - چىرا - بويا تاشيول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمىزنىڭ باش قەھرىمانى - غەيرەت ئابدۇللا ئىدى.

- مەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزدىكى 1 مىليون 500 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن چىرا - بويا تاشيولىنىڭ يۇتۇپ قاتناش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. مەن رەھبەرلەرنىڭ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك قوللىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

خوتەن تاشيول قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوللاۋاتقان بۇ كىشى - چىرا - بويا تاشيول قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جورئەت مۇھەممەتئىمىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەبرىك سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ قىزغىن چاۋاك - ئالقىشلار ياڭرىدى. ئارقىدىنلا تەكلىپ بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن سالماق قەدەم تاشلاپ، مىكروفون ئالدىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

- مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن چىرا - بويا تاشيولىنىڭ يۇتۇپ قاتناش باشلانغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە بۇ تاشيولنى ياساشقا قاتناشقان كادىرلار ۋە ئاممىدىن سەمىمىي

ھال سورايمەن. چىرا - بۇيا تاشيولىنى ياساشقا قاتناشقان كادىرلار ۋە خەلق ئىشچىلىرى مەيلەغ قىس، تېخنىكا كۈچى كەمچىل بولۇشتەك قاتمۇ قات ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر چىرا - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايون تاشيول قۇرۇلۇشى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ بىر مۆجىزە. چىرا - بۇيا تاشيولى - خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بەخت - سائادەت يولى. بۇ يولدا قاتناش باشلانغانلىقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆمۈر جىددىيلىكىنى پەسەيتىپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

غەيرەت ئابدۇللا 1994 - يىلى ئۆكتەبىردە جەڭگاھتا يازغان يەنە بىر شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى يولغا باغلاپ مۇنداق يازىدۇ:

«بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپلا يۈگۈگىمدىن -
چىقماي تۇرۇپ ‹ئات قويدى›[①]دا يولغا باقتىم. . .
ئۆمۈلەكلەپ يولغا چىقتىم. . . يولدا كۈلۈپ،
يولدا ئويناپ، يولنى بويلاپ، يولدا چاپتىم.

يەتتە ياشتا بوغچا ئېسىپ، تەم - تەم مېڭىپ،
بەلبېغىمغا چۈشلۈك ناننى يۆگەپ، تېڭىپ،
ئەقىل ئىزدەپ، بىلىم كۆزلەپ، مۈشكۈل يېڭىپ،
‹ياخشى - يامان› مىزاننى يولدا تاپتىم.

ساق ئونبەش يىل تىنماي ماڭدىم، پىيلىشىمدىم،
ئەلا ئوقۇپ ساۋىقىمدىن ئېلىشىمدىم،
داشۆگىچە باردىم - خەقتىن قېلىشمىدىم،
پىيلىشمىغاچ ئۆز بەختىمنى يولدا تاپتىم.

تۈنجى سۆيگۈ لەززىتىنى سۇرۇپ بۇندا،
ئالەم نېمە؟ ئادەم نېمە؟ . . . كۆرۈپ بۇندا،
نەۋقىرانلىق جۇرئىتىدە يۈرۈپ بۇندا،
نۇرغۇن سىرلار جاۋابىنى يولدا تاپتىم.

سۆتتەك ئايدىڭ، ئاي مېھرىلىك قارىغاندا،
جىمى جانغا يارنىڭ ئىشقى تارىغاندا،
ئوتلۇق كۆزلەر بىر - بىرىگە يارىغاندا،
بىر ئۆمۈرلۈك دىلدارىمنى يولدا تاپتىم.

تۈنجى سەھەر، خىزمەت ئورنى كۈتتۈۋالدى. . .
تۈنجى مائاش ئىمزايىمنى پۈتتۈۋالدى،
يولنىڭ ئىشقى دىل مەيلىمنى ئۇتتۇۋالدى،
شىجائەتنى، ئىقتىدارنى يولدا تاپتىم.

چۆل - جەزىرە، تاغدا يۈردۈم ئون يىل ئۇدا،
ئاۋام ئۈچۈن قىلاي مەن دەپ بۇرچنى ئادا،
قىينالسامۇ ئاش - تاماقتا ھەتتا سۇدا،
ئەمىر - تۆھپە ساۋابىنى يولدا تاپتىم.

سىرتتا يۈردۈم، ئۆيدە ئايال، قىزىم قالدى،
يەتتە ئايماق، بىر شەھەر ② دە ئىزىم قالدى،
ئاسفالت يول ھەققىدە كۆپ نەزمىم قالدى،
تەمەنناسىز نەزمىلەرنى يولدا تاپتىم.

‹نەۋ ئاباد، تىن③ يېيىقىچە ④ ماي يېيىتىپ،
يول بەھرىدە ئەل - ئاۋامنى بىر يېيىتىپ،
موھتاجلىقنىڭ كۆلچىكىنى راست لېيىتىپ،
ئۆلسەم مەيلى!›، دېگەن روھنى يولدا تاپتىم.

‹بۇيا يولى - ئەلڭ قىيىن يول، تۈگەي دېدى،
ئىسلامئاباد، تەۋەككۈللۈق ⑤ ئۆگەيمىدى؟
شۇ تەرەپكە ئەمدى چولام تېگەي دېدى،
كېلەر يىلى، قەتئىيەتنى يولدا تاپتىم.

يولدا چېپىپ، يولدا كۆيۈپ يۈرۈپتىمەن،
قىشتا توڭۇپ، ياز - تومۇزدا ئېرىپتىمەن،
يولنى چۈشەپ ھېرىپتىمەن، قېرىپتىمەن،
ئەلنىڭ دۇئا - رەھمىتىنى يولدا تاپتىم.

مەيلى خاقان، مەيلى گاداي يولغا قارام،
يول بولمىسا، ئىنسانلارغا نەدە ئارام،
‹يول ياسىماق ئۇلۇغ ساۋاپ، بۇزماق ھارام›،
مەن مۇشۇنداق ئەقىدىنى يولدا تاپتىم.

تاپتىم - تاپتىم، يولدا ھۆرمەت - ئىززەت تاپتىم،
يولدا ئالقىش، يولدا شەرەپ، لەززەت تاپتىم،
‹مۇسۇلمانغا ھەج قىلماقلىق پەرز›، ئىكەن،
بۇ ‹پەرز› نىڭ ساۋابىنى يولدا تاپتىم.»

ئۇ، ئۆز شېئىرىدا ئېيتقاندەك، ياخشى - يامانلىق مىزاننى، بەخت ۋە سىرلارنىڭ جاۋابىنى، بىر ئۆمۈرلۈك دىلدارىنى، ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى شىجائەت ۋە ئىقتىدارنى، تۆھپە - ئالقىشلارنى يولدىن تاپتى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈنىمۇ، بۈگۈنىمۇ يول مۇھەببىتىدە ئۆتتى. ھايات مۇساپىسى يول بىلەن چەمبەرچەس باغلاندى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىك، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن بۇنداق تۇرمۇش قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغانغا كەلمەيدۇ. ئۇ، جاپالىق ئىزدىنىش، قىيىنچىلىق ئىچىدە قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە پەم - پاراسەتنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. نامراتلىق - غۇربەتچىلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خوتەن خەلقى ئىزدەندى؛ بېيىش ئۈچۈن يول ياساشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى، يوللار راۋان

① «ئات قويدى» - خوتەندە بالىغا ئىسىم قويۇش مەرىكىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ. ② يەتتە ئايماق، بىر شەھەر - خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر. ③ نەۋ ئاباد ④ يېڭىق ⑤ ئىسلامئاباد، تەۋەككۈل - جاي ئىسىملىرى.

بولغاندا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ، باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. خوتەن ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ساخاۋەتلىك نام - شەرىپى بىلەن يىراق - يېقىنلاردا داڭق چىقارغان، پۈتكۈل زېمىنى گۆھەرگە تولغان ياخشى يۇرت. ئۇنىڭدىكى بايلىقلارنى ئېچىش، سودا، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يول كېرەك. شۇڭا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىرا - بۇيا تاشيولىنى ياساشنى ئۇزاقتىن بۇيان تەشنالىق بىلەن كۈتكەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايون ھەم خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار تارماقلار چىرا - بۇيا تاشيولىنى ياساشنى پىلانلىغان، 1958 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم بۇ يولنى ياساشقا تۇتۇش قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يولنىڭ يەر شەكلى خەتەرلىك، يول شارائىتى ئىنتايىن ناچار، يول ياسىلىشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بەك يۇقىرى، مەبلەغ قىس، تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولۇشتەك ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يولنى ياساش ۋە ئۇنىڭغا ماي ياتقۇزۇش ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى. لېكىن، سەۋەبلەر ئىچىدە باشنى ھەممىدىن بەك قاتۇرىدىغىنى - بۇ يولنى ياساشقا كېتەرلىك 44 مىليون يۈەن مەبلەغ مەسىلىسى ئىدى.



چىرا - بۇيا تاشيولىنى ياساش - خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىدىن ئىدى. ئادەتتىكى نورمال سۈرئەت بىلەن ئىشلىگەندە، ئۇنى پۈتكۈزۈشكە بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. گەرچە بۇ يول قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىگەنىدى. مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىدى، دەپ كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى قۇرۇلۇشنى باشلىۋېرىش كېرەكمۇ؟

ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە كېچە - كۈندۈز باش قاتۇردى. ئەگەر ئادەمدە پاراسەت ۋە غەيرەت - شىجائەت بولسىلا دۇنيادا يەڭگىلى بولمايدىغان ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. ساقلاپ تۇرۇش پايدىسىز. خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى - ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن مۇقەددەس پەرمان. كۈتۈپ تۇرۇش بىچارىلىكنىڭ ئىپادىسى. ئاۋۋال دادىل قۇرۇلۇش قىلىشقا ئاتلىنىپ، ئاندىن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. ئۇ ئاخىر ئاشۇلارنى يەكۈنلەپ چىقتى ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، دەرھال ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى لى جيەنجۇڭ ۋە ھازىرقى ۋالىي جۇرئەت مۇھەممەتئىمىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پىلان - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئېيتتى. ئىككى رەھبەر يولنى ياساشقا دەرھال قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن دادىل ئىشلەپ، قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ يول قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلۇشى ۋە ئۇنى قوللىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن زور مەدەت ۋە ئىلھام بولدى.

1994 - يىلى 8 - ئاپرېل. جەگىتالدىكى قوماندانلىق شتابى قىلىنغان چېدىر ئالدىغا چىرا - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇشى خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر قايسى ئىش تۈر، ھالقىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىلغان بولۇپ، چىرا - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. يول قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى غەيرەت ئابدۇللا ئىش كىيىمى كىيگەن بولۇپ، ئۇ، ۋەزىپە كۈتۈپ ئولتۇرغان 20 ئىش رايونى مەسئۇللىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن جىددىي، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا سۆز باشلىدى:

- خەلق بىزگە ئىشىنىپ بۇ يولنى ياساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بىز خەلقنىڭ پەرزەنتى، ئۇمىدى. شۇڭا، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، بۇ يولنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈشىمىز كېرەك. ناۋادا يولنى بۇ يىل ئۆز قەرەلىدە پۈتكۈزەلمىسەك، مەن يا ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىمەن، يا كوئىنلۇن تېغىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن. بۇ يولنى پۈتكۈزمەي، مېنىڭ تاغدىن چۈشۈپ خەلققە قارايدىغان يۈزۈم يوق. ھازىردىن باشلاپ رەسمىي ئىش باشلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ يولنى تېز ئارىدا پۈتكۈزۈپ، خەلقىمىزنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن جاۋاب بېرەيلى.

زور كۆلەملىك بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈلدى. پوجاڭزىلارمۇ ئېتىلمىدى. كۆپ داغدۇغىمۇ قىلىنمىدى. مۇراسىم باشلانغاندىن تارتىپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر پەقەت بەش مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى. چۈنكى ئۇ ئاز سۆزلەپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، ۋاقىتقا ھەر ۋاقىت ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارايدىغان كەسكىن ئادەم ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دېڭىز يۈزىدىن 2500 - 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، ھاۋاسى شالاڭ ۋە ئۆزگىرىشچان، سۇيى قىس بولغان بۇ زېمىندا چىرا - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ مارشى ياڭرىدى. ئەسىرلەردىن بېرى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان بۇ تاغ - جىرا،

ئېگىزلىك توپىلارنى شىددەت بىلەن تۇرتۇپ يۈتكەۋاتقان تونىا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل، يول تۈزلەش، چىڭداش ماشىنىلىرى، كىرانلارنىڭ ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۇنىڭ «تاغلار غايىب بولدى بىر - بىرلەپ» ناملىق شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى:

«مەغرۇر تاغلار، گىدەيگەك تاغلار،
دەسلىپىدە تۇردى كېرىلىپ.
يول قوشۇنى چۈشكەندە جەڭگە،
بەلنى پۈكتى ئارتقا سىيرىلىپ.

كۆرەڭ تاغنىڭ يىتتى ھەيۋىسى،
تازىم بىجا قىلدى تىزلىنىپ.
قورقتى بولغاي مەردلەر قولىدا
كېتىشىدىن يوقاپ - تۈزلىنىپ...

ھەر داۋاننىڭ بويىدا سىرتماق،
ھەر قاپتالنىڭ كۆكسىدە كامار.
ھەر پىلتىگە يېقىلغاندا ئوت،
قورام تاشلار قىلىندى تارمار...

تاغلار غايىب بولدى بىر - بىرلەپ،
«گۈمبۈر!» قىلغان سادا بىلەن تەڭ.
ياقىسىنى تۇتتى كائىنات،
كۆرمىگەچكە بۇرۇن بۇنداق جەڭ...»

يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بەكمۇ ناچار بولۇپ، ئۈزۈلمەي بوران چىقىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم بوران چىققاندا ئىش ئورۇنلىرىدا ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىنى پەرق ئېتىشمۇ



تەسكە توختايتتى. قۇلاقلار ئېتىلىپ، كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇم - توپىلار يۈزلەرگە ھەدەپ ئۇرۇلاتتى. بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىمۇ ئېتىلىپ، تىنىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. يول قۇرۇلۇشىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان شېغىل 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. يول ياسىغۇچى دېھقانلار، كادىرلار ۋە ئىشچىلار سۇ قىس، ھاۋا شالاڭ بولغان بۇ زېمىندا يەرنى سىلىنجا، ئاسماننى يېپىنجا قىلىپ داق يەردە يېتىپ - قوپۇپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، قۇرۇق نان يەپ ئىشلىدى. تاغلارنى تەشمە تېشىپ پارتلاتتى. بۇ ئىش ئورنى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا مۇنداق تەسۋىرلەندى:

«كۆك ئاسمان يېپىنچا، قۇملۇقلار كۆرپە،
قورام تاش پەر ياستۇق، تاغلار سايىۋەن.
سەككىز ئاي ياشىدۇق دەشتى داۋاندا،
جاپانى تەڭ تارتىپ بۇندا ھەممەيلەن.

تەڭ ئۇرۇپ بازغاننى چېقىل كۆكسىگە،
تاشلارنى يۈتكىدۇق ئۈشنىگە ئارتىپ.
تەڭ كۆيدۇق، تەڭ توڭدۇق، تەڭ ئورۇقلىدۇق،
تەڭ كۈلدۇق، پۈتتى يول ھەۋەسنى تارتىپ.

ياھ، مانا ماي چاچتۇق ھاپاندوكقىچە،
چىغىرنىڭ ئورنىدا مەخمەل پاياندار.
چاقىرىم قېپقالدى ئاخىرى مەنزىل،
يېتىمىز چېتىنگە قىلماق بىر پەرۋاز.

بەزى چاغدا ئىچكۈدەك سۇ تېپىلمىدى،
بەزى چاغدا ئىچەلمىدۇق ھەپتىلەپ ئاش.
يېيىشىمىز قۇرۇق زاغرا، قېرىشتى چىش،
ئۇنتۇپ كەتتۇق گۈش نېمە يۇ - نېمە ئوتياش.

جان قىينالدى سايداشقا ئورۇن چىقماي،
ھېلى بوران، ھېلى يامغۇر قىلدى بوزەك.
پەسلى يازدا توڭلاپ تەننى باستى تىترەك،
تىغ كۆرمىگەچ چاچ - ساقاللار شۇنچە ئۆسەك.

قاش - قاپاقنى ياردى شېغىل، تېشىلدى قول،
چاناقلارغا قۇم تىقىلدى، كىرلەشتى تەن.
ئەمما، ھېچكىم ۋايسىمىدى، چېكىنمىدى،
مەدەت بولغاچ ئانا ۋەتەن - مۇلكى خوتەن.

يول ئىشقىدا يانغان يۈرەك - سادىق يۈرەك،
تەبئەتكە ئېلان قىلىپ جەڭنامىنى،
بىھېساب قان - تەردە يېزىپ داستان،
مانا ئاخىر پۈتكۈزدى يول يادنامىنى...»

تاغلاردىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قورام تاشلارنىڭ سادالىرى يەر - زېمىننى تەۋرىتىپ، يۈرەكنى جىغىلدىتاتتى. تاغلارنى پارتلىتىش جەريانىدا بىر نەچچە كىشى بەختكە قارشى قازا تاپتى. غەيرەت ئابدۇللا جىددىي، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە ئىشلارنى تەرتىپلىك، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرەتتى. ئۇ بىر دەم قوماندانلىق شتابىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى يولغا سالسا، بىردەم بۇيا قۇرۇلۇش لىنىيىسىدىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، كۆزدىن كۆچۈرەتتى؛ بىردەم شېغىل توشۇغۇچى ماشىنىلارنىڭ، يول تۈزلىگۈچىلەر، شېغىل چاچقۇچىلار، ماي ياتقۇزغۇچىلارنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

«يولدا يېتىلدى قانات - پەرلىرىم،
يولغا چېچىلدى قېنىم، تەرلىرىم.
بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تاپقان مۇلكۈم - يول،

دېمەك، يول مېنىڭ پۇلۇم، زەرلىرىم. . . »

ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەنە شۇنداق ئىشلىدى، تاشيول قۇرۇلۇشىنىلا ئويلىدى. يولنى بايلىق ۋە مال - مۈلۈك، پۇل ئورنىدا كۆرۈپ قەدىرلىدى. ھاردۇقى يولنى كۆرگەندە چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىش ئورنىدىلا يېتىپ - قوپتى. نەچچە ئايلاپ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسمىدى. ئايالى، بالىلىرى نەچچە قېتىم دەرۋازىسى ئالدىدا پىكاپ توختىغاندا، ئۇنى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئەمما، ئۇ بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چىرا - بۇيا تاشيولى ئىش ئورنىدا جاپالىق ئىشلەۋاتقان بولاتتى.

1994 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان پىلان يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا دەرھال خوتەنگە قايتتى. ئۇ، ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ھېرىپ - چارچىغىنىغىمۇ قارىماي، ئۆيىگىمۇ بارماي، ئۇدۇل چىرا - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا بېرىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان تالاي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى.



بىر قېتىم ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى ئۇنى يوقلاپ خوتەن شەھىرىدىن ئىش ئورنىغا كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى جاپالىق قۇرۇلۇشنى ۋە قىيىن شارائىتنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، بىر قاراشتا پۈتۈنلەي توپا ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. . . تاشيول قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت، تۇرمۇش داۋامىدا ئۇ رېماتىزم، يۈرەك كېسىلى، ئۆت خالتىسى ياللۇغى، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزى يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مىللىي تىبابەت دورىلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، ئاغرىق تۇتقاندا ئىچتى. كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بەردى. ھەر قېتىم دوختۇرلار تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى ياكى ئىسپىراپكا يېزىپ بەردى. ئەمما ئۇ بالنىستتىمۇ ياتمىدى. ئىسپىراپكىلارمۇ يانچۇقىدا قېلىۋەردى. دورا ئىچىپ يەنە تاشيول قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا: «ئادەمگە سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم، كېسەللىرىنى داۋالىتىپ، ئۆزلىرىنى ئاياشقا دىققەت قىلسىلا» دېگەندە، ئۇ: «ھازىر يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن جىددىي پەيتى. پارتىيە ۋە خەلق ماڭا ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئىشنىڭ مۇنداق جىددىي پەيتىدە مەن قانداقمۇ ئىش مەيداندىن ئايرىلالايمەن» دېدى ۋە خىزمەتنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇردى. چىرا - بۇيا تاشيولى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قىزىنىڭ توي تەييارلىقى پۈتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ، توينى ۋاقتىدا قىلىۋېتىشىنى ئېيتتى. بىراق ئۇ: «ئاۋۋال يولنى پۈتكۈزۈۋالىلى، تويغائاندىن تۇتۇش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. توي شۇنىڭ بىلەن ئارقىغا سۈرۈلدى. . .

224 كېچە - كۈندۈزلۈك جاپالىق كۈرەش داۋامىدا، بۇ يول قۇرۇلۇشىغا 920 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 480 مىڭ كۇب مېتىر تاش - شېغىل، 300 مىڭ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى. پۈتكۈل يول مۇساپىسىگە 480 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بەش چوڭ كۆۋرۈك سېلىندى. 50 سۇگۈچ ياسالدى. 10 كىلومېتىردىن ئۇشۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. بۇ تاشيولنىڭ دەرىجىسى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك تاشيولى بولۇپ، ئاپتونوم رايون پىلانلىغان ئۈچ يىلدا پۈتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى يەتتە ئاي 10 كۈندە پۈتتۈرۈپ، دۆلەتكە 60 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ بەردى. بۇنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە!

ئۇ، كۈندۈزلىرى ئەنە شۇنداق جاپالىق خىزمەت ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا تىنىم تاپماي، جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلىسە، ئاخشاملىرى جىنچىراغ يورۇقى ياكى ئاجىز لامپۇچكا نۇرى ئاستىدا قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇنىڭ قەلىمى قايناق ئىش مەيدانىدىكى ھارغىنلىقنى ۋە جىددىيلىكنى تۆكتىپ، ھەقىقىي ھاياتنى كۆچكە ئىگە گۈزەل مىسرالارنى تەۋەللۇت قىلدى. ئۇنىڭ جەڭگاھتالدىكى چېدىردا يازغان شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

ئاپرېلدا سەپەر قىلدۇق چاقار غا بىز،
ماشىنىلار ئۇچاتتى شامالدىنمۇ تېز.
چەكسىز كەتكەن يىلان باغرى يوللار ئۈستىدە
قالار ئىدى كۈندە كۆرمىگ نەقىشلىق گۈل - ئىز.

. . . . . . . .

سۆگەت، جىغان، گۈل - گىياھلار چاۋاك چېلىپ،
«خوش كېلىپسىز» دېدى، قىزغىن قارشى ئالدى.
چېدىر تىكىپ بۇندا «خانە» راسلىدۇق بىز،
شۇندىن بېرى تاغنىڭ باغرى ئۆي بوپ قالدى.

«باھاردىكى سەپەر»

يول شەيداسى - قۇرغۇچىمەن، يولچىمەن،
تەر - ئەجرىمدە بولسا دەيمەن يۈرت چىمەن.
پۈتسە ئۆمرۈم يولدا قىلچە زارىم يوق،
يول ئىشقىدا كۆيۈپ - پىشىپ ياشايمەن.

«يول چۈشەيمەن»

دەريانىڭ بويىغا، تاغنىڭ باغرىغا،
يىل بېشى - باھاردا تىكىلدى چېدىر.
شۇ چېدىر ئۈستىگە سەككىز ئايغىچە
ئۇرۇلدى شىۋىرغان، تۆكۈلدى مۆلدۈر.

. . . . . .

ياسىلىپ تۈگىدى يۇپانىڭ يولى،
چۇۋۇلۇپ، قاتلاندى چېدىرنىڭ رەختى.
شۇ چېدىر ئالدىدىن ياسالغان - ئۆتكەن،
بىلىسىڭىز راۋان يول - تاغلىقلار بەختى.
«چېدىر ئەسلىمىسى»

بىر قەدەمدىن، بىر قەدەمدىن پۈتتى بۇ يول،
سىلجىپ ھاردۇق چاقاردىن تا ماپاندوكقا.
بۇيادىكى كان ئېغىزى بولدى زاھىر،
يېتتى كۆزدىن ئەڭ ئاخىرقى كۆزەڭ چوققا.
. . . . . .
بولغىنى زور بەخت، شۇنداق مەردلەرنىڭ،
ئۇلارسىز تاغ يولى بولامتى راۋان.
يول سۆيەر خەلققە يۈزمىڭ تەشەككۈر،
يادلانغاي تۆھپە - شان زاماندىن زامان!...
«يەتتۇق ئاخىر مەنزىلگە»

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ يول ياساش ئەمگىكى داۋامىدىكى ئاجايىپ مۇشەققەتلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىر - بىرلەپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەگىتالدا يازغان شېئىرلىرىغا جەگىتالدا ئۆتكەن 224 كېچە - كۈندۈزنىڭ تارىخىي مەزمۇنى سىڭگەن بولۇپ، ئۇ نادىر شېئىرلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بولۇپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەھرىمانىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق بىر رەھبىرىي كادىرغا خاس خىزمەت ئىستىلىغا، خەلق سۆيەر، ئەل - يۇرت سۆيەر ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە ئادەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شائىرانە تەپەككۇرغا ئىگە بىر قابىل زىيالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## ياشىسۇن يول سۆيەر ئۇلۇغ خەلق!

ئۇ، «ئوخشاپ قاپسەن دېھقانغىلا...» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«يارىشىپتۇ كىيىۋالغان بوز تەلپىكىڭ،
ئوخشاپ قاپسەن دېھقانغىلا، - دېدى بىرسى.
بۇ ئوخشىتىش ياقتى ئەجەب، شۇندىن بېرى -
باشتىن ئالماي كىيدىم ئۇنى - ئۈستى كۈرسى.

شۇ دېھقانغا ئوخشىغىنىم - بەختىم مېنىڭ،
چۈنكى دېھقان ئەۋلادىمەن، پۇشتۇم دېھقان.
دېھقان يۇرتى - مېنىڭ يۇرتۇم، بۈگۈنۈمنى -
شۇلار بەرگەن، شۇنىڭ قېنى تەندە ئاققان.

سوغۇق سۇمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپىدىكەن،
ئۆز نەسلىدىن ياتلاشسا كىم ئۆمرى تامام.
«ئانا» دەيمەن، «دادا» دەيمەن دېھقانلارنى،
ئارزۇ ماڭا دېھقان سۈپەت ئۆتمەك داۋام!»

ئۇنىڭ ئاتىسى قەشقەر پەيزاۋاتلىق ئوقۇمۇشلۇق دېھقان بولۇپ، غەيرەت ئابدۇللانىڭ قەلبىگە دېھقان ئاتىلارنىڭ مۇبارەك ئوبرازى كىچىكىدىنلا ئورنىغانىدى. ئۇ، پەيزاۋات يېزىلىرىدا ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولدى. سەھرانىڭ ئېتىز - قىرلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، توپىلىق يوللىرى ئۇنىڭ بەردەم، ئاق كۆڭۈل ۋە تىرىشچان بىر ياش بولۇپ يېتىلىشىگە پۇختا ئۇل سالغانىدى. كونا كىيىملەرنى كىيگەن، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزلاردا دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھارغىن ۋە جاپاكەش دېھقانلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان نۇرانە سۈپەتتە پەيدا بولاتتى. ئەسكى ناملىق ھويلىلار، كىرسىن چىراغلىق ئۆيلەر، كاتاڭ، توپىلىق يوللار، ئۈستىبېشىدىن توپا - چاڭ كەتمەيدىغان دېھقان ئاتىلار... ئۇنىڭ دېھقانغا بولغان كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى، چەكسىز مۇھەببىتىنى ئويغاتقانىدى.

ئۇ، پەيزاۋاتنىڭ مىشا يېزىسى يېڭىتام كەنتىدە، ئاشۇ خىل مۇھىت قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، ھاياتىنىڭ 18 - پەسلىنى 1962 - يىلى سېنتەبىردە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا باشلىۋەتتى. ئۇ، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكتەپتىكى چاسا دېھقانچىلىق مەيدانىدا چېنىقتى. شىنجاڭ ئاپتوموبىل - ترانسپورت 7 - شىركىتىدە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە كۆپ خىل خىزمەت ۋە ۋەزىپىلەردە بولدى. 1985 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغاندا، ئۇ تۇنجى بولۇپ بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.


ئون يىل، ئېيتماققا ئاسان، بىراق باشتىن كەچۈرمەككە كۆپ ئۇزۇن تۇيۇلىدىغان بۇ ئون يىلدا ئۇ ئىزچىل تۈردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ۋە ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىدى.

سۆيۈملۈك خوتەن دىيارى ۋە بۇ دىياردىكى 1 مىليون 500 مىڭ خەلق ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ، قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، خوتەندە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تومۇرىدا بۇ ئىككى قەدىمىي دىيارنىڭ قېنى ئۆركەشلىدى. بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ مودا سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تىلىدا «لىق» - «لىك» قوشۇمچىسى، دىلىدا يۇرتۋازلىق خاھىشى مەۋجۇت بولمىدى. ئۇ 1991 - يىلى ئۆكتەبىردە كېرىيە ناھىيىسىدە يازغان مۇنۇ شېئىرىدا، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى روشەن ئىسپاتلىدى:

«ئانام - ھاۋا
ئاتام - ئادەم،
ئۇيغۇر نەسلىمەن،
يۇرتۇم - مىشا - پەيزاۋاتتىن،
سەھرا بالىسى...
شۇڭا، لەۋزىم ئۇيغۇردەك ھالال،
دېھقان چىراي،
سەھرا مىجەز،
ئەلپازىمدا پۇشتۇمنىڭ تۇسى.
ئۇيغۇر ئوغلىمەن،
تىنىقىمدىن پۇرار ئاشكۆكى،
جاۋغىيىمدىن قوغۇن شەربىتى...

ئۇنتۇمىغاچ ئۇيغۇرلۇقۇمنى،
ئاتىغاچقا يۇرتۇمغا مۇتلەق،
جىسمىمدىكى بارۇ - يوقۇمنى؛
لۇغىتىمدىن تېپىلماس ھەرگىز،
يۇرتۋازلىق خېتى؛
«لىق» - «لىك» دەيدىغان
بىرلىك مىتىسى،
تۇمۇرنىڭ دېتى.
بىر ئانا،
بىر دادىنىڭ پۇشتى ھەممە جان،
نەد يۇرسۇن،
نەدە تۇرسۇن،
ئەمەس يېگانە،
ھەرگىزمۇ يات ئەمەس ھېچقاچان.
شۇڭا دەيمەن خوتەن - پەيزاۋات،
پەيزاۋات - خوتەن
بەرى ئوخشاش قەدىرلىك ۋەتەن!»

ئۇ، خوتەنگە مۇھەببەت باغلىدى، خوتەن دېھقانلىرىغا مۇھەببەت باغلىدى. ئۇنىڭ باللىقتىكى سەبىي قەلبىدىن ئورۇن ئالغان دېھقانلارغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاتناش باشقارمىسىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىگە باردى. بارغانلا يەردە دېھقانلار بىلەن سىرداشتى، مۇڭداشتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاڭلىدى. خەلقنىڭ نامرات - كەمبەغەل ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. خەلقنى بېيىتىش، خوتەننى بېيىتىش كېرەك! پارلاق قەدىمىي مەدەنيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ يۇرتنى بۈگۈنكى زامان تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يۇرتتا مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ قالاق، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن ئىلغار - زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئۆتۈش؛ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بۇ يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ سەيلە - ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خوتەننىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، باغ - بوستانلىقلىرىنى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت جەۋھەرلىرىنى، تەبابەتچىلىك مۆجىزىلىرىنى، ساپ ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى باشقا يۇرتلارغا، جاھاننىڭ ھەر يەر - ھەر يەرلىرىگە بىلدۈرۈش ۋە تونۇتۇش كېرەك.



ئۇ، ئاشۇلارنى قانچە - قانچە قېتىملاپ ئويلىدى، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. «ھەممە تارماقلار ئۆز ساھەسىدە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك» - بۇ يەكۈن ئۇنىڭ مېڭىسىدىن زادىلا نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ خىزمەت ساھەسى قاتناش - ترانسپورت ۋە ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشى بولغانىكەن، دېمەك، ئۇ شۇ ساھەدە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەكتە. ئۇ، ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشىدىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە بىر نەچچە ئاي مەخسۇس بۇ ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى خاتىرىلەپ ماڭدى، ھەر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلىدى، خەلقنىڭ رايىنى ئاڭلىدى ۋە ئاخىر ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات يېزىپ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە سۇندى. دوكلاتتا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار يوللىرىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى، تاشيول مۇساپىسى، تاشيوللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي مۇساپە ۋە تاشيوللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەرتىپلىرى ئەمەلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ دوكلات مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتتى.

خوتەن خەلقى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن «يول ۋالىيسى» دەپ تەرىپلەنگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان غوپۇر ئابدۇللا خوتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە خوتەن خەلقىنى بېيىتىشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ستراتېگىيىلىك پىلانى ئۈستىدە بالدۇرلا باش قاتۇرۇپ، «بېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال يول ياساش كېرەك» دېگەن توغرا يەكۈنگە ئاساسەن، بۇ خىزمەتنى باشلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدىلا قاتناش باشقارمىسىنىڭ

باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن بۇ كىشىنىڭ پىلانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە دەرھال تۇتۇش قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشىنى تورلاشتۇرۇش قارارىنى بېكىتتى ھەمدە جاي - جايلارنى سەپەرۋەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدە ناھىيە، يېزا - بازار تاشيوللىرىنى تورلاشتۇرۇش جېڭى باشلىنىپ كەتتى. بۇ جەرياندا خوتەندىكى كادىر ۋە خەلق ئۆزىنىڭ قەيسەر، چىداملىق، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماس روھىنى جارى قىلدۇرۇپ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىشلارنى قىلدى. غوپۇر ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيە، يېزا - بازار، كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە خەلقى كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھەر ساھە خىزمەتلەرنى ئۆز قەرەلىدە نەتىجىلىك ئىشلىدى. تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇل چىقاردى، كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشمىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى. يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھامان تەييار تۇرۇش، يولنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش ۋە يولنى قەدىرلەش ئېڭى ئاۋام پۇقرالارغىچە سىڭىپ باردى.

ئۇ، يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا دېھقانلار ۋە ئىشچىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالاندى. زاغرا ۋە ئوماچ، سۇيۇقئاش ۋە باشقا گۆشسىز قورۇما ھەم تاماقلار ئۇنىڭ مەززىلىك تامىقى بولدى. ۋىلايەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورۇنلىرىغا ھال سوراپ كەلگەنلەر ئېلىپ كەلگەن گۆش، قاتلىما، سۈت، تۇخۇم ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى.

ئۇ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا خەلقنى ئويلىدى، خەلقنىڭ غېمىنى يېدى. خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقتى. 1994 - يىلى 11 - نويابىردا ئۇ چىرا - بۇيا تاشيولىدا ئىشلەۋېتىپ، بىر دېھقاننىڭ قاتتىق سوغۇقتىمۇ دوپپا بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسىدىكىلەر 350 يۈەنگە ئېلىپ چىقارتقان بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى. ئۆزى ئىش مەيدانىدا ھەر ۋاقىت يېنىدىن ئايرىمايدىغان دېھقان تەلپىكىنى كىيدى. شۇ مەيداندىلا يەنە ئۆزىنىڭ تۆت كۆڭلىكىنى، ئۈچ قۇر كىيىمنى يېلىڭ كىيىنگەن دېھقانلارغا بېرىۋەتتى.

1991 - يىلى ئۇ چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىدا يول قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ناھىيە ھاكىمى يالقۇن قادىردىن بۇ يېزىنىڭ تاغ تېشىپ سۇ ئۆتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان دېھقانلىرىنىڭ نەچچە ئايدىن بۇيان ئوبدانراق بىر ۋاق تاماق يېيەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ دېھقانلارنى يوقلىدى ۋە نەق مەيداندىلا ئۇلارنىڭ تاماق ياردەم خىراجىتى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بەردى.

يول قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇ، يول بويىدىكى ئورمانلارنى ئىمكانقەدەر بۇزماسلىقنى، خەلقنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى چاقماسلىقنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپ ئىگىلىمەسلىكنى، ئازراق ئەمگەك بىلەن كۆپرەك يول ياساشنى، دېھقانلارغا ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرۇلۇش لايىھىلىرىنى نەق مەيداندىلا تاللاپ بېكىتتى.

بىر قېتىم چىرا ناھىيە بازىرى بىلەن چاقار يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يولغا ماي بېسىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تەييارلىقى ئىشلىنىۋاتاتتى. بۇ يولنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىسىنى قاتناش نازارىتىدىن تەكلىپ قىلىنغان بىر ئالىي ئىنژېنېر ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لايىھە ئەمەلىيەتكە يېقىن كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ، ئىش ئورنىغا باردى. ئۇ يەردە نەچچە مىڭ دېھقان يېزا بازىرى ئىچىدىكى يولنى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈۋاتاتتى. بۇنداق بولغاندا، يول يېقىسىدىكى ئۆيلەردىن كۆپ ئېگىز بولۇپ كېتىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ يولغا چىقىشىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلاتتى ھەمدە نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى. ناھىيە، يېزا باشلىقلىرى ۋە دېھقانلار ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قاراشتى. ئۇ، بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ ئىنژېنېر - تېخنىكلارنى چاقىردى:

- بۇ نېمە ئىش؟ - دەپ سورىدى كەسكىن تەلەپپۇزدا باش ئىنژېنېردىن.

- نەزەرىيە ۋە بەلگىلىمىلەر تەلىپى بويىچە يول مۇشۇنداق لايىھىلىنىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن.

- يول ياساش خەلققە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈنمۇ ياكى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ۋە جاپا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ؟

- ...

- بۇ، خوتەن. بىز چوقۇم خوتەندىن ئىبارەت مۇشۇ ئەمەلىيەتنىلا تونۇيمىز. ئەمەلىيەتنى ئاسان قىلىش، ئاز كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق كۆپرەك ئۈنۈمگە ئېرىشىش - بۇ بىزنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشتىكى بىردىنبىر فاڭجېنىمىز. بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەر قانداق لايىھىنى تۈزگەندە دېھقانلارنىڭ جاپاسىنى ئويلىشىمىز، ئۇلارغا زۇلۇم سالماسلىقىمىز كېرەك، - دېدى ۋە دەرھال ئىش توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. كەينىدىنلا ئۆزى تېخنىكلارنى باشلاپ، قۇرۇلۇش ئورنىنى قايتا ئۆلچەپ، ئىلگىرىكى ئۆلچەشتىكى خاتالىقنى تاپتى. ناھىيە، يېزا كادىرلىرىنىڭ ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك بولۇپ، يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ئىش ئورنىدىكى خەلقنىڭ چىرايىدا ئاپىرىن كۈلكىسى جىلۋىلەندى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن ئەمگەكنىڭ ئىسراپ بولۇشى، نۇرغۇن يەرنىڭ ئىگىلىنىپ كېتىشى ۋە يولنىڭ غەلىتە بولۇپ قېلىشىدەك ئىش توسۇپ قېلىندى.

ئۇ، قۇرۇلۇش قىلغاندا سۆھبەت ئۆتكىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر بېلەتنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشنى قاتتىق تەكىتلىدى. سۆھبەتتە مەسىلە كۆرۈلسە زادىلا كەچۈرمىدى. يۈز - خاتىرە قىلمىدى. سۆھبەتتىن مەسىلە چىققان ھامان ئەمەلدار ياكى تېخنىكلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا قاتتىق تەگدى ھەمدە مۇناسىپ چارە كۆردى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر دەستۇر سۆزى بار: «سۆھبەتسىز قۇرۇلۇش قىلىش- جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن باراۋەر».

1991 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى يېڭىباغ يېزىسىنىڭ

يولىغا ماي ياتقۇزۇلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۈرۈمچىدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى. گەرچە ئۇ ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن ئاۋۋال ناھىيە رەھبەرلىرىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قايتا - قايتا تاپىلىغان بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ھەر كۈنى تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال ئۇقۇپ تۇردى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قاتناش باشقارمىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل تېخنىكى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماي ئىسسىقلىقىنىڭ ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولۇپ قېلىپ، سۈپەتكە تەسىر يېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئولتۇرالماي قالدى، تۇرۇپكىنى قويۇپلا دەرھال ئايروپىلان بېلىتى ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئەتىسىلا يىغىننىڭ تۈگىشىنىمۇ كۈتمەي خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئايرودرومدىن ئۇدۇللا كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئىش ئورنىغا باردى. ئەھۋال راستىنلا تېلېفوندا دېيىلگەندەك ئىدى. ئۇ، شۇ زاماتلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىشنى توختاتتى. ناھىيە باشلىقلىرىغا قاتتىق تەگدى ھەمدە بۇ ئىشنى ۋالىي غوپۇر ئابدۇللاغا دوكلات قىلىپ، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، مەسئۇلىيىتى چېتىلغانلارنى كادىرلارنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. غوپۇر ئابدۇللا ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى مۇۋاپىق، دەپ قاراپ ئۆزى نەق مەيدانغا بېرىپ، ناھىيە باشلىقلىرىنى تەنقىد قىلدى ۋە تەكشۈرۈشنامە يازدۇردى. كادىرلار چوڭ يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىپ، پۈتكۈل ۋىلايەت دائىرىسىدە بۇ ساۋاققا دىققەت قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى.

ئادەتتە ئۇ دوكلاتقا، تېلېفونغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزى بېرىپ نەق مەيداندا كۆرگىنىگە ئىشىنىدۇ. ئىش ئورنىنى ئارىلاپ سۈپەتنى تۇتىدۇ.

1994 - يىلى خوتەن ناھىيىسى ئىسلامئاباد يېزىسىنىڭ يولىغا ماي ياتقۇزۇلغاندا، ئۇ چىرا - بۇيا يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا بولغاچقا، بۇ يەرگە كېلەلمىگەنىدى. كېيىن ئۇ تاغدىن چۈشۈپ يولنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا مەسىلە بارلىقى بايقالدى. ئۇ، ناھىيە باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا مۇنداق دېدى:

- سىلەر قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداقمۇ قۇرۇلۇش قىلامسىلەر؟ مەن ئۈستۈڭلاردىن سوتقا ئەرز قىلىمەن. 1 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەيسىلەر، - ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى كەسكىن، پوزىتسىيىسى قەتئىي ئىدى.

ناھىيە باشلىقلىرى ئۇنىڭغا ناماقۇل بولدى ھەمدە زىياننى تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نەتىجىدە بۇ ناھىيە قاتناش باشقارمىسىغا 1 مىليون يۈەن زىيان پۇلى تاپشۇردى.

ئۇ ھەر ۋاقىت: «سۈپەت قۇرۇلۇشنىڭ جېنى، خەلقنىڭ ئۈمىدى. شۇڭا، مەن مۇشۇ جان بىلەن ئۈمىدنى تۇتىمەن» دەيدۇ.

## 800 دېھقان ۋە بىر قاچا لەغمەن

1990 - يىلى ئىيۇلدا، كېرىيە ناھىيىسى ئاتچان يېزىسىنىڭ يولىغا ماي ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇ قاتناش باشقارمىسىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشلاپ باردى. چۈنكى قاتناش باشقارمىسىنىڭ تۈزۈمىدە باشقارمىدىكى ھەر بىر كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەر يىلى يول ياساش قۇرۇلۇشى ئەمگىكىگە قاتنىشىشى زۆرۈر ئىدى. ئۇلار ئەمگەككە قاتناشقاندا ئۆز ئۆيلىرىدىن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا يېتىپ - قوپۇپ دېھقانلار بىلەن ئوخشاش ئەمگەككە قاتنىشاتتى ۋە تاماقلىناتتى.



جەنۇبنىڭ، بولۇپمۇ خوتەننىڭ ئىيۇل ئېيى شۇ قەدەر ئىسسىق ۋە تىنجىق بولىدۇكى، نەپەس ئېلىشمۇ تەسكە توختايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىسسىقتا چۆل - جەزىرىدە يول ياساش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر جاپالىق ۋە قىيىن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئىش ئورنىدا 800 دېھقان جاپالىق ئىشلەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىش ۋاقتى ۋە ۋەزىپىسى بار ئىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ ئىش ئورنىدا ھەر كۈنى قۇرۇق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولغانىدى.

ئۇ، ئىش ئارىلىقىدا دېھقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سورىغاندا، دېھقانلار بۇ كىشىنىڭ شۇ قەدەر كۆيۈمچان ۋە چىقىشقاق، ئوچۇقيۈرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى:

بىر قېتىم تويغۇچە لەغمەن يېيىش!

ئىككى ئايدىن بېرى ۋەزىپە جاپالىق، ئىش تەرتىپى جىددىي بولغاچقا، بۇ 800 دېھقانغا قۇرۇق نان يېمەكتىن باشقا ئىلاج بولمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنىدىغىنىمۇ يىللىق ئۆيلىرىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ يەيدىغان بىر قاچا لەغمەن ئىدى. بۇ 800 دېھقان ئۈچۈن بىر قاچا لەغمەن مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەجەبمۇ مەززىلىك ۋە خۇمالىق، ئەڭ ئېسىل تائاملاردىن بولۇپ كۆرۈنەتتى.

- بولىدۇ، مەن سىلەرنى گۆشلۈك سەي ۋە لەغمەن بىلەن مېھمان قىلاي، سىلەر مېنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىم، - دېدى ئۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ يول قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاشخانىسى دېھقانلارنى كۈتۈۋېلىش ئاشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ مەخسۇس ئاپتوبۇس تەشكىللەپ، 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىش ئورنىدىن ھەر كۈنى 100 دېھقاننى ئەكېلىپ لەغمەن بىلەن تويغۇچە مېھمان قىلدى.

800 دېھقان سەككىز كۈندە بىر قېتىمدىن كۈتۈۋېلىش داستىخىنىدا ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېدى. ئۇ، دېھقانلارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر بىزنىڭ ئاتىمىز، سىلەر بىزنىڭ ئانىمىز. سىلەر بىزنىڭ بارىمىز. سىلەر ئۆزۈڭلار يېمەي بىزگە يېگۈزدۈڭلار، ئۆزۈڭلار كىيمەي، بىزگە كىيگۈزدۈڭلار. بىزنى پەرۋىش قىلىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتۇڭلار. سىلەرنىڭ بىزگە قىلغان ئەجرىڭلار تاغدىنمۇ ئېگىز، دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر. شۇڭا، سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش، سىلەرگە كۆيۈنۈش، سىلەرنى ئاسراش - بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. تۆر سىلەرگە مەنسۇپ، شان - شەرەپ سىلەرگە مەنسۇپ. مېھماندارچىلىق داستىخىنىمىز مەڭگۈ سىلەر ئۈچۈن سېلىقلىق.

شۇنداق قىلىپ، 800 دېھقان سەككىز كۈندە بىر ۋاقىلىقتىن تويغۇچە گۆش قورۇمىلىق لەغمەنگە ئېغىز تەگدى. تۆت سائەت دەم ئالدى. قاتناش باشقارمىسى ئۇلارنىڭ تاماق ھەققىنى كۆتۈردى، دەم ئېلىش ئورنىنى، تاماققا بېرىش ۋە كېلىشتىكى قاتناش قوراللىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. دېھقانلار ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مانا مۇشۇنداق جاپالىق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولغىنىدىن چەكسىز خۇشاللاندى. ئاشۇ بىر ۋاقىلىق لەغمەن ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مەززىلىك، ئەڭ ئالىي تاماق بولدى. دېھقانلار لەغمەنگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بىر ۋاقىلىق لەغمەنگە سىڭگەن چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە يۈرەك قېتىدىن چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈردى.

1990 - يىل 9 - ئىيۇل، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يول قۇرۇلۇش تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ئۇ ئەتىگەن سائەت بەشتىن تارتىپ سەپداشلىرى ۋە دېھقانلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ قاتتىق ھاردى. كەچ سائەت يەتتە بولغاندا بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ھەممەيلەننى ئىشنى توختىتىپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە سەپداشلىرى بىلەن بىرگە ياتاققا قايتىپ كەلدى. ھاۋا بارغانسېرى ئوسالىلىشىشقا باشلىدى. سائەت توققۇز بولغاندا بىردىنلا يەر - جاھاننى چاڭ - تۇمان قاپلاپ، دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ كەتتى. بىردەمدىلا ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئارقىدىنلا چاقماق چېقىپ، گويا ئاسماندىن چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى ۋە يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلاندى! ئىيۇل ئېيىدا مۆلدۈر يېغىش خوتەندە كەمدىنكەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، بىر نەچچە سائەتنىڭ ئىچىدىلا شۇ قەدەر زور ئۆزگەرگەن ھاۋا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئاشۇ جىددىي پەيتتە ئىككى يول بار ئىدى: بىرى، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەندىكىن ياتاقتا ئىسسىق يوتقانغا پۈركىنىپ ئۇخلاش، يەنە بىرى، ئىش مەيدانىغا بېرىپ، ھېچبىر پاناھلانغۇدەك يېرى بولمىغان جەزىرىدە قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىچارە دېھقانلارنى سوغۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش. ئۇ ئىككىنچى يولنى تاللىدى. سەپداشلىرى ئۇنىڭغا ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەكلا چارچاپ كەتكىنىنى، سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشنى ئېيتىپ، بولدى قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇ: «ھازىر دېھقانلار ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتسا، مەن بىر رەھبىرىي كادىر تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارماي تۇرالايمەن» دېدى ۋە دەرھال تۆت ئاپتوبۇسنى بەلگىلەپ، دېھقانلارنى ناھىيە مەركىزىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە تەييارلاندى. بۇ ۋاقىتتا شوپۇرلارمۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەسكىن تەدبىرى شوپۇرلارنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

ئۇ، ئاپتوبۇسلارنى باشلاپ ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلگەندە، دېھقانلار 40 - 50 تىن بىر توپ بولۇپ، توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن سەكرىشىۋاتاتتى. بۇنداق سەكرىگەندە، ئادەم ئىسسىيتتى. مۆلدۈردىنمۇ مۇداپىئەلەنگىلى بولاتتى. ئۇ، دېھقانلارنى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا ئۈندىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دېھقانلار بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك خۇشال بولۇشتى. بىر دېھقان تارام - تارام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئەگەر سىلى يېتىپ كەلمىگەن بولسىلا قانداقمۇ قىلار ئىدۇق؟ سىلىگە مىڭ رەھمەت! . . . » دېدى. ئۇ، دېھقانلارنى كېرىيە ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىپ، ناھىيىلىك مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا، كۈتكۈچىلەر يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ پاسكىنا بولۇشىدىن قورقۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ: «يوتقان - كۆرپە ئەزىزمۇ ياكى خەلق ئەزىزمۇ؟ خەلق ھەممە بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى. ناۋادا ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىسەڭلار، ھەممە قۇلۇپلارنى چاقتۇرۇۋېتىمەن! » دېدى. كەسكىن بۇيرۇق بىلەن ئىشىكلەرنى ئاچقۇزۇپ، دېھقانلارنى ناھىيە ئىچىدىكى ھەر قايسى چوڭ - كىچىك مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. يوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيۇش ۋە پاكىزلەش خىراجىتىنى قاتناش باشقارمىسى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇ، دېھقانلارنىڭ ياتاق - تاماق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە خاتىرجەم بولالماي، ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ تەكشۈردى. 60 ياشلاردىكى بىر دېھقان بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ: «بۈگۈن بېشىمىزغا كۈن چۈشۈپ قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، خۇدايىم سىلىنى كۈندىن كۈنگە ئەزىز، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي، ئوغلۇم» دېدى ھاياجىنىنى باسالماي.

ئۇنىڭ نەزىرىدە دېھقان بارلىق نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ۋە بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ دېھقانلارنى شۇ قەدەر ھۆرمەتلەيتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئىلتىماسىغا سىيلىق پوزىتسىيە بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. دېھقانىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىدە چەكلەنگەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن دېھقان دوستلىرى ۋە ئاغىنىلىرى بار ئىدى.

مەن خوتەن ۋىلايىتىدە خوتەننىڭ يول قۇرۇلۇش ۋە قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالىنى ئىگىلىگەچ، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمغا ماتېرىيال توپلاۋاتقان كۈنلىرىمدە، ئۇنىڭ نۇرغۇن دېھقان دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ھەمراھلىرىم بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزا جەگىتال كەنتىدە دېھقان ئىبراھىمئاخۇننىڭ ئۆيىگە

كىرگىنىمىزدە، بۇ نامرات ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇن ساھىبخان ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى پەرزەنتى بىزنى بۇ تاغلىق يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنىنى كۈتىدىغان داستىخان بىلەن كۈتۈۋالدى. داستىخانغا سۇدا پىشۇرۇلغان توخۇ، ھەسەل، زاغرا، يېڭىلا ئۈيۈتۇلغان قېتىق قويۇلغان بولۇپ، پارلاق ئارىلىقىدا غورا، چامغۇر ۋە يېڭى يېسىۋېلەك سېلىپ ئېتىلگەن ئۇماچ كەلتۈرۈلدى. بىز بۇ مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگكەچ، ئۆي ئىگىسىدىن غەيرەت ئابدۇللاغا ئائىت ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئەر - خوتۇن دېھقان ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشىغىلا بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلەپ كەتتى:

- غەيرەت چۇجاڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئادەم. مۇشۇنداق كادىرنى پارتىيىنىڭ بىزگە يول ياساپ بېرىشكە ئەۋەتكىنىگە يۈزمىڭ رەھمەت. . .

مەن يەنە چاقار يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى مەتقۇربان ئەيسا، چاقار يېزا جەگىستال كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاشمۇھەممەت ئەخمەتتوختى، چاقار يېزا 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلىقى خۇشتۆمۈر غوجا، چاقار يېزا جەگىستال كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى توختىروزى پولات، قاراقاش ناھىيە قاراقاش بازار يېڭىشەھەر ئاھالە كومىتېتىدىن ئابدۇكېرەم ھاشىم، ساھىبخان ئەر - ئايال. . . قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەيرەت ئابدۇللانىڭ چىرا - بۇيا تاشيولىنى ياساش جەريانىدىكى جاپالىق خىزمىتى ۋە نۇرغۇن ئېسىل پەزىلىتى، ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىشتى.

ئۇنىڭ تاغلىق كەنتتىكى دېھقانلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت - مۇھەببىتى «تاغلىقلارغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

«تاغ يېرى بۇ - تاغ ‹ئۆلكىسى› - ھۆسنى گۈزەل،
زىرائىتى ئۈنەر تاشنىڭ يوچۇقىدىن.
شامىلىنىڭ ئىسقىرتىشى بىر كۈي - غەزەل،
ناخشا تارقار مومايلارنىڭ ئورچۇقىدىن.

قوي، ئۆچكىنىڭ مەرىشىدە قېتىق ھىدى،
تاش مورىلار ئىس پۈركۈسە گۆش پۇرايدۇ.
تاغ ئاسمىنى چوڭ ماي بوياق سۈرەت خۇددى،
شەبنەملىرى ئالماس كەبى يالتىرايدۇ.

مۇشۇ تاغنى ماكان تۇتقان تاغ ئادىمى
يېتىشتۈرگەچ مىجەزىنى «تاغ» تەسىرىدىن؛
كىيىكتەك شوخ، قۇشتەك ھارماس، لەۋزى ھالال،
مېھرى چەندان شېرىن، بۇلاق كەۋسىرىدىن.

بۇلۇت بىلەن بوي تالىشىپ، كۆك تالىشىپ،
بىر چېتىدە تۇرار مەغرۇر بۇيا تېغى.
بىر تەرەپتە قورام چايقاپ، قاش يالىشىپ،
ئاقار دەريا، كۆزنى چاقار يېشىل بېغى.

ئوچۇق ئالقان، مېھماندوست ئەل كۈتتى بىزنى،
ئانا كەپتەر باچكىسىغا كۆيۈنگەندەك.
دىلغا مېھىر تامغىسىدا باستى ئىزنى،
تارىدى بۇ دوستانىلىك دىلغا قەندەك.

ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان يېمەك - ئوزۇقى يوق،
قولى ئۈزۈك، كىيگەنلىرى كونا چاپان.
ھەر ئېغىلدا بەش - ئالتە قوي (ئۇمۇ ئورۇق)،
بۇندا چورۇق كۆرمەي ئۆتكەن تالاي تاپان. . .

ئۆزى يوقسۇل، كۆڭلى باي شۇتاغ مەردلىرى،
تاغ يولى، ياق ئۆز يولىغا تىكتى جانىنى.
بولغاچ ھەمدەم، بولغاچ خالىس نىيەتلىرى،
قوچالىدۇق بىز ئاداققى شەرەپ - شانىنى.

جاھان تاسقاپ، ئويلاپ قالدىم، تاغدا كۆپكەن،
ئادىمىيلىك، ئىنساپ، خەقنىڭ ياخشىلىرى.
بولسا ئىدى تاغدىن شەھەر ياققا كۆچكەن
تاغلىقلارنىڭ ئېيتقان خىسلەت ناخشىلىرى؟! . . .»

شائىر (نۆۋىتى كەلگەندە، بىز ئۇنى شائىر دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز) «تاغلىقلار» نى ۋە ئۇلارنىڭ بىغۇبار روھىي دۇنياسى، ئېسىل، چىن ۋە سەمىمىي ئادەمگەرچىلىك ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئاددىي ئەمما ئوبرازلىق تىللار بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ «تاغلىقلار» چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسىدىكى مېھنەتكەش خەلق، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىدىكى مېھنەتكەش خەلق. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دېھقانلار ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا ئەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىر ئۇنىڭ خوتەنگە، خوتەن دېھقانلىرىغا، يول سۆيەر ئەمگەكچى خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە مېھرىدىن تۇغۇلغان. خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دېھقان ھەيكىلىمۇ (بۇ ھەيكەل ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزكۇر سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلدى - مۇھەررىردىن) ئۇنىڭ دېھقانلارغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە ئەقىدىسىنىڭ سەمەرىسى. خوتەن دېھقانلىرى ئەنە شۇنداق ساددا، ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل، ئەنەشۇنداقسۆيۈملۈك، ئەنەشۇنداقئۇلۇغۋەئەزىز. . .

قېنى، قايسىبىر شەھەرنىڭ مەركىزىدە بىر جۈپ قولى ۋە ئورغۇپ تۇرغان ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىۋاتقان دېھقانىنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرەلىدى؟ قېنى، قايسىبىر يۇرتتا خوتەن خەلقىگە ئوخشاش ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ياسالدى؟ بۇ يۇرتتا دېھقاننى چۈشەنگەن، دېھقانىنىڭ ئەجرىنى تونۇغان، دېھقانغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان غەيرەت ئابدۇللاغا ئوخشاش كىشىلەرلا مەردانىلىك بىلەن ئاشۇ ئاددىي دېھقان ئۈچۈن خاتىرە ھەيكەل تۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، بۇ ھەيكەلنى ياساش ئۈچۈن ئىككى يىل تىرىشتى. خوتەندىن ئۈرۈمچىگە تۆت قېتىم پىكاپ بىلەن چېپىپ، كۆپ قېتىم ھەيكەل مۇتەخەسسىسلىرىنى ئاپىرىش، ئەكېلىش، خوتەندە كۈتۈش، 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىش ئارقىلىق دېھقانىنىڭ بۇ زەپەردەست ھەيكىلى پۈتتى.

بۇ دېھقان ھەيكىلى شۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭغا دېھقاننىڭ باتۇر - قەھرىمانلىقى، ھەر قانداق زور قىيىنچىلىقلارغىمۇ باش ئەگمەيدىغان غەيۇر قىياپىتى ۋە روھى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ (دېھقان) شۇ تاپتا ياكى ئېتىزغا سۇ ئاچقىلى، تاغقا تاشيول ياسىغىلى ۋە ياكى بوز يەر ئاچقىلى مېڭىۋاتقاندەكلا، جۇۋىسىنى بىر قولىدا تۇتۇۋالغان، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى بىلىكىگىچە، شىمىنىڭ پۇشقىقى تىزىغىچە تۈرۈلگەن، بېلىدە پوتا، يانپىشىدا غىلاپلىق خەنجەر، كۆكرىكى ئوچۇق، چېھرىدىن مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارنى مەغلۇپ قىلغان غالىبانە كۈلكە تېپىپ تۇراتتى. ...

# مايى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى

1985 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، غەيرەت ئابدۇللا ئۇنىڭغا تۇنجى باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ چاغدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا يول قۇرۇلۇشىغا سابىق ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ قاتناش بۆلۈمى مەسئۇل ئىدى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە پەقەت 25 كىلومېتىر ناھىيە، يېزا يولىغىلا قارا ماي ياتقۇزۇلغانىدى. قاتناش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە، يېزا يول قۇرۇلۇش خىزمىتىنى بۇ باشقارما ئۈستىگە ئالدى.

ئۇ ئالىي مەكتەپتە خىمىيە كەسپىنى ئوقۇغاچقا، ئۇنىڭ يول قۇرۇلۇشى كەسپىدىن ئەسلا بىلىمى يوق ئىدى. بۇ چاغدا بەزى كىشىلەر ئوچۇقتىن ئوچۇقلا: «غەيرەت قانداقمۇ يول ياسىيالىسۇن؟ كۆرىمىز تېخى ئۇنىڭ كارامىتىنى...» دەپ مەسخىرە قىلىپ تاماشا كۆرۈش غەرىزىدە بولۇشسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداشلىق قىلدى. ئۇنى ئىنتايىن كەسكىن سىناقلار كۈتۈۋالماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ سابىق باشلىقى مايى جەمئىيەتتىكى ھەر خىل پاراڭلارنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتايىتەن ئىزدەپ كەلدى. ئۇ غەيرەت ئابدۇللانى چۈشىنەتتى. چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆمرىنى خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاتىغان، ئەللىك نەچچە ياشلاردىكى بۇ پېشقەدەم خەنزۇ رەھبەر غەيرەت ئابدۇللا بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۆزئارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۇدۇللا گەپ باشلىدى:

- يولداش غەيرەت، سىز مەن بىلەن بىر نەچچە يىل بىرگە ئىشلىدىڭىز. مەن سىزنىڭ جۈرئىتىڭىزگە قايىلمەن. زىممىڭىزگە يېڭى يۈك ئارتىلدى. قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە تەڭ ئىشلەيمىز. جەمئىيەتتىكى بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، خەقلەر نېمە دېسە دېيىشۋەرسۇن. مەن سىزنى ئۆزۈمگە ئوخشاش يول كەسپىنىڭ ئەھلى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقاي، قانداق دېدىم؟ - مايى ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن تىكىلدى.

- بولىدۇ، سىز ئۇستاز، مەن سىزنىڭ شاگىرتىڭىز.

شۇنداق قىلىپ ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقى باشلاندى. بۇ دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق تاكى 1995 - يىلى 4 - مايدا مايى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

ئۇ، مايىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى بىلىمىدىن ۋە تەجرىبىلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى. مايىمۇ ئۇنىڭغا تىنىماي ئۆگىتەتتى. نۇرغۇن ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى نەق مەيداندا كۆرسىتەتتى. ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ تەڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۇ تېزلا ھەر قانداق مۇرەككەپ يول قۇرۇلۇشىغا مۇستەقىل قوماندانلىق قىلالايدىغان، پىشقان يول كەسپى ئەھلى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. مايى بۇنىڭدىن بەكلا خۇرسەن بولدى. 1986 - يىلى ئۇ، مايى بىلەن بىرگە 90 كىلومېتىر قارامايلىق يول ياساشقا قوماندانلىق قىلدى. ئۇ، مايى بىلەن بىرگە خوتەننىڭ بارمىغان يېرى قالمىدى. ھەتتا ئۇ غوپۇر ئابدۇللا بىلەن بىللە مايىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈچ كىشى بۇگۇر ناھىيىسىدىن كىرىپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ قاراقاش ناھىيىسىگە تۇتىشىدىغان يولنى تەكشۈردى. ئۇ، مايى بىلەن تالاي قېتىم يول سۈپىتىنى تەكشۈردى. ئەمەلىي ئىش مەيدانلىرىدا يېتەكچىلىك قىلدى. خوتەننىڭ يەر - تۇپراق ۋە زېمىن ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك يول قۇرۇلۇشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، بۇ نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى خۇشال قىلدى، مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ئۇيياتتا قالدۇردى. مايى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى غەلىبە قىلدى!

خوتەن خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ خوتەن تاشيولچىلىرىنىڭ قەلبىدە زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ خەنزۇ رەھبەر ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق سەمىمىي غەمخورلۇق قىلدى، كۆيۈندى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە يۈرەك قانلىرىنى ئايىماي سەرپ قىلدى. غەيرەت ئابدۇللا خىزمەتتە ۋە تۇرمۇشتا مايىنى ئۈلگە قىلدى. ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. ئۇ، مايى ھەققىدە ماڭا مۇنداق دېدى: «يولداش مايى خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇر تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە ئاتىدى. ئۇلارغا كۆيۈندى. كوممۇنىستلارغا خاس ئەڭ ئېسىل - ئالىيجاناب روھنى خوتەن خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى پاك ۋە ئاددىي - ساددا ياشايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ھاياتىدا بىرەر قۇر ئېسىل كىيىم كىيىپ باقمىغان، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىمىغانىدى. ئۇ، خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 40 نەچچە يىل خىزمەت قىلىش مابەينىدە ھەر ۋاقىت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلدى. تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ غېمىنى ئۆزىنىڭ غېمى، تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ قاراپ، ئۇلارغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزگەنىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىدە قالغىنى - پەقەت 14 ديۇملۇق كونا رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە كونا يوتقان - كۆرپىلەرلا بولدى...» ئۇ ماڭا مايىنىڭ ئېسىل ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا كۆز

چاناقلىرى ياشقا تولدى. . .

ئۇ، مايىنى كېسەل مەزگىلىدە كۆپ قېتىم يوقلاپ باردى. قاتناش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئىشلىگەن ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن پىكىر - مەسلىھەت ئالدى. مايىنىڭ ئۆيىگە ۋە دوختۇرخانىغا كۆپ قېتىم بېرىپ، ھەممە چىقىمنى قاتناش باشقارمىسى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى داۋالاش تېخنىكىسى ئەڭ ئىلغار دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا ئۈندىدى، ھەيدەكچىلىك قىلدى، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالدى. ئەمما پاك - دىيانەتلىك بۇ كومپارتىيە ئەزاسى يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئالىي دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا ئۇنىمىدى.

## ئىككى پارچە خەتتىن باشلانغان ھېكايە

### 1 - خەت

«خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىدىكى غەيرەت چوجاڭغا تەشەككۈرنامە:

ئالىي ئېھتىرام، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن شۇنى يازىمەنكى، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خىزمىتىم ئەسلىگە كەلدى. بىراق، «ئامەتكە ئاپەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دېگەندەك، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى. بالا - ۋاقام كۆپ، مائاشىم تۆۋەن، ئائىلە ئىقتىسادىم ناچار بولۇش سەۋەبىدىن كۆزۈمنى داۋالىتىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلغان ھالقىلىق پەيتتە، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى ۋە مەركىزىي ترانسپورت بېكىتىدىكى ئۆزلىرىدەك شەپقەتچى رەھبەرلەر، مەندەك يېشى 70 تىن ئاشقان بىر قېرى ئەمانىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئالدىراش، ۋاقىتلىرى قىس بولسىمۇ، مەندەك بىر بىچارە پۇقرانىڭ تۇتقان ئىلتىماسىغا سەل قارىماي، ئۆز قوللىرى بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، داۋالىنىشىم ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىپ بەردىلە. مەن ئۆزلىرىنىڭ شەپقىتى بىلەن داۋالىنىپ كۆزۈم ئېچىلدى. بۇ يورۇق جاھاننى قايتىدىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدىم. ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتقا ئېرىشتىم. بۇنى پۈتۈن ئالەمنى ۋە مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەقىل - پاراستى ۋە ئېسىل پەزىلىتى ۋەجىدىن بولدى، دەپ قارايمەن.

مەن تولۇق ساقىيىپ ئۆزۈم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئۆتىيەلەيدىغان، قۇرئان ئوقۇيالايدىغان، ھەتتا جۈمە نامىزىغا بارالايدىغان بولدۇم. ھەر نامىزىمدا ئاللاغا رەھمەت، ئۆزلىرىدەك شەپقەتچىگە رەھمەت، دەپ دۇئا قىلىدىغان بولدۇم.

مەن ئۆزلىرىگە بولغان رەھمىتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي ئاخىر مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم ئىپادىلەنگەن بۇ تەشەككۈرنامىنى سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. خۇدا بەختلىرىنى زىيادە، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. ئائىلە تاۋابىئات، پەزىلەتلىك پەرزەنتلىرىنىڭ تېنى مەڭگۈ سالامەت بولسۇن.

مۇبارەك خىزمەتلىرىگە ئۇتۇق تىلەپ:

چىرا ناھىيە قاتناش بېكىتىدىن پېنسىيىگە چىققان پۇقرالىرى: مەتنۇرى شېرىپ.

1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى»

### 2 - خەت

«قەلبىمدىكى غايىۋى سىماھ - غەيرەت چوجاڭغا چەكسىز تەشەككۈرنامە:

ئۆزلىرىگە بولغان ئالىي ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

غەيرەت چوجاڭ: ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئادەمزات ۋە پۈتكۈل كائىناتنى ياراتقان يېگانە ئاللانىڭ رەھمانلىق ۋە رەھىملىك پەزىلىتىنى بىزدەك مىسكىن كىشىلەرگە پارتىيە ۋە خەلققە ۋەكالىتەن يەتكۈزگەن «نىجادلىق پەرىشتىسى» ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلىلىرىگە ساغلاملىق، چەكسىز بەخت ۋە خۇشاللىق تىلەيمەن! . . .

غەيرەت چوجاڭ: شۇتاپتا ئۆزلىرىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن شەپقەتلىرىگە نىمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى، قەلبىمدە دەۋرەپ تۇرغان تەشەككۈر ھېسسىياتلىرىمنى قايسى تىل بىلەن ئىپادىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. چوجاڭ: گەرچە مەن كىچىك بولسامۇ، دادامنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ - سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېيتقان تەشەككۈر سۆزلىرىدىن ئائىلىمىزگە ۋە ماڭا قىلىنغان تەڭداشسىز ياخشىلىقنىڭ ئەسلىدە سىلىنىڭ خالىسانە ياردەملىرى ئارقىلىق بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، بۇ شەپقەت - شاپائەتلىرى سەۋەبىي قەلبىمدە ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك غايىۋى سىماسىنى تىكلىدى. تەلىيىم كېلىپ تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغاندا، ئائىلىمىزنىڭ قولى قىسقىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان جىددىي پەيتتە، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بولۇپ بېشىمنى سىلاپ مېنى يەنە داۋاملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقلىرىنى بىلىپ، ھەر قانچە قىلسامۇ تەشەككۈرگە ئاجىز كېلىپ، خۇشاللىق ياشلىرىمنى پەقەتلا توختىتالمىدىم.

چوجاڭ: سىلىنىڭ بۇنچە زور شەپقەتلىرىگە قانداقمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ بولارمىز؟! توغرا، سىلى بىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايلا، بۇنى بىلىمەن. «پەرىشتە ھەرگىز ئۆز ياخشىلىقى بەدىلىگە بىراۋدىن ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك خىسلىتى». لېكىن، شۇنداقتىمۇ سىلىنىڭ بۇنچىۋالا زور ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟

غەيرەت چوجاڭ: مەن ۋە ئائىلىمىزدىكىلەر سىلىنىڭ ياردەملىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمىز. مەنمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ ئۆزلىرىنىڭ، خەلقىمنىڭ، مىللىتىمنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى چوقۇم ئاقلايمەن!

ئاخىرىدا، يەنە قۇدرىتى ئۇلۇغ، كېرەملىك ئاللادىن ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلىلىرىگە مەڭگۈلۈك بەخت تىلەيمەن.

دەپ: سىلىگە ناتونۇش قىزدىن

1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

(مەن چىرا ناھىيىلىك بېكەتتىن دەم ئېلىشقا چىققان مەتنۇرى شېرىپنىڭ قىزى، ئىسمىم نۇسرەت، ھازىر شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى 94 - يىللىق 22 - سىنىپتا ئوقۇيمەن)»

مەن بۇ ئىككى پارچە خەتنى ئوقۇپ، خەتتە يېزىلغان ئەھۋاللارغا بەكلا قىزىقتىم ۋە قاتناش باشقارمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئابدۇقادىر ئابدۇراخمان بىلەن بۇ ئىككى پارچە خەت ئۈستىدە مەخسۇس پاراڭلاشتىم (خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قەلەم تەگكۈزمەي، ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن يەتكۈزدۈم). ئابدۇقادىر ئابدۇراخمان ماڭا بۇ ئىككى پارچە خەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

1993 - يىلى غەيرەت ئابدۇللا چىرا ناھىيىسىدە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقاندا، بىر كېسەل كىشى ھەققىدىكى پاراڭنى ئاڭلايدۇ. بۇ كېسەل كىشى چىرا ناھىيىلىك قاتناش بېكىتىنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى مەتنۇرى شېرىپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاچقا، داۋالىتاي دېسە ئائىلە ئىقتىسادى يار بەرمىگەن، نەتىجىدە كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ ھالى خارابلاشقانىدى. ئۇ دەرھاللا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملارنى يىغىپ بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىدۇ ۋە مەتنۇرى شېرىپنىڭ بارلىق داۋالىنىش چىقىمىنى قاتناش باشقارمىسى كۆتۈرۈشنى بېكىتىدۇ. مەتنۇرى شېرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ. كۆز ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كېلىدۇ.

1994 - يىلى مەتنۇرى شېرىپنىڭ قىزى نۇسرەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ ۋە شىنجاڭ قاتناش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى بۇ قىزنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇشىغا مۇمكىنچىلىك بەرمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ پۈتۈن ئائىلە ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىر ئۇنى ئوقۇتماسلىق قارارىغا كېلىدۇ. پۇل بولمىغاندىكىن يىراق يەرلەردە ئوقۇشقا مۇمكىنچىلىك يوقتە. نۇسرەتمۇ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشكە ماقۇل بولىدۇ. بۇ ئىش كىشىلەر ئارقىلىق غەيرەت ئابدۇللانىڭ ۋە ۋىلايەتلىك قاتناش باش بېكىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇل ھاشىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق نۇسرەتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ئوقۇش، يول، تاماق خىراجەتلىرىنى قاتناش باشقارمىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى كېڭەشىدۇ. مەتنۇرى شېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چەكسىز شادلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. نۇسرەت ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنىڭ غەيرەت ئابدۇللانىڭ بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلىشى ۋە ياردىمى ئارقىلىق بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىدۇ.

1995 - يىلى مايىنىڭ بېشىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك يۈك ترانسپورت بازىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خەنزۇ كادىرى لىيۇ يۈڭشاڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، غەيرەت ئابدۇللا دوختۇرخانىغا كۈندە دېگۈدەك بېرىپ يوقلاپ تۇردى. دوختۇردىن قانچىلىك پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر كېسەلنى بار ئامال بىلەن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. لىيۇ يۈڭشىڭنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە دوختۇرلار كېسەلنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ داۋالىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لىيۇ يۈڭشىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ كېسەلگە ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇپ بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە بېرىپ تاقىلاتتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇ كېسەلنى ئايروپىلاندا ئۆزى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى ۋە تېزلا شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇت دوختۇرخانىسىغا ئالدۇردى. بىراق لىيۇ يۈڭشىڭنىڭ كېسىلى ئاخىرقى مەزگىلگە بېرىپ قالغانلىقتىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي تۆت كۈندىن كېيىن قازا قىلدى. ئۇ، بۇ جەرياندا كېسەلنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. لىيۇ يۈڭشىڭ قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەسەتنى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە ئېلىپ بېرىشقا 8000 يۈەنگە مەخسۇس ماشىنا كىرا قىلدى. ئۆزى مەرھۇمنىڭ باشقا ھەمراھلىرىنى ئېلىپ ئايروپىلاندا قايتتى. خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن خەنزۇلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى بويىچە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر تەرەپ قىلدى.

1994 - يىلى 29 - سېنتەبىر.

ئۇ، چىرا - بويا يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدىكى قوشۇنغا بايرام قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. نەچچە مىڭ نەپەر يول ئىشچىسى يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتاتتى. گەرچە ئۇ بايرام قىلماسلىقنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلى يەنىلا يول قۇرۇلۇشى قوشۇنىنىڭ بايرىمىنى قانداق قىلىپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشتە ئىدى. ئۇ، يولنى تەكشۈرۈپ ھاپاندوقتا باردى. يولنىڭ ھاپاندوق بۆلىكىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن كەلگەن يۈز نەچچە خەنزۇ قۇرۇلۇشچى ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ سىرداشتى ھەمدە:

- ئەتە بايرام، سىلەرنىڭ نېمە تەلەپلىرىڭلار بار؟ - دەپ سورىدى.

ئۇلار دېھقانچە كىيىنگەن، ئۆزلىرىگە تونۇش بۇ كىشىگە قارىشىپ:

- گۆش يېمىگىنىمىزگە نەچچە ئون كۈن بولدى، شۇڭا. . . - دېيىشتى - دە، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشمىدى. ئۇلار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ، مەقسەتنى چۈشىنىپ، شۇ يەردىلا مۇنداق دېدى:

- سىلەر خوتەن خەلقىنى دەپ ئاقسۇدىن ياردەمگە كەلدىڭلار. سىلەر بىزگە مېھمان. شۇڭا، ئەتە سىلەرنى مېھمان قىلاي!

ئۇ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر بىر كىشىگە بىر كىلوگرامدىن گۆش پىشۇرۇپ شورپا سالدۇرۇپ بېرىشكە، تويغۇچە بىر ۋاقلىق پولو راسلاشقا بۇيرۇدى ۋە بۇلارنى ئۆزى ئۈستىدە تۇرۇپ قىلدۇردى ھەمدە ھاراق تەييارلىتىپ، زىياپەت بەردى. ئۇلاردىن بىرەر پۇڭ پۇلمۇ ئالمىدى. ئۇلار بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلىشتى ۋە: «بىز سىزدەك ياخشى ئۇيغۇر كادىرنى كۆرمىگەن» دېيىشتى.

ئۇ ئۆز يېنىدىن، ئائىلىسىدىن نۇرغۇن قېتىملاپ پۇل، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مىسكىنلەرگە بەردى، نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولدى. قاتناش باشقارمىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نۇقتىسى گۇما ناھىيىسىنىڭ چودا يېزىسى بولۇپ، ئۇ، باشقارمىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ يېزىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق بۇ يېزىغا ياردەم قولىنى سۇندى. 1994 - يىلى مارتتا ئۇ قاتناش باشقارمىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ 11 توننا ئاق ئۇن، 500 قۇر كىيىم - كېچەكنى نامرات دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. مايدا باشقارمىدىن 10 توننا خىمىيىۋى ئوغۇتنى دېھقانلارغا ھەقسىز ياردەم قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، بۇ يېزىنىڭ تۆت كۆز قۇدۇقنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ بەردى. بىر كادىرنى شۇ يېزىغا ئىككى يىللىق ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى.

1991 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ كېرىيە ناھىيىسىدە نۇقتىدا تۇرۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ «يول سۆيۈش، يول ئاسراش ھەپتىلىكى» پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ، ناھىيە رەھبەرلىرىدىن بۇ ناھىيىنىڭ يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى 80 نەچچە نەپەر بالىنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال ناھىيە ھاكىمى ئابدۇراخمان قۇربان (ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى - ئاپتوردىن)، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋلىمىن (ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى - ئاپتوردىن) بىلەن بىللە پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ، يېتىم بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ يېلىڭ ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە بالىلارنىڭ ھەر بىرىگە قىشلىق چاپان، ئىشتان، ئاياغ، قولقاپ، ئىچ كىيىم قاتارلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىپ، بۇنىڭغا كەتكەن 18 مىڭ يۈەن پۇلنى قاتناش باشقارمىسىدىن كۆتۈرگۈزدى.

1995 - يىلى ئۇ، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن 3000 يۈەن مۇكاپات پۇلنى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بېرىلگەن 500 يۈەن مۇكاپات پۇلنى قاراقاش ناھىيىلىك يېتىم - يېسىرلار مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى.

ئۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ، قاتناش باشقارمىسى ۋە قاتناش سىستېمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا قارىتا ھەر ھەپتىدە ئۈچ كۈن، ھەر ئايدا 15 كۈن، ھەر پەسىلدە 45 كۈن يول ياساش ئەمگىكىگە قاتنىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئەمگەككە قاتنىشىپ، كادىرلار ۋە دېھقانلارغا ئۈلگە بولدى. بارا - بارا بۇ ئىش قاتناش باشقارمىسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندى. خىزمەت بىناسىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن يېرىم سائەت ئومۇميۈزلۈك تازىلىق قىلىش، ئاندىن خىزمەتكە كىرىشىش، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچى ئۆز ئىشخانىسىنى ئۆزى تازىلاش، قايناق سۇنى ئۆزى ئەكىرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. خىزمەت تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، كۈندە تۆت نۆۋەت يوقلىما قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. شۇڭا، ھازىرغىچە قاتناش باشقارمىسىدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تازىلىق ئىشچىسى قويۇلمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتنى تەرتىپلىك، ۋاقتىدا بېجىرىشى ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرۇشى، كىبىرسىز، ئوچۇق - يورۇق، كەسكىن، نامۇۋاپىق ئىشلارغا ئۇدۇل كەلگەندە قاتتىق قول بولۇشتەك مىجەزى ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىدى.

ئۇ، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا 1992 - يىلى 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى شىركىتىنى قۇردى. بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 80 كۆۋرۈك، توسما، سۆڭگۈچلەرنى لايىھىلەپ ۋە ئۇنى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا سېلىپ، بۇ ئارقىلىق يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇ ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، قاتناش - ترانسپورت بازىرىدىكى كەسكىن رىقابەتتە داۋاملىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ كەلدى. ھەر تەرەپلىمە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىككى ترانسپورت شىركىتى ۋە باشقا قاتناش كارخانىلىرىنى توشۇيدىغان مال مەنبەسىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆسۈپ، روناق تاپتى. ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى كۈنسېرى ياخشىلاندى.

ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۇتقىنى چىڭ تۇتۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، باشقارمىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتى. ئۇ، يەرلىك بىلەن بىڭتۇەننىڭ، يەرلىك بىلەن ھەربىي قىسىملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن بىڭتۇەننىڭ خوتەندىكى تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ 90 كىلومېتىر يولىغا ھەقسىز ماي ياتقۇزۇپ بېرىلدى. 5 مىليون يۈەن سەرپ قىلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق

قىسىم - گازارمىلىرىغا بارىدىغان يوللار ۋە 200دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىنىڭ يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

گۇما ناھىيە نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 900 دەك نوپۇسى، كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ 1000غا يېقىن نوپۇسى بار. نوپۇس سانى ۋە بايلىق مەنبەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يول ياساش زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ئاشۇ يېزىلاردىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇتۇش ۋە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 80 كىلومېتىر، كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ 75 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيوللىرىنى ياساشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ ئىشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. بۇ ئىككى تاشيولنىڭ ھەر قايسىسىغا 5 مىليون يۈەندىن مەبلەغ كەتتى.



ئۇ، كۆپ قېتىم يىغىنلاردا مۇنداق دېدى: «خوتەن زېمىنىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ يوللار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقلىرىگە، نامرات رايون خەلقلىرىگە، چەت - ياقا رايون خەلقلىرىگە كۆرسىتىۋاتقان ياردىمى، غەمخورلۇقىنى توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرىدەك خەلق قەلبىگە ئېقىتىپ كىرىپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزمەكتە».

## بۈگۈنكى «2020» ۋە تۈنۈگۈنكى ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995 - يىل 14 - ماي سانىنىڭ 1 - بېتىگە مۇنداق ماۋزۇلۇق بىر خەۋەر بېسىلدى: «خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپنى سېتىپ پۇلنى خوتەننىڭ يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى». بۇ خەۋەردە ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاتناش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئولتۇرۇۋاتقان، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ئالىي دەرىجىلىك ئىككى پىكاپ ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىر پىكاپنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلنى يۇقىرىدىن پىكاپ سېتىۋېلىشقا بەرگەن پۇل بىلەن قوشۇپ، 1 مىليون يۈەننى يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەنلىك ئەھۋالى يېزىلغانىدى.

بەزىلەر ئابروي قوغلىشىپ، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنى سېتىۋېلىۋاتقان، ھۆكۈمەت بۇ خىل شامالنى توسۇپ، كۈچلۈك ۋە كەسكىن تەدبىر قوللىنىۋاتقان ئەھۋالدا تەھرىر ئىلاۋىسى قوشۇپ ئېلان قىلىنغان بۇ خەۋەر جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى.

مەن خوتەندە زىيارەتتە بولۇۋاتقان كۈنلىرىمدە غەيرەت ئابدۇللانىڭ سىرتقا خىزمەتكە چىققاندا، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سېرىق رەڭلىك بېيجىڭ «2020» جىپقا ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ بىر ئىشتىن ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا، پاك - دىيانەتلىك خىزمەت ئىستىلىنى ئېنىقلا كۆرگىلى بولىدۇ.

بىز باشتا تىلغا ئالغان 150 كىلومېتىرلىق چىرا - بۇياقارامايى يولى قۇرۇلۇشىنى ئۈچ يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلانغانلىقتىن، دۆلەت دەسلەپكى يىلى 15 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ، بۇ قۇرۇلۇشنى بىر يىلدا پۈتكۈزۈشكە بەل باغلىدى. چۈنكى ۋاقىت سوزۇلغانسېرى، خەلقنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا بولغان تەلەپ - ئېھتىياجى بارغانسېرى ئاشاتتى. پۇلنىڭ قىممىتىمۇ بارغانسېرى تۆۋەنلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۇسىز، گىياھسىز چۆل - جەزىرىلەردە ئۇزۇن مەزگىل يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، يېقىلغۇ جەھەتتىكى زور قىيىنچىلىق خەلقنى، يەرلىكنى ھالسىزلاندۇراتتى، دۆلەت مالىيىسىنى خورىتاتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دەخلى يەتكۈزەتتى. يەنى بۇ «ۋاقىتنىڭ كەتتى - بەختىنىڭ كەتتى» دېگەنلىك ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بارلىق چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، ئەڭ يۇقىرى سۈرئەت ۋە سۈپەت بىلەن يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش - بىردىنبىر كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ۋە مۇۋاپىق چارە ئىدى. 44 مىليون يۈەن كېتىدىغان بۇ زور قۇرۇلۇشنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن 15 مىليون يۈەن بىلەنلا تاماملاپ بولۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قاتناش باشقارمىسى نامى بىلەن بانكىدىن، قاتناش سىستېمىسىدىكى كارخانىلاردىن قەرز ئالدى. ئالدىن بېيىغان پۇللۇق مەردلەردىن قەرز ئالدى. يولنى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ھۆددىگەرلەرگە ھۆددىگە بەردى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر قىسىم مەبلەغ كەملەيتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ يول قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان غەيرەت ئابدۇللا ئۆزى ۋە باشقارمىنىڭ باشقا مەسئۇللىرى ئولتۇرۇۋاتقان 512 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئۈچ پىكاپنى سېتىپ، پۇلنى يول قۇرۇلۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، ئۆزلىرى كونا پىكاپنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى ھەممەيلەن قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئۇلارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پىكاپ سېتىۋېلىشقا 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. ئۇلار بۇ پۇلنىمۇ قۇرۇلۇشنىڭ يەنە كەملەپ قالغان راسخوتىغا سەپلىدى. مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى قاتناش سىستېمىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقانلار ۋە تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ سەككىز ئاي، يەنى 224 كېچە - كۈندۈز

جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق، چىرا - بۇيا ئاسفالت يولى مۇددەتتىن ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

يول ئېلگە، خەلققە، يۇرتقا نەپ بەردى. ئەمما ئۇ يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە، باشقارمىغا تېگىدىغان ھەر قانداق نەپنى رەت قىلدى.

1994 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىسلامئاباد يېزىسى قاتناش باشقارمىسىغا تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن، قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 20 تۇياق قوي تەييارلاپ ئېلىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، ئۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، شۇ زامات كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئۇلارغا: «يول ياساش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، مەجبۇرىيىتىمىز. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە تاپشۇرغان بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ۋە زىممىمىزگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا، بىز ھەر قانداق ماددىي تەشەككۈرنى قوبۇل قىلالمايمىز!» دېدى ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ، بۇ ئىشتىن توستى. بەزى كىشىلەر مەلۇم مەقسەت بىلەن ئۈچ پارچە گىلەم ۋە پۇل قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ رەت قىلدى. بەزىلىرىنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەردى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانغا خاس روھى، ۋىجدانىنى، پەزىلىتى ۋە خىسلىتىنى نۇرغۇن ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ 1991 - يىلى ئۆكتەبىردە كېرىيە ناھىيىسى ئاتچان يېزىسىنىڭ يولىنى ياساۋاتقاندا، ئىش ئورنىدا يازغان «ئىنسانىمەن» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

«تۆرەلدىمەن پۇشتى ئىنساندىن،
ھۆجەيرەمدە ئىنساننىڭ قېنى.
ئۈنمىدىم يەردىن،
يا چۈشمىدىم ئەرشى - ئاسماندىن.
ئانامنىڭ ئاق سۈتى،
ئاتام پەرۋىشى،
ئىنسانلىققا ئۆگەتتى مېنى.

ۋۇجۇدۇمدا ئىنسانغا خاس روھ،
باتىنىمدا ئىنسانىي غەيۇر،
ئىنسانىي غۇرۇر،
چارىپايدىن پەرقىم - پەزىلەت،
ئەقلىي - كامالەت.
ئادىمىيلىك خىسلەت بايلىقىم،
ۋىجدان - بايرىقىم،
رەزىللىككە باقار كۆزۈم يوق،
پاكلىق - ئاقلىق سۆيگەن ئامرىقىم،
شۇ سۆيۈپتە ئۇلۇغمەن - ئۇلۇغ،
ياشايمەن مەغرۇر.

تۆرەلگەچكە ئىنسان پۇشتىدىن،
ئىنسانغا خاس ياشايمەن دائىم.
ھالاللىقتىن رىسقىم پۈتىدۇ،
ئەجرىم مېنى خاندەك كۈتىدۇ،
تاۋىم تارتماس مۇتلەق ھارامنى.
خەق روزا تۇتسا،
ئوينىمايمەن ھېيتنى - بايرامنى؛
بۇ ھالەتكە كۆنمەيدۇ رايىم.
ئۆز زاغرام بار چايناپ يېگىلى،
ئۆز ناخشام بار قورقماي ئېيتقىلى،
چۈۋۇق بورا ئۆزۈمگە تەۋە،
ھاجىتىم يوق تەمە تەختىدىن،
شۇڭا چەندان ئېگىزدە، تۆردە،
ھۆرمىتىم - جايىم!
غۇرۇر ماڭا سەلتەنەت - تەخت،
پەزىلەت - كۈچ، ھالاللىق - بەخت،
ياراشمايدۇ پەيلى ھايۋانلىق.
ئىنسانلىقنى ئۇنتۇسام ئەگەر،
بوپ كەتمەمدىمەن تۈزكور - بەتبەخت!»

## قەلب تۆرىدىكى ھۆرمەت ئىگىسى

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى دېگۈدەك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئۆتكۈزدى. بىكار ۋاقىت تاپسىلا ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ يۇقىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ھارسا جىپتا بىردەم ئۇخلىۋالدى. ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلىدى. ھەتتا بەزىدە كېچە سائەت ئىككى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئارام ئالماي يەنە باشقا ئىش ئورنىغا باردى. ئۇ 10 يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ يىللىق دەم ئېلىش ئالمىدى. ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئاسەسەن خىزمەت بىلەن بولدى. 1995 - يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى ۋە ئەتىسىلا سەھەردە يەنە ئىش ئورنىغا چىقىپ كەتكىنىچە ئون نەچچە كۈندە قايتىپ كەلدى. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ قۇربان ھېيتنى كۆڭۈلى يېرىم ھالدا ئۆتكۈزدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئايىمىدە بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ئۆز يانلىرىدا يوق ئىدى. يول ئۆز قەرەلىدە سۈپەتكە لايىق پۈتسە، بۇ ئۇنىڭغا قۇربان ھېيتتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بېغىشلايتتى.

1990 - يىلى «جۇڭگو قاتناش گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى ئالاھىدە خوتەنگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يول ياساشقا تۆرتكە بولغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، خەلقنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىشلەش مېنىڭ يۇرت - خەلقىمگە قايتۇرغان، ئەڭ زور جاۋابىم. مەن بىر ئادەمنىڭ كۈچى چاغلىق، مۇھىمى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى، 1 مىليون 500 مىڭ يول سۆيەر خوتەن خەلقىنىڭ بىزگە قۇدرەتلىك ئارقا تىرەك بولۇپ بەرگەنلىكى، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەردۇر».

ئۇنى بەزىلەر: «جانلىق خەرىتە» دەيدۇ. چۈنكى ئۇ پۈتكۈل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ يول ئەھۋالىنى ئىنتايىن تەپسىلىي بىلىدۇ. قايسى يېزىنىڭ يولى نەچچە كىلومېتىر، قاچان ياسالغان، قانچە كۆۋرۈك،

سۈڭگۈچ بار، بۇ يولنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى قانچىلىك؟ يېزا - بازارلارنىڭ گورنى، نوپۇسى، ئائىلە سانى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى... قاتارلىقلارنى ماتېرىيالغا قارىماي بىر - بىرلەپ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا سانائەتلەپ دوكلات قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق كەسىپچانلىقىغا يول كەسپىنىڭ ئەھلىلىرى قايىل، ئامما قايىل.

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، 1978 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان 18 يىل ئىچىدە قەيسەر خوتەن خەلقى 1857 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ناھىيە، يېزا - بازار تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ ۋە كۈچ جەھەتتە ئاجايىپ زور بەدەللەرنى بەردى. بۇ مۇساپىگە جەمئىي 200 مىليون يۈەن مەبلەغ كەتتى. بۇنىڭدىن 60 مىليون يۈەننى دۆلەت بەردى. خوتەن خەلقىنىڭ يول ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگەك كۈچى، ماشىنا - تراكتور ھەققى، ئۇلاغ - ھارۋا ھەققى قاتارلىقلارنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي 140 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ، يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ خىزمەت خاتىرىسىنى ۋاراقلاۋېتىپ، مۇنداق ئابزاسلارغا كۆزۈم چۈشتى:

«1990 - يىلىدىكى بىر يىغىندا ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا: ‹يولداشلار، سىلەر سىرتقا خىزمەت تەكشۈرگىلى چىققاندا، بىر كۆزۈڭلار زىرائەتتە بولسۇن، يەنە بىر كۆزۈڭلار يولدا بولسۇن› دېدى... بۇ، يول سۆيەر ۋالىي خوتەن خەلقى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن ‹يول ۋالىيسى› دېيىلدى».

«1989 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە 160 كىلومېتردىن كۆپرەك يولغا ماي ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كەتتى. ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتنىياز رەجەپ (ئۇ ھازىر كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى - ئاپتوردىن) نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلدى. مەتنىياز رەجەپ يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىنىڭ باش قوماندانى بولدى ۋە تۆت ئايلىق ئىش مەشغۇلاتى جەريانىدا ئىزچىل ئىش ئورنىدا بولدى. نەچچە 10 مىڭ كۇب مېتر شېغىل 15 كۈن ئىچىدىلا تەييارلىنىپ بولۇندى، 100 نەچچە ماشىنا - تراكتور ھەرىكەتكە كەلدى. ناھىيە - يېزا تاشيولىدىن 100 كىلومېتر ئارىلىققا ماي ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە 60 كىلومېتىرلىق دۆلەت يولىغا ماي ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر يېرىم ئاي ئىچىدىلا 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەملىك دۆلەت يولى چىرا ناھىيىسى بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنى تۇتاشتۇردى.»



«1989 - يىلى ۋە 1990 - يىللىرى مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ‹يول ياساشتىكى ئىلغار شەخس› بولۇپ تەقدىرلەنگەن نىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەتئىمىن مەڭلىك، چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەتتۇرى ئەخمەت، كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتنىياز رەجەپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەزىز قۇربان، گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى نۇرمۇھەممەت زايىت، چىرا ناھىيە چاقار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى توختىقۇربان كېرەم، قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان ۋە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يالقۇن قادىر، مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرغۇن زاكىر، خوتەن شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۆمەرجان، گۇما ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۆمەر ئابدۇللا... قاتارلىق يولداشلار يول ياساش ۋە ئاسراشتا مۇنەۋۋەر باشلامچىلار سۈپىتىدە زور ئەجىر قىلغاچقا، بىزنىڭ يول قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىمىز يىلدىن يىلغا ئوڭۇشلۇق، يىلدىن يىلغا نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلدى...»


دېمەك، ئۇنىڭ خەلققە بولغان مۇھەببىتى، يول قۇرۇلۇشىنى قوللىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە بولغان ھۆرمىتى چوڭقۇر، تەشەككۈرى چەكسىز.

ئۇ بىر تەرەپتىن، خەلق بىلەن بىرگە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خوتەن تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزىلەرنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش، خوتەن خەلقىنىڭ جاپالىق ئىش ئورۇنلىرىدا قەيسەرلىك، باتۇرلۇق بىلەن ئىشلەشتىكى ئېسىل روھىنى تەشۋىق قىلىش، بۇ ئارقىلىق يول سۆيەر خوتەن خەلقىنىڭ روھىغا ئىلھام ۋە مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلىش، خەلقىنىڭ مېھنەت - ئەجرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى:

1991 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول قاتناش تەزكىرە ئىشخانىسى 386 بەتلىك، قاتتىق مۇقاۋىلىق «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قاتناش تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ تەزكىرە تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى 1993 - يىلى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىلەن بىرلىشىپ مەخسۇس بەت ئېچىپ، «خوتەن يولىدا پاياندار» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى ۋە دەرىجە بويىچە باھالانغان نادىر ئەسەرلەرنى توپلاپ، يۇمشاق ۋە قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ، «خوتەن يولىدا پاياندار» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ، مۇسابىقە باھالاش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇللۇقى ۋە كىتابنىڭ باش مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى 1993 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى بىلەن بىرگە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاپتورلارنىڭ يول تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى دەرىجە بويىچە باھالاپ، 25 ئاپتورنى مۇكاپاتلىدى.



1994 - يىلى «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىلەن بىرگە «يول ئىشقى - دىل ئىشقى» تېمىسىدا، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا «راۋان يوللار» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ناخشىچىسى مۇنەۋۋەر مەتتوختىنىڭ ئىجراسىدىكى، كومپوزىتور ھېكىم ھەسەن مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «خوتەندە راۋان يوللار» ناملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئىشلەپ نەشر قىلدۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ «خوتەندە راۋان يوللار» ناملىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدۇردى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قاتناش تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ مەخسۇس فىلىم تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ھەمكارلىشىپ، گېزىتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ بېيجىڭدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچىسى بولۇپ ئۈرۈمچىدە تەقدىرلەنگەن تۆھپىكارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى شەجەرىسى» مەخسۇس سەھىپىسىنى باشقۇردى.

1995 - يىلى يەنە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە، خوتەننىڭ يول قۇرۇلۇشى تەسۋىرلەنگەن «خوتەندە راۋان يوللار» ناملىق ئەدەبىي توپلام قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇنىڭ تەشەببۇسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قاتناش باشقارمىسى 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «ئۇدۇن ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپات فوندى» تەسىس قىلىندى. بۇ فوند خوتەننىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان، تۆھپە قوشقان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدۇ. ئۇ يەنە خوتەننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى كۆپ قېتىم بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلار ئۇچۇن پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىنى قوللىدى. ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى.

ئۇ، خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئاتالغان، خوتەن خەلقىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئاققۇزغان قان - تەرى، قىلغان بىھېساب جاپالىق ئەمگىكى تەسۋىرلەنگەن «يول سۆيەر خەلق ۋە خوتەن تاشيول قۇرۇلۇشى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

ئۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ئورۇنلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى قاتناش باشقارمىسىنىڭ بۇرچى، دەپ قاراپ، ئۇلارغا كۆپ خىل ياردەملەرنى بەردى. ئۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ، نىيە، چىرا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ دۆلەت ئازاد بولۇپ 40 يىلدىن كېيىنمۇ يۈك ئاپتوموبىلىدا ياكى تراكتورلاردا ئولتۇرۇپ يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ دېھقان - چارۋىچىلار ئۇچۇن ئويۇن قويۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا بىردىن ئاپتوبۇس ھەل قىلىپ بەردى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ۋە كېرىيە، قاراقاش، گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىگە كۆپ قېتىم پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ياردەم قىلدى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى قۇرۇلغاندا، باشقارمىنىڭ بىر پىكاپىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىئانە قىلدى. گۇما ناھىيە نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىكلارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ يېزىغا بىر ماشىنا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ماشىنىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇلارغا بىر ماشىنا ئېلىپ بەردى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان خوتەننىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن كۆز تىككۈدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدا ئۇنىڭ، شۇنداقلا قاتناش سىستېمىسىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

تۆھپىسى بار. پارتىيە - ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق كۆپ شان - شەرەپلەرنى بەردى.

خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى 1989 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن «مائارىپنى قوللاشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، 1991 - يىلى «ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى يېڭىلاش خىزمىتىنى قوللاشتىكى ئىلغار ئورۇن»، 1995 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «1994 - يىللىق ئىلغار كوللېكتىپ»، 1995 - يىلى مارتتا «نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئىلغار ئورۇن»، 1988 - يىلى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ۋىلايەتلىك قاتناش سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ئورۇن»، 1990 - يىلى خوتەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك ئورۇن»، 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى





ئىشخانىسى تەرىپىدىن «لاياقەتلىك ئورۇن»، 1995 - يىلى قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

ئۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر»، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭ بويىچە تاشيول قۇرۇلۇشىدا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئىلغار شەخس»، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكۈچى»، قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «قاتناش سىستېمىسى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى»، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى 1 - ماي ھارپىسىدا پايتەخت بېيجىڭدا، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتى ۋە تەقدىرلەندى.

1995 - يىلى سېنتەبىردە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شۇ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر كاتتا مەرىكىسىگە قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە ئۇ شىنجاڭ «خەلق سارىيى»دا ناھايىتى قىسقا، ئەمما ئەمەلىي ۋە مېغىزلىق تەجرىبە سۆزلەپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇ يىلى نويابىردا يەنە قاتناش نازارىتى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى ھەمدە ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى»غا قاتناشتى ۋە يىغىندا نۇتۇقلۇق تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، يىغىن ئەھلىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1996 - يىل 30 - ئاپرېل سانىنىڭ باش بېتىگە «قۇملۇقتىكى تاشيوللارغا تۆكۈلگەن قان - تەر» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئوچېرك بېسىلدى. ئوچېركتا ئۇنىڭ خوتەننىڭ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرى، سىڭدۈرگەن بىھېساب ئەجرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئوچېرك ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭدىكى جۈملىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ خوتەننىڭ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن بىھېساب ئەجرى ۋە مېھنىتىگە، بىر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك ئالىيجاناب روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

1994 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى ئۇنى قاتناش نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. بۇ، ئەلۋەتتە بىر كىشى ئۈچۈن زور ئامەت ۋە ھايات مۇساپىسىدىكى زور

بورۇلۇش پۇرسىتى ئىدى. بىراق ئۇ قاتناش نازارىتى رەھبەرلىرىگە: «مېنىڭ خىزمىتىم خوتەندە. خوتەننىڭ يوللىرى تولۇق ياسىلىپ بولمىغىچە ھېچيەرگە يۆتكەلمەي-




مەن» دەپ ئۆزىنىڭ ئىخمۇ قاتتىق ئىشلەپ، خوتەن خەلقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

ئۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن 10 يىل ئىچىدە، خوتەندە قاراماي لاشتۇرۇلغان يول 1750 كىلومېتىرغا يېتىپ، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن 420 كىلومېتىر يولنى قاراماي لاشتۇرۇش پىلانى تۆت ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ۋىلايەتتىكى 86 يېزا - بازارنىڭ 84 نىگە قاراماي يول تۇتاشتۇرۇلدى. 10 يىل ئىلگىرى، تاشيول قۇرۇلۇشى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئارقىدا تۇرىدىغان خوتەن ۋىلايىتى بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندى. بۇ ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان بۇ ھۆرمەت ئىگىسى - غەيرەت ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى خوتەندە بىلمەيدىغان كىشى يوق، دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

## «چېدىر ئەسلىمىسى» دىكى تاتلىق ئەسلىمىلەر

«. . . قولۇمدىكى بەتلەرگە شېئىرىيەت دۇردانىلىرى تىزىلغان، يول ئىشچىلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى نەقىشلەنگەندى. ھەر كۇپلېت، ھەر بىر مىسرادا مەردانە تەپەككۇر، جۇشقۇن پىكىرلەر ئۇرغۇپ تۇراتتى؛ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار تاغ - داۋانلار ئۈستىدە لاچىندەك پەرۋاز قىلاتتى؛ تاتلىق لىرىكىلار ئاددىي - ساددا، پاك، ئوماق قىزدەك كۈلۈمسىرەيتتى. . . مىسرا - ھەرپلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن تاغ - تاشلار پارتلىغان چاغدىكى گۈمبۈرلەشلەر، مىتىن - بازغانلارنىڭ جاراڭلاشلىرى، قاڭشىق قاراماي ھىدلىرى، قاراماي ئېرىتىش ئوچاقلىرىنىڭ ئوت - يالقۇنلىرى، ئىس - تۈتەكلىرى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئاۋازلىرى، بوران، يامغۇر، چاقماق سادالىرى كېلىپ تۇراتتى! . . . » بۇ، خەلق سۆيگەن ئاتاقلىق شائىر، جامائەت ئەربابى روزى سايىتنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمىزنىڭ باش قەھرىمانى - غەيرەت ئابدۇللانىڭ 1995 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى - «چېدىر ئەسلىمىسى»گە يازغان كىرىش سۆزىنىڭ بىر قىسمى.

«چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە بۇ توپلامنىڭ ئورغۇن تەرىپى بولدى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، پېشقەدەم ئاخباراتچى مۇمىن روزى بۇ توپلام ئۈستىدە توختىلىپ مانا مۇنداق دېدى: «غەيرەت ئابدۇللانىڭ «چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىر ئوقۇپ چىققۇدەك ئېسىل شېئىرلار توپلىمى ئىكەن. مەن بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، ۋە شىنجاڭ «ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قايىل بولغانىدىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان شېئىرلارغا خاس بولغان گۈزەللىك، چىنلىق ۋە شېئىرىي ئوبرازلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھەر بىر شېئىرى شۇ قەدەر چىن ۋە گۈزەل بولۇپ، ھازىر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى شېئىرلاردىكىدەك ساختا، مۇجمەل تەسۋىر ۋە




مەنتىقسىزلىك يوق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئادەم ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. تىلىمۇ خەلق تىلىغا بەك

يېقىن. قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مۇشۇنداق بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا گەنە شۇنداق ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ چىققانلىقى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ ۋە قايىل قىلماي قالمايدۇ. ئۇنى شائىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى خەلق ئېتىراپ قىلغان شائىر دېگەن شۇنداق بولىدۇ». مەن يەنە «چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرگەن بىر قىسىم شائىر، يازغۇچى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارمۇ «چېدىر ئەسلىمىسى»نىڭ ياخشى چىققان شېئىرلار توپلىمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەن «چېدىر ئەسلىمىسى» رەسمىي توپلام بولۇپ نەشىر قىلىنىشتىن ئىلگىرى قولىيازما نۇسخىسىنى كۆرگەنىدىم ۋە بۇ شېئىرلارغا بەكلا قىزىقىپ قالغانىدىم. كېيىن ئۇ توپلام بولۇپ نەشىردىن چىققاندىن كېيىن تولۇق كۆرۈپ چىقتىم ۋە بىر نەچچە ئاغىنەمگە بۇ كىتابنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى ھاۋالە قىلدىم. چۈنكى بۇ توپلامدىكى شېئىرلار گەرچە شائىر غەيرەت ئابدۇللا (بىز بۇ يەردە ئۇنى شائىر دەپ ئاتايلى) نىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شېئىرلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولسىمۇ، بىراق بىز بۇ شېئىرلاردىن ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ چىنلىق، سەممىيلىك، گۈزەللىك چاقناپ تۇرغان پاساھەتلىك، ئېسىل پىكىرلەرنى تەۋەللۇت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ مىسرالىرىدىن تۇپراق ھىدى كېلىپ تۇرغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە ئىستېتىك زوق بەخش ئېتەلىگەن. شېئىرلاردا خوتەن يول قۇرۇلۇشىنىڭ جاپالىق مۇساپىسى، قۇرۇلۇشقا قاتناشقان دېھقانلار، ئىشچىلار ۋە كادىرلارنىڭ نى - نى خەتەر ۋە مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، يۇرتىنىڭ گۈزەل كېلەچىكى، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن مىننەتسىز تەر تۆككەنلىكى، بولۇپمۇ خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۈچۈق - يورۇق، لەۋزى ھالال، راست سۆزلۈك، قورقۇمسىز، باتۇر، جاپاكەش خاراكتېرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ «تاغلىقلارغا مەدھىيە»، «مەن تەلەيلىك، بەختىيار ئوغۇل»، «رەپىقەمگە بايرام تەبرىكى»، «بۇياتاغلىرى، بۇيا يوللىرى» ... قاتارلىق شېئىرلىرى بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۆزۈك - ئۆزۈك 120 پارچە بوستانلىقتىن جەملەنگەن، يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىن تەركىب تاپقان خوتەن دىيارىدىكى 1 مىليون 500 مىڭ خەلق «باي بولۇش ئۈچۈن يول ياساش كېرەك. قاتناش راۋان بولسا قالغان ئىشلار گۈللىنىدۇ!» دېگەن ئىلمىي يەكۈنگە يۆلىنىپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى، يازنىڭ نەپەسنى كۈيدۈرگۈچى تومۇز ئىسسىقىدا چۆل - جەزىرىلەردە يېتىپ - قوپۇپ، قۇرۇق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ يول ياساپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ يول قۇرۇلۇشى تارىخىدا قالتىس مۆجىزە ياراتتى! شۇڭا، قەدىمىي توپىلىق يوللار تاشيولغا، تاشيوللار ئاسفالت يولغا ئايلاندى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنى بويلاپ پايانسىز دەشت - باياۋان، يۇلغۇنلۇق، توغراقزارلىقلارنى كېسىپ ئۆتكەن يېڭى يول - بەخت يوللىرى خوتەن يېزا - بازارلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، خوتەنلىكلەرگە ئىستىقبال، تەرەققىياتنىڭ تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلدى... شۇڭا، شائىرنىڭ بۇ مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن «چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق توپلىمىدىكى شېئىرلار خوتەن يوللىرىنىڭ زەپەرنامىسى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. (M1)

1995 - يىل مايدا خوتەن - ئۈرۈمچىدە يېزىلدى، 1996 - يىل ئىيۇندا تولۇقلاپ تۈزىتىلدى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى

## «مۇقام ئەجدادلىرى» مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى تەييارلىغان تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» (تۇرسۇن يۇنۇس يازغان بۇ ئوپېرا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى - مۇھەررىردىن.) بۇ يىل 7 - ئايدا خاربىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ يىلغى مەملىكەت بويىچە ئوپېرا كۆرىكى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى بۇ يىل 4 - ئايدا «مۇقام ئەجدادلىرى» ناملىق ئوپېرانىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى باھالاش كومىتېتىغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئوپېرا ئاتاقلىق رېژىسسور، كومپوزىتورلاردىن تەشكىللەنگەن باھالىغۇچىلارنىڭ قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ باھالىشى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە تاللانغان سەككىز ئوپېرانىڭ بىرى بولدى. يېقىندا شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى كۆرەككە قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رېپېتىتسىيە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەدەنىيەت نازارىتىمۇ كۆرەككە قاتنىشىدىغان ئارتىسلاردىن بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئامىنە ئابدۇرېشىت (M3)



# ئەۋلىميا ئوت

(ھېكايە)

ئابدۇللا ساۋۇت

I

- ئاللا! بالىخان كەتتى، ئوت كەتتى، ئوت!...

جانابۇۋىنىڭ يىغا ئارىلاش ئېچىنىشلىق نالىسى، غەزەپلىك قارغىشلىرى بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلىپ، تۈن پەردىسى ئوراپ تۇرغان ئورمانلىقنى زىلزىلىگە سالدى. جانابۇۋى قىپيالىڭاچ ئىدى. ئۇ، كەپتەردەك بۇقۇلداپ ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ۋە پۇتىغا ئۇرۇنغان بىر ياي شىبىلىتنى قولىغا ئالدى - دە، زەرب بىلەن نېرىغا ئاتتى. ئۇ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئورمانلىقنى ئارىلاپ بايا تاشلىۋېتىلگەن پەلتو، كۆڭلەك، مەسە - كالاچ، ئىچىم روملىنى تېپىپ قولتۇقىغا قىستى. يولغا چىقىپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆستەڭ بويىغا باردى - دە، ئاۋۋال كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇغا تاشلاپ ئېقىتىۋەتتى، ئاندىن مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۈشۈپ يۇيۇندى. كونا خۇمدانغا كېلىپ ئەسكى بوغچىسىدىن قارا گىرىپ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كىيدى. «ئاللا!» تولاپ چۇقان سالغىنىچە بازار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش نالە - پەريادلىرى تۈن جىمىلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇ، خۇددى يوقاتقان ھالدا بازار كوچىلىرىدىكى دۇكان - بوتكىلارنىڭ ئىشىك - قاپقاقلىرىنى گۈمۈلدىتىپ قاقتى. ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقلارنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يەتكىنىچە تېپىپ ئۆرۈۋەتتى. لەمپىلەرنىڭ شەلپەر رەختلىرىنى تارتىپ - چۇشۇرۇپ يىرتتى. ئىدارىلەرنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرىنى سىلكىپ - جالاقشىتتى. ئائىلە قورۇلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقتى. ئىشىكلەرنى مۇشتىلىدى، تەپتى، زەنجىرلەرنى شاراقلاتتى. كاتەكلەرگە تاش - داڭگاللارنى ئېتىپ توخۇلارنى ئۈركۈتتى. ئەخلەتخانىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەن لالما ئىتلارنى نەلەرگىدۇ قوغلىدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن بىر كېچىنى ئۇ داد - پەرياد سېلىپ يىغلاش، كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئارامىنى بۇزۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاخىرىدا يانتاق قاسىمنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ بىر ھازا جىم تۇردى. كېيىن ئىشىكنى مۇشتىلىدى، ئىچكىرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن بىر دەم چۇقان - سۈرەن سالدى، ئۇن سېلىپ يىغلىدى، يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، زار - زار ياش تۆكتى:

- ئاللا! بالىخان كەتتى، ئوت كەتتى، ئوت! ئوغلۇڭنىڭ جان يېرىگە يارا چىققاي ئىلاھىم! ئاللا! ئوت - ئوت...

ئۇنىڭ ئاۋازى بىردە بۆرىنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازدا ھۇۋلىشىغا، بىردە مۇقام مۇقەددىمىسىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق ساداسىغا، بىردە ھۇقۇشنىڭ سايرىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

بازار جامەسىنىڭ ئېگىز پەشتىقىدىن ئاڭلانغان سوزۇق، ياڭراق ئەزان بىلەن تەڭ جانابۇۋى يانتاق قاسىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن يۈگۈرگىنىچە چوڭ كوچىغا چىقتى - دە، بازار سىرتىغا قاراپ ماڭدى. يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلىغانىدى، كۆك قەرىدە تورغايلار چۇ - چۇلايتتى. ئۇ، يول چېتىدىكى بۈك - باراقسانلىق ئورمانلىقنى ئارىلاپ ئاخشام ئۆزى چۆرۈۋەتكەن بىر پاي شىبىلىتنى تېپىپ چىقتى. سۈترەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان سۇبھى ئەمدىلىكتە بارا - بارا قىزىرىشقا باشلىغانىدى.

جانابۇۋى جامە ئالدىغا كەلدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ دەرۋازىدىن چۇۋۇلۇشۇپ چىقىۋاتقان جامائەت سەينادا گاھ ئۆچكۈدەك سەكرەۋاتقان، گاھ ئاتتەك چاپچىۋاتقان،

ئەدەبىيات گۈلزارى

گاھ قويۇندەك پىرقىراپ - چۆرگىلەپ ئايلىنىۋاتقان جانابۇۋنى كۆردى:

- جانابۇۋنىڭ ئېسىرى قوزغىلىپتۇ.

- ساراڭ دېگەن ھامىنى شۇ ساراڭلىقىنى قىلىدۇ.

- ئۇ دېگەن ساراڭ ئەمەس، ئەۋلىيا.

- ئۇنى ئەۋلىيا دېگەنلەرنىڭ ئۆزى رەسمىي ساراڭ.

- نېمە، مېنى ساراڭ دەۋاتامىلا، ئەمىسە سىلىمۇ ساراڭ، بىرىنچى ساراڭ، كىنىشكىسى بار ساراڭ، جانابۇۋى ھەقىقىي ئەۋلىيا.

- ئۇنداق بولسا، سىلىگە ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ پوقى دورا بوپتۇ - دە؟

- سىلىگە دورا بولغاي ئىلاھىم.

- بەس! قارىماي مېڭىڭلار نامەھرەمگە!

- ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ ساراڭ نېمانداق...

جانابۇۋى پىرقىراپ ئايلانغاندا قارا كىرىپ كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى كۆپۈپ - كۆتۈرۈلەتتى - دە، ئۇنىڭ ئاپئاق، بىجىرىم پاچاقلىرى، تولغان يوتىلىرى، ئەۋرىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ، چوڭ كوچىغا بۇرۇلغان جامائەتنىڭ خېلىلا ئالدىدا سەكرەپ - پىرقىراپ ماڭماقتا ئىدى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى. تومۇز مەۋسۇمى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولۇپ، سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسى بەدەننى قورۇپ شۈركەندۈرەتتى. ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغان كىشىلەر جانابۇۋنىڭ شۇ تاپتىكى ئەسەبىيلەشكەن ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى:

- بىرەر ئاي بولغان خېلى جىمىپ قالغىلى، بۈگۈن بۇ ساراڭغا نېمە بولدىكىن؟

- بىرسى قاتتىق ئازار بەرگەن چېغى، بولمىسا بۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتمەيتتى.

جانابۇۋى شۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن دىكىلداپ سەكرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى شىبلىتىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان بولۇپ، كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتىكىنى يىغىپ قولتۇقىغا قىسىۋالغانىدى.

چۈشتىن كېيىن كۈن قاتتىق قىزدۇرماقتا ئىدى. تۇرنىسا جىگلى (دېرىكتور) قىشلىق كىنوخانىنىڭ تېمى ئۈستىدە ماناپ بوخوچى (قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى) بىلەن چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. سەل نېرىدا تېخنىك ئۇستىلار ۋە ياغاچچىلار جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. پەسكە قىشلىق كىنوخانىنىڭ ئۈستىنى يېپىش ئۈچۈن ياساپ تەييار قىلىنغان خا - جەگىلەر، چەسۋەك، پەرەمانلار ھەممە پەنەركە ۋە زىنىنەتلەش - بېزەش بۇيۇملىرى دۆۋىلەنگەنىدى.

قىشلىق كىنوخانا 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى سېلىنغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ناھىيە بويىچە بىردىنبىر كاتتا ئىمارەت ھېسابلىناتتى، كوچىغىمۇ ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىمارەت زامانىنىڭ كەينىدە قېلىپ كونا - خەتەرلىك قۇرۇلۇش سانىلىدىغان بولدى. شۇڭا، ئىككى يىلدىن بۇيان كىنو - تىياتىرمۇ قويۇلمىدى. تۇرنىسا جىگلى قىشلىق كىنوخانىنى قايتىدىن سېلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭ پىلان - لايىھىلىرىنى قوللىدى ۋە ئۈرۈمچىگە بارغان چاغلىرىدا مۇناسىۋەتلىك باشلىقلاردىن پۇل تەلەپ قىلدى. تۇرنىسا جىگلىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئۈرۈمچىگە قاتىرىدى، گەرچە ئۇ قىشلىق كىنوخانىنى يېڭىلاپ سېلىشقا پۇل ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا رېمونت ئۈچۈن دەپ 200 مىڭ يۈەن ئېلىپ كەلدى. ناھىيە مالىيىسىمۇ 60 مىڭ يۈەن چىقاردى. تۇرنىسا جىگلىنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى ھەل قىلغانلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۈز - ئابروي، ئىناۋەت ئاتا قىلدى. ئەسلىدىمۇ ئۇ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا گېپىنى جايلاپ دېيىشكە، ھەرقىماپ باشلىقلارنى قايىل قىلىپ مۇددىئا - مەقسەتلىرىگە يول

ئېچىشقا ئۇستا ئىدى. شۇڭا ئۇ كىنوخانىنىڭ بوغالتىرلىقىدىن جىگلىلىقىغا كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئېرى يانتاق قاسىمنىڭ گوڭشې - يېزا شۇجىسى، گوڭلى قاسىمنىڭ ناھىيە شۇجىسىنىڭ تەرجىمانى، ھاكىم ياردەمچىسى ۋە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇشىغا يول ئاچقانىدى. كېيىن تۇرنىسا جىگلى يەنە ئېرىنىڭ ناھىيىگە يۆتكىلىشىگىمۇ يول ماڭدى. يانتاق قاسىم ناھىيىدىكى ئىدارىلەرنىڭ بىرىگە ئىدارە باشلىقى بولدى.

تۇرنىسا جىگلى ھەل قىلغان پۇل بىلەن قىشلىق كىنوخانىنىڭ ئەسلىدىكى تېمى ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىدىغان، ئۈستى ئېچىلىپ باشقىدىن يېڭى ئۇسلۇبتا يېپىلىدىغان، ئىچى - تېشى، تام - تۈرۈسلىرى زامانغا لايىق زىنىنەتلىنىدىغان بولدى. ئۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇن تونۇشۇپ، يوشۇرۇن ئالاقىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇينىشى ماناپ بوخوچىغا كۆتۈرە بەردى.

تۇرنىسا جىگلى ماناپ بوخوچى بىلەن سۆزىنى تۈگىتىپ پەم بىلەن پەلەمپەي تەرەپكە مېڭىۋىدى، «ئاللا! ئوت كەتتى! قاسىم كۆيدى! ئاللا، ئاللا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىنوخانا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان جانابۇۋنى كۆرۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى پىررىدە قايدى - دە، چىرقىرىغان پېتى پەسكە ئۇچۇپ چۈشتى. ئەمما ئۇ بەختىگە يارىشا دەستىلەنگەن پەنەركە ئۈستىگە، ئاندىن يۇمىلۇنۇپ ياغاچ قىرىندىلىرى بىلەن پوزەك دۆۋىسىگە چۈشكەنىدى. ئىشلەۋاتقانلار كېلىپ ئۇنى يۆلەۋاتقاندا جانابۇۋى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېلىھەم ياش تاراملاپ ئېقىپ تۇراتتى. ياش بىلەن يۇيۇلغان مەڭزى مەرۋايىتتەك سوزۇلۇپ پارقىراپ تۇراتتى. تۇرنىسا جىگلىنىڭ چىرايىدا قان يوق، بورىيادەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، جانابۇۋنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. جانابۇۋى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى يەلپۈشكە باشلىغان ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ ئوچۇق بەدىنىگە قاراشتىن نومۇس قىلىپ شۇ ھامان نېرى كېتىشتى. ئۇ، تۇرنىسا جىگلى يۆلەپ - سۆرەپ دېگۈدەك كوچىغا ئېلىپ چىقتى:

- دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ، جىگلى خېنىم؟

- ياق، بۇۋۇم، ھېچيېرىم ئاغرىمىدى، مەن... مەن كىرىپ كېتەي.

- مەن بىلەن ماڭ!

تۇرنىسا جىگلى ئىختىيارىنى قولىدىن بەرگەن ھالدا تىترەپ - تەمتىرەپ، دەلدەڭشىگەن پېتى يەردىن ئۈستۈن قارىماي ماڭدى. جانابۇۋى ئۇنىڭ كەينىدىن يالىڭاياغ پۇتلىرىنى ئاسفالت يولغا پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، سەكرەپ - چۆرگىلەپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ماڭاتتى ۋە توختىماي ۋارقىرايتتى. ئاۋازى بوغۇق ۋە تولىمۇ زەئىپ - ئاجىز ئىدى. بىر توپ باللار ئىككىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەنىدى. جانابۇۋنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ، گاھىدا تۇرنىسا جىگلىنى تاشلاپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ بېرىپ يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا تاشلىناتتى. شوپۇرلار چۆچۈپ، رولنى بۇراپ يانداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. گاھىدا ئۇ تۇرنىسا جىگلىنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ ماڭاتتى. كوچا بۇرۇلۇشىغا كەلگەندە بىر پىكاپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. جانابۇۋى ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك بىپەرۋا ھالدا پىكاپقا قاراپ مېڭىۋەردى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگۈسى ھادىسىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولغان شوپۇر پىكاپنى قاچۇرۇپ يول چېتىدىكى ئۈچلىرى تەكشى قىرقىلغان سېدىلەرگە ئۇستۇردى. پىكاپ سىڭايان تۇرۇپ قالدى. پىكاپتىن، قورقۇپ رەڭگىدە قان قالمىغان شوپۇر بىلەن قاسىم يانتاق چۈشتى. ئۇ، ئانىسىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك بولدىيۇ، غەزىپىنى باسالماي جانابۇۋىگە

ۋارقىرىدى:

- ئۆلگۈك كەلدىمۇ، ساراڭ!

تۇرنىسا جىڭلى ئۇنىڭغا «قوپاللىق قىلما» دېگەن ئىشارىدە قولىنى سىلكىپ قويۇپ شوپۇرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. قاسىم يانتاق جانابۇۋىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدىكى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، غەزەپلىك ھالەتنى كۆرۈپ لاسسىدەبوشىدى ۋە ئەتراپىنى گۇررىدە ئولاشقان ئادەملەر توپىدىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى.

- مېنىڭ ئۆلگۈم كەلمىدى، ئەسلىدە سېنىڭ ئۆلگۈڭ كەلگەن. بولمىسا ئاخشام قاراڭغۇدا . . . مەست بولۇپ . . . ماڭا، مەندەك ساراڭ خوتۇنغا چېقىلامتىڭ؟ مانا، بىر كېچە - كۈندۈزدىن بېرى قان - قان يىغلاپ، ياش تۆكتۈم، پۈتۈن بازارنى بېشىمغا كەيدىم، سېنى قارغىدىم. بىلسەڭ، سەن ھايۋاننىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىمىدىم. ئاناڭنى سەن بىلەن ئۇدۇل قىلىپ تۇرۇپ مۇشۇ گەپنى دەي، دەپ كەلدىم.

- تۆھمەت قىلما، نومۇسسىز ساراڭ! - قاسىمنىڭ چىرايى ئۇزۇن يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ زەئىپلەشكەن بىمارنىڭ چىرايىدەك قانسىز - سولغۇنىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا، تونۇش - ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

- تۆھمەت دەمسىنا؟ ئاخشام ئورمانلىقتا يېنىمدا چۈشۈپ قالغان مۇنۇ كەشىڭ گۇۋاھ ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنى دەلىل - ئىسپاتلىق ئۈچۈن تەشكىلگە تاپشۇرىمەن. مەن ئۆلمەيمەن، سەن نومۇستىن ئۆلىسەن. ھازىر سېنى نۇدايىم جازالاشقا باشلىدى. ئاللا، ئوت كەتتى! ئاللا! . . .

جانا بۇۋى سەكرەشكە باشلىدى. قاسىم ئاستا ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەتىگەندىن بېرى مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇ تاپتا دوختۇرخانىغا ماڭغانلىقىنى ئېيتتى - دە، ئىنجىقلىغانچە يولغا توغرىلانغان پىكاپقا چىقتى. پىكاپ ئاستا يۇرۇپ كەتتى. شۇ پۇرسەتتە تۇرنىسا جىڭلى ئادەملەر ئارىسىغا .يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى. جانابۇۋى ئۇنى يادىدىن چىقارغانىدى. ئۇ، ئادەملەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ ۋارقىراپ - چۆرگىلەپ، يۈگۈرۈپ دېگەندەك كوچا ئايلىنىشقا باشلىدى:

ئادەم ئوغلىنى ئازدۇرغان نەپسى ھاۋا ئەمەسمۇ؟
چىركىن دۇنياغا سالغان نەپسى ھاۋا ئەمەسمۇ؟

ئاخشام ئەلياتقۇ مەھەلدە جانا بۇۋى سىبىت ياغچىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەتمىدە قۇرئان ئوقۇپ، مەنا يېشىپ - تەپسىر قىلدى، سايايە چېلىپ ھېكمەت ئېيتتى. قول خوجا ئەھمەدنىڭ خۇدا، پانىي ئالەم ۋە باقىي ئالەم، پەيغەمبەر، جەننەت، دوزاخ توغرىسىدىكى شېئىرىي ھېكمەتلىرى سورۇندا ئولتۇرغان بوۋۇملەرنى، تەقۋادار ئاياللارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. سورۇن ئەھلى يىغا - زارە قىلىشتى. زىكىر - تەلقىن باشلانغاندا جانا بۇۋى پىرقىراپ - ئايلىنىپ ساما سېلىپ سورۇن ئەھلىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. خەتمە خېلىلا كەچ ئاخىرلاشتى. جانابۇۋى پۈتىغا چەت ئەلنىڭ ئېسىل، يېپيېڭى مەسە - كالىچى، ئۈچىسىغا قارا دۇخاۋا پەلتو كىيگەن ھالدا سىرىق غىجىم رومىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاي چىقمىغان بولسىمۇ، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدا ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سۈزۈلگەنىدى. ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئوچۇق كۆرۈنەتتى. يول چېتىدە يىگانە كېتىۋاتقان جانابۇۋى شۇ تۇرقىدا ئاجايىپ لاتاپەتلىك، گۈزەل بوي - بەستىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ، چوڭ يولغا قايرىلغاندا بىر ئەر كىشىنىڭ ۋەلىسىپىتىنى دەم ئالدىغا، دەم كەينىگە يېتىلەپ دەلدەڭشىپ تەستە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئېھتىيات ئۈچۈن چەتكە ئۆتۈپ يولىنى داۋام قىلدى.

- خ . . . خېنىم، تو . . . توختىسىلا.

جانابۇۋى چۆچۈپ كەتتى، خۇددى كاچكولغا چۈشۈپ كەتكەندەك شۈركەندى، تىترىدى، قەدىمىنى تېزلەتتى. ئەركىشى ۋەلىسىپىتنى تاشلاپ قويۇپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

- خېنىم، ئە . . . ئەجەب بەلەن ۋاقىتتا ئۇچرىدىلا، تەلىيىم بارىكەن.

جانابۇۋى ئۇنى تونىدى، ئۇ قاسىم يانتاق ئىدى. جانابۇۋى گەپ قىلماستىن يولىغا مېڭىۋىدى قاسىم يانتاق ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن پېتى ئورمانلىققا ئېلىپ ماڭدى. جانابۇۋى دەسلەپ مەڭدىدى، ھاڭ - تاڭ قالدى، كۈچلۈك قوللار كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىغاندىلا ئاندىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ، تېپچەكلەپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

- قولۇڭنى تارت، مۇناپىق! مەن بىر ساراڭ خوتۇن، مېنى قويۇۋەت! خۇدادىن قورق بەتبەخت. جان يېرىڭگە يارا چىققاي ئىلاھىم!

ئەسلىدە قاسىم يانتاق بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئاشنىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئاۋۋال ھويلىغا چالما تاشلىدى، كېيىن ئىشىكنى ئاستا چەكتى، ئارقىدىن قاتتىق مۇشتلىدى، ئىچكىرىدىن سادا چىقمىدى. قاسىم يانتاق ھويلا تېمىغا بىر نەچچە قېتىم ئېسىلىپ خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا يىقىلىپ چۈشتى. شۇ ئاچچىقىدا كەينىگە يېنىپ يولغا چىققاندا بىر روپاش ئايال ئۇچرىدى. بۇ، ئۇنىڭ تازا نەپسى قۇتراپ تۇرغان بىر چېغى ئىدى.

ئۇ، ئالدىدىكى ياللىڭاچلانغان ئايالنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراشلىرى، داد - پەريادلىرى، قارغاشلىرىدىن جانا ساراڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەندە كۆڭلىدە غەلىتە، يېقىمسىز بىر تۇيغۇ پەيدا بولدىيۇ، لېكىن بۇنداق كېچىدە نېمىلا بولمىسۇن بىر قېتىم ھاۋايى - ھەۋەسنى قاندۇرۇۋېلىش ئىستىكى ھەممىدىن غالىب كەلدى. ئۇ، ۋۇجۇدىدا تىنىمسىز قۇتراۋاتقان شىددەتلىك بىر كۈچنىڭ دەۋىتى بىلەن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي، جانابۇۋىنى يەنە سۆرىگەن پېتى ئورمانلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ كەتتى. . .

قاسىم يانتاق ئولتۇرغان پىكاپ ئۇزاپ كېتىپ ئانچە ئۆتمەيلا جانابۇۋىمۇ دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش ۋارقىرىغان ئاۋازى غەزەپلىك قارغىشلىرىغا قوشۇلۇپ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك ئاجايىپ قورقۇنچلۇق سادادا ئاڭلانغانىدى. ئۇ، ئامبولاتورىيە بىناسىغا كىردى. كارىدوردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۇقان سالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرنىسا جىڭلى بىلەن قاسىم يانتاقنىڭ ئايالى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلار جانابۇۋىنى توسۇۋالماقچى ئىدى، جانابۇۋى ئۇلارنى ئىتتىرىپ، تىللاپ تۈكۈردى - دە، ئۆزىنى ئىشىككە ئۇردى. قاسىم يانتاققا ئاسما ئوكۇل ئېسىلغانىدى. يوتقان ئاستىدىن پەسكە ساڭگىلىغان شىلانكىدىن داسقا سۈيدۈك تامچىلىماقتا ئىدى. جانابۇۋى قاقاقلاپ كۈلۈپ قاسىمغا بىر مىنۇتچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە كوچىغا چىقتى ۋە بوقۇلداپ يىغلاپ، سەكرەپ ساما سېلىشقا باشلىدى.

II

- ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى، ئوت! . . .

جانابوۋى پات - پات ئېگىلىشىپ قارنى ئۈچۈملاپ ئالاتتى - دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا، هارۋا - ماشىنىلارغا ۋاشىلدىتىپ ئاتاتتى. قاش قارىيىپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندى، يەر يۈزىنى بىر غېرىچ قېلىنلىقتا قار باسقاندى. قار يەنىلا توختىماي يېغىۋاتاتتى. كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا قار ئۇچقۇنلىرى ئاجايىپ چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ لەپىلدەيتتى. جانابوۋىنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرى قېلىن قارغا چۆكۈپ - كۆتۈرۈلەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا، بولۇق، لېكىن سالۋاراپ چىگىشلەشكەن چاچلىرى بېلىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۈچىسىغا نېپىز، گۈللۈك كوپتا ۋە ئاق رەختتىن تىكىلگەن كالتە ئىشتان كىيىۋالغاندى. كوپتىنىڭ توگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان ئەمچەكلىرى لىغىلداپ - پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بىر پاچىقىغا كىرلىشىپ، قارىيىپ كەتكەن ماسكىنى، يەنە بىر پاچىقىغا پۇچۇق نوگاينى چىگىۋالغاندى، نوگاي ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ گىلدىڭلايتتى. جانابوۋى كىنوخانا ئالدىغا كەلدى. سىنئالغۇ قويۇلىدىغان ئۆينىڭ ئالدىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. هاراق بوتكىلىرى ئالدىدا مەستلەر قىژغىل - تاغىل ۋارقىرىشاتتى. كاۋاپ، توخۇ گۆشى ساتىدىغانلار سوغۇقتا دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. جانابوۋى قارنى ئۈچۈملاپ ئېلىپ مەستلەرگە ئاتتى. مەستلەر ئولىشىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى:

- ماڭا تېگەمسەن، ساراڭ.
- مەمىقىڭ ئەجەب تومكەن، يوغانكەن، ها - ها - ها.
- مېنى بىر باغ ئېتىپ قويغىنا، سۈتتەك ئاق، مىق - مىق ئەمچەكلىرىڭنى تازا...
- مانتا دېگىنە، مانتا. تازا بىر قۇچاقلاپ...

مەستلەر جانابوۋىنىڭ ئەمچەكلىرىنى موتىدى، كالتە ئىشتىنى ئۈستىدىن يامپېشىنى سىيلىدى، چىمدىدى. جانابوۋى خېلى تىركىشىپمۇ ئۇلارنىڭ قورشاۋىدىن چىقالمىدى. ئۇ، كالتە ئىشتىنىنى شارتتىدە سېلىپ بېشى ئۈستىدە پۇلاڭلاتتى، مەستلەر شۇئان قېچىشتى. جانابوۋى ئۇلارنى قوغلاپ گۈللۈككىچە باردى:

- مانا مىق - مىق، مانا مانتا، هۇ مەستلەر، هۇپەسلەر، شۇ گەپلىرىڭنى بېرىپ ئاناڭغا دېيىش. ئاللا، بالىخان، ئاللا، ئوت كەتتى!...

جانابوۋى كالتە ئىشتىنىنى كىيىپ كەينىگە ياندى. ئىزغىرىن سوغۇق شامال قارلارنى توزۇتاتتى. جانابوۋى سىنئالغۇ ئۆيىنى ئايلىنىپ چىقتى، بېلەت ساتىدىغان تۆشۈككە بېشىنى تىقىپ قاراپ باقتى، ئاندىن ۋارقىراپ ئۆيان - بۇيان ئايلىنىشقا باشلىدى.

- بوۋىم، كاۋاپ يېسىلە.
- بوۋىم، توخۇ پاچىقىدىن بىرنى بېرەيمۇ؟
- ئۆلۈك توخۇنى نەچچە يىللىق ئېچىپ - سېسىپ كەتكەن يوندىدا قاينىتىسەن، - دېدى جانابوۋى توخۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، - هارام نەرسەڭنى ئۆزۈڭ يە. ئۆزۈڭمۇ هارامدىن بولغان نېمە. مەن دېگەن كاۋاپ يەيدىغان كىشى.

جانابوۋى كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. كاۋاپچى يىگىت ئۇنىڭ بىر ئاز سەمرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەسلى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان چىرايىغا، بېجىرىم، قاۋۇل بەستىگە قاراپ دېدى:

- بوۋىم، سىلىگە سوغۇق ئۆتمەيدىكەن - هە، شۇنچە قاتتىق سوغۇقتا...
- هە، هازىر يازمۇ، قىشمۇ؟
- قىش، قارا قىش، بوۋىم.
- ماڭا قىشمۇ، يازمۇ ئوخشاشلىغۇ. بولە، مېنى گەپكە سالماي كاۋاپتىن ئون زىق پىشۇر.

كاۋاپداندىكى چوغلار لېپىلداپ ياندى. «ۋىژ - ۋىژ» ئاۋاز چىقىرىپ كۆيگەن مايىنىڭ هىدى بىلەن قوشۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن ئىس جانابوۋىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ كاۋاپدانىنىڭ لېۋىگە قويدى. كاۋاپچى يىگىت يەلپۈگۈچنى يەلپۈۋېتىپ جانابوۋىنىڭ قارايغان، يېرىلغان، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن پۇتلىرىغا، ئاندىن توز، ئاپئاق پاقالچاقلىرىغا، سېمىز، تومپ يوتىلىرىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

- كاۋاپدىنىڭنى بىر تېپىمەن هېلى، هۇ شوۋىچى.

كاۋاپچى يىگىت ئون زىق كاۋاپنى تەخسىگە ئېلىپ جانابوۋىنىڭ ئالدىغا قويدى. جانابوۋى ئىككى زىق كاۋاپنى يېدى، قالغىنىنى تار كوپتىسىنىڭ پېشىگە تەستە يۆگىگەندىن كېيىن، بىر تۇتام پارچە پۇلنى كاۋاپچى يىگىتنىڭ يۈزىگە قارىتىپ زەرب بىلەن ئاتتى:

- كۆزۈڭگە ئاق چۈشىدۇ، ماڭا قارىساڭ، - دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، - كاۋاپىڭ ئون كوي، شۇنداقمۇ؟ ئاۋۇ پۇلنىڭ هەممىسى ئوتتۇز كوي ئەللىك ئۈچ پۇڭ، ئاشقىنىنى ساقلاپ قوي، كۆزۈڭنى داۋالىتارسەن، ماقۇلما.

* * *

مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ئىدى. ماناپ بوخوچى كارىۋات دىۋانىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۆي زىيادە ئىسسىق بولغاچقا ئۇ كۆڭلەكچانىدى. تۇرنىسا جىگىلى ئۆيگە ئەتىر چېچىۋېتىپ ئالدىنقى، هەپتىدىكى ئولتۇرۇش - زىياپەتلەردە ئۆزىنىڭ باشلىقلار بىلەن قىلىشقان چاقچاقلىرى توغرىسىدا زوق - شوق بىلەن سۆزلەيتتى. لېكىن بۇنداق گەپلەر هازىر ماناپ بوخوچىغا ئانچە خۇشياقمايتتى. ئۇ: «هە - هە» دەپ قويۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلگەنىدى. تۇرنىسا جىگىلى باش ياغلىقىنى ئېلىۋەتكەن بولۇپ بويالغان ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ بىر تالاسى ئالدىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ناۋاترەڭ گىرپىتىن تىكىلگەن، ئېتەك - جۈرىسىگە يېشىل تور، ياقا - كۆنجەكلىرىگە رېشلىيە تۇتۇلغان كەڭ، ئۇزۇن ئىچ كۆڭلەك ئۇنىڭ بوي - قامىتىنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ، ئەتىر قۇتىسىنى جايىغا قويغاندىن كېيىن تېلېۋىزور قاناللىرىنى يۆتكەپ باقتى، ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ هېچقايسىسى كۆڭلىگە ياقمىدى. ماناپ بوخوچى ئېلىپ كىرگەن سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ سىنئالغۇ ئاپپاراتىغا سالدى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا ياش، ساهىبجامال ئاياللارنىڭ، كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ يالىڭاچ قىياپەتلىرى كۆرۈندى. تۇرنىسا جىگىلى بىر ئىچكى هاياجان بىلەن كەينىگە يېنىپ يالغۇز كىشىلىك دىۋاندا ئولتۇردى.

- ئۇھ، - دېدى ئۇ ئېغىر تىن ئېلىپ، - خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن بىر ئارامچىلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ.
- جانا ساراڭ يەنە خاپا قىلىۋاتامدۇ؟ - دېدى ماناپ بوخوچى ئېكراندىن كۆز ئۈزمەي.
- دادىسى قاسىمجاننى ئۈرۈمچىگە ئەكەتكەندىن بۇيان جانابوۋى هەر كۈنى دېگۈدەك ئىشخانىغىمۇ، ئۆيگىمۇ كېلىۋالىدۇ. مېنى بەكلا بوزەك قىلىپ كەتتىغۇ، ئۇ ساراڭ.
- مەيلى، - دېدى ماناپ بوخوچى ئانچە ئېرەنشىمىگەن تەلەپپۇزدا، - پەقەت سېنى قارغىمىسىلا بولغىنى، ئىشقىلىپ ئانچە - مۇنچە پۇل - پىچەك، كونا چاپان، كۆڭلەك، ئىشتان دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرغىن، هەرگىز چىشىغا تەگمە. ئۇنىڭ ساراڭلىقىدىن گۇمانلىنىمەن، مېنىڭچە، ئۇ ئەۋلىيا. ئېرىڭنىڭ پۇتى ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ قارغىشى تۈپەيلىدىن ناكا بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى؟

تۆرنىسا جىڭلى جىم بولۇپ چەينەكتىن پىيالىغا چاي قۇيدى. پىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن ھور بىلەن تەڭ ئۇنىڭ دىمىقىغا خۇش پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ، چاينى ئىشتىھا بىلەن ئوتلىغاچ ئويغا چۆمدى:

تۆرنىسا كىنوخانىنىڭ جىڭلىلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپ ئاز كۈن ئۆتمەي يانتاق قاسىممۇ يېزىدىن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا قاسىم ئىچكىرىدىكى بىر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئەر - خوتۇن يالغۇزچىلىق ھېس قىلمايتتى. كۆپىنچە ئاخشاملارنى مېھماندارچىلىق - زىياپەتلەردە ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇلارمۇ يار - بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بەردى. داستىخان ئۈستىدىكى: «ئاكوجاڭنىڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان قىزى خروئىن چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، دەرس تاشلاپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ»، «تاجۇرنىنىڭ ئوغلى نامەت باخشىنى تىللىغانىكەن، تىلى تۇتۇلۇپ قاپتىمىش» دېگەندەك پاراڭلار ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. ئايال مېھمانلاردىن بىرى: «جانابۇۋىمۇ نەزىرى ئۆتكۈر ئەۋلىيا مىش، كىمگە بىر نېمە دېسە، شۇ كىشى پالاكەتكە ئۇچرايمىش» دېۋىدى، پاراڭ - سۆھبەتنىڭ تېمىسى بىراقلا جانابۇۋىگە يۆتكەلدى. جانابۇۋى بۇنىڭدىن سەككىز - ئون يىل بۇرۇن بىر قېتىم پەيدا بولۇپ ناھىيىدە ئىككى يىل «ساراڭ» لىق قىلغاندىن كېيىن يەنە تۇيۇقسىز غايىب بولغانىدى. شۇ ئىككى يىل جەريانىدا ئۇ يانتاق قاسىمنىڭ ئائىلىسىنى خېلى كۆپ پاراكەندە قىلغانىدى. داستىخان ئۈستىدە پاراڭ داۋام قىلدى: «جانابۇۋىنى خوتەندە دېيىشىدىغۇ»، «ياق، يەكەندىمىش، چىلتەن مازىرىدا تەلقىن ئوقۇپ، سايىيە چېلىپ يۈرگۈدەك»، «يالغان گەپ، جانابۇۋى كوچىدا ئەرگە تېگىپتۇ، ئېرى كاتتا سودىگەرمىش». تۆرنىسا جىڭلى پاراڭغا ئارىلىشىپ پوسۇقىدا: «جانابۇۋىنى سانساكودا ماشىنا سوقۇۋېتىپتىكەن، ئۆلۈپتۇ، شوپۇر قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم» دېدى. جانابۇۋىنىڭ ئىسمى چىققاندىن باشلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ - تىترەپ ئولتۇرغان يانتاق قاسىم شۇئان: «بىر ئاپەت يوقىلىپتۇ - دە!» دەپ كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى. مېھمانلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك تىكىلىشتى. ئاخىرىدا: «جانابۇۋىنىڭ ئۆلگىنى غەلەت، ئۇ، ئەۋلىيا، ئاسان ئۆلمەيدۇ»، «بەلكىم ئۆلگىنى راستتۇ»، «قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ ساراڭ يەنە كېلىدۇ»، «كىم بىلىدۇ، جانابۇۋى تېخى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ بولدىمۇ؟»، «بولدىلا، ھارتىقىمىزنى ئىچەيلى» دېگەندەك گەپلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يانتاق قاسىم ناشتا قىلمايلا ئالدىراپ ئىشقا ماڭدى. ئاخشامقى ھاراقنىڭ تەسىرىدىن كۆڭلى ھېلىمۇ ئايىنىپ - ئېلىشىپ تۇراتتى. «ئاللا، باللىخان، ئاللا! ئوت كەتتى! تاپتىم سىنى، يانتاق، ئاران تاپتىم. ئوت كەتتى!» دېگىنىچە جانابۇۋى يان كوچىدىن چىقىپ كەلدى. يانتاق قاسىمنىڭ ۋېلىسىپىت رولىنى تۇتقان قوللىرى بوشاپ، پېدالنى تېپىۋاتقان پۇتلىرى سىزىمىنى يوقاتتى. ئۇ، چاقىقانلىق بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈۋالدى. جانابۇۋى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە: «ھەي نائەھلى! تۆرنىسا سەتەڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بىر ئاپەت يوقىلىپتۇ دېدىڭ. توغرا دېسەن، مەن بىر ئاپەت، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن ئاپەت. بىلىپ قوي، مەندەك ئاپەتنى بۇ دۇنياغا پەيدا قىلغان ئادەم سەن ئۆزۈڭ. ئەسلىدە سەن ئاپەت مەندەك ئاجىز مەزلۇمنى ئاپەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ، شۇڭا ئەمدى مەندىن قۇتۇلالمايسەن. مەن يەنە كەلدىم، كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز» دەپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. يانتاق قاسىم لاغ - لاغ تىترىگىنىچە ئىدارىسىگە ئاران يېرىۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن جانابۇۋى يانتاق قاسىمنى كوچىدا توسۇۋالدى، بىردەمدىلا كىشىلەر ئولاشتى. جانابۇۋى: «قىز ئىدىم، گۈلدەك قىز ئىدىم، چىرايلىق، بەكمۇ چىرايلىق ئىدىم، سەن مېنى ۋەيران قىلدىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە كۈنلەرنى كۆرگىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بىلىدۇ. ھەي نائەھلى، ئەمدىغۇ مېنى نىكاھىڭغا ئالارسەن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!» دېدى ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى تىقىپ تۇرۇپ. شۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئار - نومۇستىن ئېسىنى يوقاتقان يانتاق قاسىم: «ھۇ، تۆھمەتخور ساراڭ، نېمە كۆرسەم كۆرۈپتىمەن!» دېگىنىچە جانابۇۋىنىڭ جان يېرىگە بىرنى تەپتى. جانابۇۋى: «ۋايجان، ھۇ نائەھلى، مېنى تەپكەن شۇ پۇتۇڭ قاتلىشىپ قالار، ئىلاھىم!» دېگىنىچە داد سېلىپ يىغلاپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. يانتاق قاسىم ۋېلىسىپىتىگە مىندى - دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، 40 - 50 مېتىردەك يەرگە بارا - بارمايلا تۇيۇقسىز ۋېلىسىپىتتىن گۈپپىدە يىقىلدى - دە، قوپالماي يېتىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى يۆلىدى، بىراق ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇ، دوختۇرخانىدا خېلى ئۇزۇن يېتىپ چىقتى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىمۇ داۋالىنىپ كەلدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن، كۆرۈنمىگەن دوختۇر - تېۋىپ، سۇنۇقچى، قىلمىغان داۋا قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يىغىلىپ - قاتلىشىپ قالغان پۇتى تېخىچە ئەسلىگە كەلمەيۋاتاتتى.

يانتاق قاسىم شۇ چاغدىلا كېسەللىك دەم ئېلىشىغا چىقىۋالغانىدى. تۆرنىسا جىڭلى ئۇنىڭ كېسىلى، تارتقان ئازابلىرى توغرىلىق ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان، قولىدا ھوقۇق - ئىمتىيازى يوق، مېيىپ، كېسەل كۆرپىسى بولۇپ قالغان ئەرنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماناپ بوخوچى بىلەن تېپىشىۋېلىپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى.

. .

بۇ قېتىم دوختۇرلار بار ئامال بىلەن قاسىم يانتاقنىڭ كېسىلىنى شۇنچە ئۇزۇن داۋالىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. دوختۇرلار ئاخىر ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ناھىيە چوڭلىرى قاسىمنىڭ كېسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ مەخسۇس ماشىنا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئالدىن 10 مىڭ كوي ئاجراتتى. يانتاق قاسىم كېلىنى بىلەن بىللە قاسىمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى. تۆرنىسا جىڭلى يالغۇز قالغاندىن كېيىن تېخىمۇ خاتىرجەم ھالدا ماناپ بوخوچى بىلەن ئويناپ يۈرۈۋەردى. ئەمما جانابۇۋى پات - پات كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك جانابۇۋى ھەممىشە كوچىدا بىر پاي شىبلىتنى كۆتۈرۈۋېلىپ قاسىم يانتاقنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى.

— ھەي، قارىغىنا، ئاۋۇ ئايالنىڭ... قارا دەيمەن.

خورەككە چۈشكەن ماناپ بوخوچى ئۇنىڭ تۇرتۇشلىرىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. تۆرنىسا جىڭلى خىر - خىر كۈلۈپ تېلېۋىزور ئېكرانىنى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. ئېكراندا ئەر - ئاياللارنىڭ قۇچاقلىشىشلىرى، سۆيۈشۈشلىرى، يالىششىلىرى، تۈرلۈك جىنسىي قىلىقلار داۋام قىلماقتا ئىدى. ماناپ بوخوچى:

— ئۇيقۇم كېپكەتتى، ياتساڭچۇ، — دېدى ئەسنەپ.

— ئاخىرىغىچە كۆرگىنە، قىزىق يېرىگە ئەمدى كەلدى، — تۆرنىسا جىڭلى ھىقىلداپ كۈلگىنىچە ماناپ بوخوچىغا قاراپ نازلاندى، — ساڭىمۇ بىر ھەۋەس پەيدا بولامدىكى دەپ كۆر، دەۋاتىمەن.

– مەۋسىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ دېگەن گېپىڭنى تېخى، بولە، ياتقىنا.

تۇرنىسا جىڭلى ھېلىمۇ ئىكراندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇپ كۈلۈۋاتاتتى. بىردىنلا ھويلىنىڭ ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى، تۇرنىسا جىڭلى چايان چاققاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى – دە، سىنئالغۇنى ئۆچۈرۈپ لېنتىنى ئېلىۋەتتى. ئىشىكنىڭ قېقىلىشى توختىمىدى.

– چوقۇم جانابۇۋى، – دېدى ماناپ بوخوچى، – ئىشىكنى ئاچ، قورسىقىغا بىر نېمە بېرىپ چىقىرىۋەتسەڭ بولمىدىمۇ.

– سېنىڭ بۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭنى كۆرسە. . .

– كۆرسە نېمە بوپتۇ. ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى جىمى ئادەم بىلىپ كەتكەن تۇرسا. جانابۇۋى قارغىمىسىلا بولدىغۇ.

– ئاھ، خۇدا، بىزگە بۈگۈنمۇ ئارامچىلىق يوقكەن – دە.

تۇرنىسا جىڭلى پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ غۇدۇرىغىنىچە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. دېگەندەك ئۇ جانابۇۋى ئىدى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپ پېشىگە يۇگىۋالغان كاۋاپنىڭ تۆتىنى ماناپ بوخوچىغا، تۆتىنى تۇرنىسا جىڭلىغا تۇتقۇزدى، ئاندىن كوپتىسىنى سېلىۋېتىپ ماناپ بوخوچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتتى. پاچاقلىرىغا چىڭىلگەن ماسكا، نوگاي نەگىدۇ چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، پاچاقلىرىدا قېپقالغان شوينىنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

– ئاللا! ياتاقباي مېنىڭ ئېرىم. بۇ لۆم – لۆم، يۇمشاق ئورۇنمۇ مېنىڭ، نېمىدېگەن راھەت. ھەي بوخوچى تاز، ماڭ، خوتۇنۇڭنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن چىق! بۇ ئۆي – ئىمارەت ياتاق بىلەن مېنىڭ. قېنى، ياتاقباي، كېلە، مېنى قۇچاقلا، سۆي.

جانابۇۋى ئۇيان – بۇيان ئېغىنايتتى، ماناپ بوخوچىغا چاپلىشىۋېلىپ، پۇتلىرىنى ئۇنىڭ يانپاشلىرىغا ئارتاتتى. كۆرپە – كىرلىكلەر بىلەن يوتقان لاي، توپا، قار يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغانماقتا ئىدى. جانابۇۋى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ماناپ بوخوچىنى قۇچاقلاپ – بوغۇپ، ئىتتىرىپ كارىۋات دىۋاندىن پەسكە چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇندى، ئەمما كۈچى يەتمىدى. تۇرنىسا جىڭلى ئۇنىڭغا نان تەڭلىدى، پىيالىدە چاي تۇتتى، پۇلمۇ تەڭلىدى، يالۋۇرۇپ – يېلىندى، پوپوزا قىلدى، جانابۇۋى قىلچە پەرۋا قىلمىدى، ماناپ بوخوچىنى، تۇرنىسا جىڭلىنى ھەدەپ تىللاپ، ئېغىناپ، ۋارقىراپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋەردى. تۇرنىسا جىڭلى جانابۇۋىنى چىقىرىۋېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن تارتتى. جانابۇۋى شۇئان كالتە ئىشتىنىنى سېلىپ تۇرنىسا جىڭلىغا قارىتىپ ئاتتى، كالتە ئىشتان ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىلىپ قالدى. تۇرنىسا جىڭلى مەش ئالدىدىكى لاخشىگىرنى ئالدى – دە، قورقىتىمەن دەپ ھەيۋە قىلىپ قاتتىق بىر شىلتىۋىدى، لاخشىگىر جانابۇۋىنىڭ گەجگىسىگە قاتتىق تەگدى.

– ۋايجان، ئۆت كەتتى، ئۆت!

جانابۇۋى قاتتىق ئىڭرىغىنىچە مەش ئالدىدا قېپيالىڭاچ پېتى پىرقىراپ ئايلاندى، يەردىكى كالتە ئىشتىنىنى ئېلىپ مەشكە سالدى، شۇئان ئۆينى كۆيگەن لاتا ھىدى، بەدبۇي پۇراق قاپلىدى. جانابۇۋى يەنە پىرقىراپ ئايلىنىپ كېلىپ تۇرنىسا جىڭلىنىڭ چېچىدىن تولغاپ تۇتتى – دە، قاتتىق سىلكىپ يەرگە تىزلاندۇرۇپ قويدى. ئاندىن تېلېۋىزور ئۈستىدىكى سىنئالغۇ لېنتىسىغا كۆزى چۈشتى – دە، كاپپىدە ئېلىپ ھويلىغا ئۈزىنى ئاتتى.

قار لەيلەپ يېغىۋاتاتتى، ھاۋا ئىنتايىن تۇتۇق ئىدى، كوچا چىراغلىرى قار تۇمانىدا سۇس پىلىلداپ

ياناتتى. جانابۇۋى ئاندىن تۇغما ھالەتتە قار باسقان كوچىدا سەكرەپ – چۆرگىلەشكە باشلىدى.

II

– ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئۆت كەتتى، ئۆت! . . .

جانابۇۋى ئاپتوبۇستىن چۈشە – چۈشمەيلا ۋارقىرىدى، ئايالالار، قىزلار ۋە باللار قورققىنىدىن چۇرقىرىشىپ تەرەپ – تەرەپكە قېچىشتى. كۆپىنچىسى بېكەت دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئەرلەرمۇ سەل ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۇ يەر – بۇ يەردە غۇژمەكلىشىپ تۇرۇۋالدى. بېكەت ھويلىسىنى بىر خىل سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەن جانابۇۋىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىشاتتى. بۈگۈن ئۇچىسىغا ئۇ زىغىررەڭ سارجا پەلتو، پۇتىغا ئۇزۇن پايپاق، قىسقا پاشنىلىق تۇپلەي كىيگەنىدى. باش ۋە گەۋدىسىنى سېرىق غىجىم رومال بىلەن چۈمكىۋالغاچقا، تۇرقى – سىياقى كىشىلەرگە تولىمۇ سالابەتلىك، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. قولتۇقىدىكى ئارقار مۈڭگۈزىدە ياسالغان ساپايىنىڭ تۆمۈر ھالقىلىرى ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ جىرىڭلايتتى. ئۇ، ئاغزىنى بۇزۇپ كىمنىدۇ تىللىدى، لېكىن گېپىنى ئېنىق ئۇققىلى بولمايتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ قاتار توختىتىلغان ئاپتوبۇسلارغا بىر – بىرلەپ چىقىپ چۈشتى، ئاندىن ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغاچ ساپايىسىنى شاراقلىتىپ سەكرەشكە باشلىدى:

– ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئۆت كەتتى. ساڭا تەگمەيمەن.

تىرەكلەرنىڭ سايىسىدە خېرىدار كۈتۈپ ئەسنەپ ئولتۇرغان تونۇش لەڭپۇڭچى ئۇنى چاقىردى:

– بۇۋىم، ھوي ئەۋلىيا بۇۋىم، كەلسىلە.

– كەلسەم كەلدىم، – جانابۇۋى دىككىلداپ مېڭىپ كەلدى، – مېنى بەكلا سېغىنىپسەن – دە، شوۋىچى. مېنى ئال دېسە، ماقۇل دەيسەن، ئۆيۈڭدىكى ئوسما ئوغرىسىدىن قورقۇپ مېنى خەت ئالغىلى ئاپىرالمايسەن.

– ئاپىرىمەن بۇۋىم، چوقۇم سىلى بىلەن خەت ئالىمەن. ئاۋۋال تويلۇقلىرىغا تۆشلۈق پۇل تاپاي، ئاندىن ئىككىمىز توي قىلىپ، ئۆي سازاۋەنچىلىك قىلىمىز. ھە، قىشتىن بېرى كۆرۈنمىدىلە، نەگە بېرىپ، نەدە يۈردىلە؟

– چىلتەنلىرىمنى تاۋاپ قىلدىم، شۇ.

– چىلتەنلىرىمنىڭ مازىرى يەكەندە دېيىشىدۇ، راستمۇ بۇۋىم؟

– ياق، بۇخارادا. يەكەندىكىسى يالغاندىن ياسالغان مازار.

– مۇنداق دېسىلە. چىلتەنلىرىم ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟

– روھىي ئەزىمىلىرى ھايات.

– ئۇنداقتا سىلى بۇخاراغا بارغان ئوخشىمامدۇ؟

– ھەي شوۋىچى، مەن چىلتەنلىرىمنىڭ يەكەندىكى يالغان مازىرىنى تاۋاپ قىلدىم. ھېرىپ – ئېچىپ ھالىم قالمىغاندا تولا ۋاتاڭشىپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا. ھەي، نېمىدەپ ماۋۇ ئادەملەر ئۇيان – بۇيان قېچىپ يۈرۈشىدۇ، ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ – يا؟ يا مېنىڭ بىر يېرىم ئېچىلىپ قاپتىمۇ؟

– ياق، بۇۋىم، ئۇلار سىلىدىن قورقۇپ. . .

– مەندىن نېمىشقا قورققۇدەك. ئىمانى بولسا خۇدادىن قورقسۇنا.

– بۇۋىم، سىلى بىر ئەۋلىيا تۇرسىلا. ياتاق قاسىمنىڭ پۇتىنىڭ يىغىلىپ قالغىنى، ئوغلىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغىنى جاھانغا پۇر بولدى. ھازىر تۇرنىسا جىڭلىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس، شۇڭا

كىشىلەر سىلىدىن قورقىدۇ.

- ھەي شوۋىچى، بابا نېمە دېدىم، تولا كاپشىماي سۈيۈگىدىن بىر نوگاي بەرگىنە، ئىچىم قۇرۇپ كەتتى.

- لەگىپۇڭ ئىچىسلە، لەگىپۇڭ. لازا - ئاچچىقسۇيىنى تازا بەلەن تەگشەپ ئېتىپ بېرىمەن.

- ئاللا، ئوت كەتتى! بىكارغا ئېتىپ بېرەمسەن؟

- ئەلۋەتتە، سىلىدەك ئەۋلىيادىن بىر قاچا لەگىپۇڭ ئايلانسۇن.

- زىيان دېگەن ئاچچىق، - جانابوۋى قاقاقلاپ كۈلدى، - سەن شوۋىچىنىڭ بىر قاچا لەگىپۇڭىنى بىكارغا ئىچسەم چىدىماي قىيامەتكىچە لەگىپۇڭدەك تىتىرەرسەن. ئاللا، بالىخان، ئاللا!

جانابوۋى شاقىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، بىكەت ئالدىدىكى سەيناغا چىقتى. دۇكان - بوتكىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار، مېڭىپ يۈرگەنلەر، سايە - سالقىندا قەرت ئويناۋاتقانلار پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. جانابوۋى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆز - ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپ سەيناني بىر ئايلاندى، ئاندىن غىجىم رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ دولىسىغا ئارتىۋالدى. تەكشى تارىلىپ چىرايلىق ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە بىر سالاپەت بېغىشلىغانىدى. قىياقتەك قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ - چوڭ، دۈگىلەك كۆزلىرىدىن ھېلىھەم ياشلىقنىڭ نۇرانە شولىسى بالقىپ تۇراتتى. كۈلپەت ۋە ھاقارەت بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ ئازابلىرى ئۇنىڭ چىرايىغا روشەن ئىزنالارنى قالدۇرغان بولسىمۇ، بىراق تېگىدىن گۈزەل رۇخسارىنىڭ ئۆچمەس رەڭلىرى ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىدا مەپتۇنكار بىر سېھرىي كۈچنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

كىشىلەر جانابوۋىنىڭ قاچان تاماق يەپ، قانداق ۋاقىتتا ئۇخلايدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئۇ، كېچە - كۈندۈز توختىماي كوچا ئايلىناتتى. ئوقەتچىلەرنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ قاچاتتى. ئاشپەز - ناۋايلار بەرگەن ئاش - تاماقلارنى ئۇدۇل بېرىپ تىلەمچىلەرگە يېگۈزەتتى. تاپقان پۇللىرىنى سەدىقە قىلاتتى. ئاخىر ئۇ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن يەكەندىكى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىلدى. جانابوۋى دوختۇرلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا پەقەت: «مەن ساراڭ ئەمەس، ئوڭ» دەپلا جاۋاب بەردى. ئىككى ھەپتىلىك كۆزىتىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق دوختۇرلار ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ساراڭ دېيىشكە ئىسپات بولىدىغان ھېچقانداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتمىدى. جانا بوۋىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ «ئالتۇن مازار» دا پەيدا بولغاندا سوپى - دەرۋىشلەر، ئىشانلار ئىچىدىكى ئۇنى تونۇيدىغانلار كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى جانابوۋى ھېلىمۇ ياش - چىرايلىق تۇراتتى. ئۇ، چىلتەنلىرىمگە سېغىنىپ - تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنى تىللاپ - قارغىدى. چىلتەنلىرىمنىڭ ئەسلى ئورنى بۇ يەر ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ سوپىلارنى قوغلاپ يۈردى. شۇ جەرياندا ياشراق سوپىلاردىن بىرسى: «سىلىگە كۆيۈپ قالدىم، كۆيۈك ئوتىنى خۇدا سالدى، توي قىلىلى» دەپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. جانابوۋى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «سەن شام، ئىراق، ئەجەمدە ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ يەكەن - خوتەندە ياسالغان يالغان قەبرىگاھلىرىدا خام نەشىنى تارتىپ، دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ ياشا، ساڭا بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى، نېمەت - نېسىۋىلىرى ھارام، شۇنداقلا خوتۇن، بالا - چاقا، ئۆي - روزىغارمۇ ھارام» دېدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئۆز ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا يېنىپ كېلىپ، ھازىرلا ئاپتوبۇستىن چۈشۈشى ئىدى.

جانابوۋى بىر قانچە كوچىنى ئايلىنىپ كىنوخانا ئالدىغا كەلدى. كىنوخانا ئىچىنى ئارىلاپ ياغاچچى، نەققاش، سىرچى ئۇستىلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇستىلاردىن بىرسىگە: «يەكەندە سوپى - ئىشانلارغا تەگمىدىم، نېمىشقا دېسەڭ، ئۇلارنىڭ پۇلى، تۇتۇقلۇق ئۆيى يوق، نەزىرە - سەدىقە بىلەن جان باقىدۇ. سەن باي، قولۇڭدا گۈلدەك ھۈنىرىڭ بار، توققۇزۇڭ تەل، مېنى ئالامسەن، راھىتىڭنى كۆرەي» دېدى. ئارقىدىن ئۆزىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ سورىدى:

- تۇرنىسا جىگەلى قېنى؟

- دوختۇرخانىدا، خېلىدىن بۇيان ئاغرىپ ياتىدۇ.

جانا بوۋى گۈللۈككە كەلدى. ئەمدىلەتىن نوتا سۈرۈشكە باشلىغان ئەترگۈل شاخلىرىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تۆمۈر رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ساپايە سوقۇشقا باشلىدى:

چىقسام تاغلار باشىغا چىلتەن بولسام بولغايمۇ،
نۇشىرىۋانى ئادىلدەك سۇلتان بولسام بولغايمۇ.

بابا جانا بوۋىنى كۆرۈپ قاچقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ساپايە جانا بوۋىنىڭ دولىسىغا زەرب بىلەن تېگىپ جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى ۋە يۈزىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەشكە باشلىدى. بىرسى ئۇنىڭغا ئىككى موچەن تەڭلىۋىدى، ئۇ، پۇل تەڭلىگۈچىنىمۇ، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارنىمۇ تىللاپ ھەيدىۋەتتى. ئاندىن ساپايىسىنى قولتۇقىغا قىسقىنىنچە مېڭىپ كەتتى. ئۇ، گاھ يۈگۈرەيتتى، گاھ بىر دائىرىدە سەكرەپ ئايلىناتتى. ئۇنىڭ يەنە ساراڭلىقى تۇتقانىدى. ئۇنىڭ غىجىم رومىلى يەرگە چۈشۈپ قالدى. سەل ماڭغاندىن كېيىن پەلتوسىنى سېلىپ يول چېتىدىكى بولۇق ئۆسكەن بىر تۈپ سېدىنىڭ ئاچىمىقىغا ئارتىپ قويدى. ئۇ، ئىچىگە كۆلرەڭ ئەرەنچە ئاسما مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، كالتە ئىشتان، مەسە - كالاچ بىلەنلا قالدى. كوچىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلەتتى، بەزىلىرى ياقىلىرىنى چىشلەيتتى. جانا بوۋى شۇ ماڭغانچە بالنىستا ئىچىگە كىرىپ كەلدى:

- ئاللا، بالىخان، ئاللا! خانلىرىم، چىرايلىقلىرىم، ئوت كەتتى. ھۇ ئەر ساراڭلىرى، ئوت كەتتى، ئوت!

گۈللۈكنىڭ ئايلانما يولىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئىككى سېستىرا قىز قىرقىرىشىپ بىر - بىرىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ قېچىشتى. جانا بوۋى سۇنئىي تاغ ئەتراپىدىكى كۆلچەكنىڭ بىتون قىرىدا ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى پۇتۇنلەي چۇۋۇۋەتتى، بىر ئوچۇم توپىنى كۆلچەكتىكى سۇغا مىلىدى - دە، لاي يۇقى قوللىرىنى مەيدە - ئەمچەكلىرىگە سۈۋىدى، ئاندىن قاتار تىزەكلەر تۈۋىدە قازان - كاستىرۇلكىلىرىنى ئېسىپ تاماق ئېتىۋاتقان دېھقان ئايالىرىنىڭ ئوچاقلىرىدىن كۆيگەن ئوتۇن پارچىلىرىنى تىرىۋېلىپ قاشلىرىغا سۈركىدى. چەتتىكى بىر ئوچاق ئالدىدا ئوت پۈۋلەپ ئولتۇرغان قېرى ئايالغا مەسە - كالىچىنى سېلىپ تاشلاپ بەردى. تاشقى كېسەللەر بىناسىغا كىرىپ، كارىدوردا ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ ماڭدى. بىر سېستىرانى تۇتۇۋېلىپ تۇرنىسا جىگەلىنىڭ ياتىقىنى تاپقۇزدى. مەخسۇس ياتاقتا ئايرىم ياتقان تۇرنىسا جىگەلى جانابوۋىنى كۆرۈپ قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى:

- كە... كەلسىلە، بوۋىم ... ئەۋلىيا...

- بورۇنقىدەك مېنى ساراڭ دەۋە، - دېدى جانا بوۋى

تۇرنىسا جىڭلىنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، - قولۇڭدىكى لاخشىگىر گەجگەمگە تەگكەندى، مەن ھېچنېمە بولماي ئەجەب سىنىڭ گەجگەڭ ئىششىپ - قايناپ چىقىپتىغۇ. ئۇزۇن بولدى، ھەممىنى بىلىپ تۇردۇم.

تۇرنىسا جىڭلىنىڭ تاتارغان پېشانىسىدىن تەر چىپىلداپ ئاقاتتى. جانابۇۋى بىر قولىدا ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىدى، لاخشىگىر جانا بۇۋىنىڭ ئوڭ گەجگىسىگە تەگكەندى، تۇرنىسا جىڭلىنىڭمۇ دەل ئوڭ گەجگىسى ئىششىپ - قايناپ چىققانىدى.

- دوختۇرخانىدا ئۇزۇن ياتتىڭ، ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇڭ، يەنە قايناپ چىقتى. ئاللا، بالىخان، ئاللا! دوختۇرلار ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلماقچى، دەمسەن؟ يەنە ئون قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرساڭمۇ قايناپ چىقىرىۋېرىدۇ. ئەمدى سەن دوك بولدۇڭ، بىر دولاڭ ئېگىز، بىر دولاڭ پەس. ئېگىشىپ - مۈكچىيىپ ماڭىسەن. ئېرىڭ مېنى ۋەيران قىلىۋەتتى، مەن ئۇنى مېيىپ قىلىۋېتىش بىلەنلا بولدى قىلمايمەن، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن. ئوغلۇڭمۇ گۇناھىغا لايىق جازاسىنى تارتىدۇ. مەن سېنى سەل ئايىدىم، نېمىشقا دېسەڭ ئەسلىدە سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا كېلىشكەن، چىرايلىق ئىدىڭ، ئىچىم ئاغرىدى، مەن كۆرگەن كۈننى كۆرمىسۇن دېدىم. لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ جاڭ - جاڭ سوغۇقتا ئۆيۈڭدىن ھەيدەپ چىقاردىڭ، ئاشۇ قىلغىنىڭ ھار كەلدى، چىدىمىدىم. شۇڭا، ساڭمۇ ئۆزۈمنى ئاز - تولا كۆرسىتىپ قويدۇم. بوي - بەستىڭ بۇزۇلدى. دەپ كەلسەم، ھەممىڭلار مېنى بوزەك ئەتتىڭلار، بۇنىڭ قىساسى بار، ئەلۋەتتە.

- بۇۋىم، ئەۋلىيا بۇۋىم، - تۇرنىسا جىڭلى يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، - ئېزىپتىمەن. ئېرىم نېمە بولسا مەيلى، چۈنكى، بىز بىر ئۆيدە تاشنى تاياققا ئاڭغاندەك مەجبۇرىي ياشاپ كەلدۇق. ئوغلۇمغىمۇ ئىچىم ئاغرىمايدۇ. نېمىشقا دېسىلىرى، ئۇ مېنىڭ ئۆز بالام ئەمەس، ئۇ ماڭمۇ، يانتاق ئاخۇنغىمۇ ئۆگەي، بىز ئۇنى بېقىۋالغان. بۇۋىم، مەن بىر ئايال كىشى، خوتۇن خەق دېگەن ئاجىز كېلىدىكەنمىز، ماڭا رەھىم قىلسىلا. سىلىنى ئوبدان رازى قىلاي. ئۆمرۈم بويى يىغقان - تۈگكىنىمنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ بولسۇن، مېنى ساقايتىپ قويسىلا، ماڭا دۇئا قىلسىلا.

- ماڭا مال - دۇنيانىڭ كېرىكى يوق، قىساسىمنى ئالسامىلا بولدى. بايىقى گېپىڭ راستمۇ، قاسىم راستىنلا ساڭا ئۆگەيمۇ؟

- راست، ئۇ بېقىۋالغان بالا.

- ھەي ۋاپاسىز، زىدى پەس قانجۇق، بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ جېنىڭنى جان ئېتەلمىگەندە مېنى تاپ. ماڭا ئوخشاش ئاجىز - مەزلۇم بولغىنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا سېنى سەللىمازا ساقايتىپ قويىمەن، ياشارتىمەن، ھازىرچە مۇشۇنداق يۈر.

جانابۇۋى تۇرنىسا جىڭلىنىڭ بېشىدىكى گۈللۈك، نېپىز ياغلىقنى يۇلۇپ ئالدى - دە، بېشىغا چىگدى. تۇرنىسا جىڭلى جانسىز گەۋدىسىنى ياستۇققا تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. جانابۇۋى:

- ئاللا، بالىخان، ئاللا. ئوت كەتتى، ئوت! - دېگىنىچە تۇرنىسا جىڭلىنىڭ ياتىقىدىن يېنىپ چىقتى - دە، كارىدوردا چۇقان - سۈرەن سېلىپ پىرقىراپ - ئايلىنىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يەنە ۋارقىرىغىلى تۇردى:

- ئاللا! قاسىم كىمنىڭ بالىسى؟ ئاللا! ئۇنىڭ دادىسى كىم؟ ئانىسى كىم؟ ھۇ، ھارامدىن بولغان. ئوت كەتتى، ئاللا، بالىخان!

## IV

- ئاللا! ئوت كەتتى. بالىخان، ئاللا، ئوت كەتتى!

سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ سايىسىدە بۈك - بۈك ئويناۋاتقان ئۇششاق بالىلار جانا بۇۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ قېچىشتى. جانا بۇۋى تېز - تېز ماڭاتتى. ئۇ، ھاۋانىڭ شۇنچە دىمىق - تىنجىق بولۇشىغا قارىماي پۇتلىرىغا چەملىرى ئۇپراپ تېشىلەي دەپ قالغان، تومشۇقلىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كونا پىيما، ئۇچىسىغا يىرتىلىپ مازلىرى تۆكۈلگەن سالما ياقىلىق ئەرەنچە ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغانىدى. تونىنىڭ ئوچۇق ياقىلىرىدىن ئۇنىڭ ئاپئاق بويىنى، گېلى، مەيدىسى ۋە يوغان ئەمچەكلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەردىن ھۆللەنگەن چوۋۇق چاچلىرى يۈزىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ، توۋلاپ چۇقان سالغىنىچە ئەمدىلەتىن كېچىپ ئاۋاتلىشىۋاتقان كادىرلار مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. يوندا تۆككىلى چىققان بىر ئايال جانا بۇۋىنى كۆردى - دە، قولىدىكى داسنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ، قاسىم يانتاقنىڭ ئايالى ئىدى.

جانا بۇۋى گىۋىنى ئازراق ماكچايغان داسنى ئېلىپ بېشىغا كىيدى، داستىن سۇيىدۇك ھىدى كېلەتتى. جانا بۇۋى قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا ئالدى - كەينىگە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ، گاھ: «ئاللا!» سېلىپ ۋارقىرايتتى، گاھ يىغلايتتى. بىر نەچچە ئۆيدىن ئاياللار چىقىپ تاماشا كۆردى. جانا بۇۋى ئۇلارغا سەت چاقچاقلارنى قىلىپ ئۈركۈتتى. شۇ پەيتتە يانتاق قاسىم ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ دىڭگوسلىغىنىچە ياندىكى قورۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ غايىب بولدى. جانابۇۋى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا قاسىم يانتاقنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختاپ بېشىدىكى داسنى ئەخلەت ئازگىلىغا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن ئوچۇق ئىشىكتىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. قاسىم يانتاق كارىۋاتتا نىمجان ھالەتتە ياتاتتى، ئايالى يېنىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئېسىل سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ چىرايلىق زىننەتلەنگىنىگە قارىماي بۇ ئۆيدىن دورا، سۈيدۈك ۋە يەنە قانداقتۇ غەلىتە پۇراقلار چىقىپ تۇراتتى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن جانابۇۋىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈجۈقۇپ سۈكۈتكە چۆمدى. ئۆي ئىچىنى گۆرىستان جىمىلىقى قاپلىدى. جانابۇۋى كارىۋاتنىڭ بېشىدا قاسىم يانتاققا ئۇزاقتىچە جىمجىت قاراپ تۇردى. قاسىم يانتاق جۇدەپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ، چىرايى مۇردىنىڭلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ، ۋىلايەتتىكى دوختۇرخانىلاردىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردىمۇ يېتىپ داۋالاندى، دوختۇرلار ئوخشاشلا ئۇنىڭ كېسىلىگە «جىنسىي يول بېزى راكى» دەپ

دىئاگنوز قويۇپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئەسلىدىكى دىئاگنوزىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بار ئاماللارنى قىلىپ داۋالاپ باقتى، بىراق ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. دوختۇرلار ئاخىر چارىسىز قېلىپ: «ئېلىپ كېتىپ ئۆيدە ئوبدان بېقىڭلار» دەپ مەسلىھەت بەردى.

ئەمدى قاسىم يانتاق خېلىدىن بۇيان مۇشۇ يېڭى ئۆيدە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازابلىق كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

- قاسىم يانتاق، - دېدى جانابۇۋى كارىۋاتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىر - بېسىق تەلەپپۇزدا، - سەن يانتاق قاسىم بىلەن تۇرنىسا جىگلىنىڭ ئۆيىدە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ، راھەت - پاراغەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇڭ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ناھىيە چوڭلىرىدىن بىرى بولدۇڭ. كادىر بولغاندىن كېيىن خەلق، ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقنى جايىغا ئىشلەتمەي، داداڭ نائەھلىنى دوراپ سەنمۇ نەپسانىيەتچى، پارىخور، ئىپلاس ئادەمگە ئايلاندىڭ، خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ سەمرىدىڭ، باي بولدۇڭ. بولمىسا مۇشۇنچىۋالا كاتتا ئىمارەتنى نېمەڭگە سالاتتىڭ. يەنە بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي خۇدۇڭنى يوقىتىپ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ بۇزۇلدۇڭ، چۈشكۈنلەشتىڭ. بۇنى ئازدەپ ھەتتا مەندەك بىر ساراڭغا، ئاجىز، ھېماتسىز، ئۆزۈڭگە ئانا يوللۇق بىر مەزلۇم ئايالغا مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلدىڭ. مانا ئەمدى سەن قارغىشتەككۈر ئاشۇ پەسكەشلىكلىرىڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتىسەن. ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ دەپباقە، سەن ئەسلىدە كىمنىڭ بالىسى؟ داداڭ كىم؟ ئاناڭ كىم؟ سەن بۇ ئىشلارنى بەلكىم بىلىدىغانسەن، لېكىن ئاغزىڭدىن چىقىرالمايسەن. تۇرنىسا جىگلى ماڭا ھەممە گەپنى ئۇچۇق دېدى. ئۇلار سېنى بېقىۋالغانىكەن، يولدىن تېپىۋېلىپ بېقىۋاپتىكەن. دېمەك سەن ھارامدىن بولغان بالىكەنسەن. بەلكىم مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇقمىغان بولساڭ يانتاق دېگەن نائەھلىدىن سوراپ باق. داداڭنىڭ، ئاناڭنىڭ كىملىكىنى ھېچبولمىسا ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىلىۋالارسەن. كىم بىلىدۇ، سەن تېخى مېنىڭ بالاممۇ، بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. چۈنكى يانتاق دېگەن جوھۇتتىن بويۇمدا قالغانىدى. شۇ بالامنى ئىزدەپ جاھاننى كېزىپ چىقتىم. خەير، ئۇ دۇنياغا ئىمانسىز كېتىدىغان بولدۇڭ.

قاسىم يانتاق كۆرپىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك جىمجىت ياتاتتى، كىرپىكلىرىدە ياش ئەگىيتتى، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئايالى بولسا مىشىلداپ يىغلاپ - تىترەپ ئولتۇراتتى، جانابۇۋىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاخىرىدا ئۇ مىڭتەستە:

- قاسىمجان، نۇرغۇن قىز - ئاياللار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگىنىڭىز ئاز كېلىپ، ئەمدى مۇشۇ بوۋىمگىمۇ ئەسكىلىك قىلدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى.

قاسىم يانتاق نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئايالىغا تىكىلدى، زەئىپلەشكەن قارىچۇقلاردا ھېچقانداق ئىپادە ئەكس ئەتمىدى. لېكىن ئۇ كۆزلەردىن بىر نەچچە تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى. بۇ ياشلار كەچۈرگۈسىز گۇناھنىڭ ئىقرارنامىسى ئىدى. جانابۇۋى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۈنسىز يىغىسىنى بىر پەس كۆرۈپ تۇرغاندىن كېيىن:

- ئۆز ۋاقتىدا سەن قاسىمەك مېنى خورلاپ ئاياغ - ئاستى قىلغاندا خۇددى مۇشۇنداق يىغلىغانىدىم. مېنىڭ يىغام قارغىش يىغىسى ئىدى. سېنىڭ بۈگۈنكى يىغاڭ بولسا پۇشايمان ۋە گۇناھ تۇپەيلى پەيدا بولغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ يىغىسى، - دېدى ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كۈن ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ھاۋا يەنىلا دىمىق ئىدى. گۈللۈك ئەتراپىدا قېرى - ياش، ئەر - ئايال ۋە بالىلار خېلى كۆپ ئىدى. بەزىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، بەزىلەر تۆمۈر رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قىزىل، ئاق، ھال رەڭدە ئېچىلغان ئەتىرگۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. يانتاق قاسىم رېشاتكا تۈۋىدە ئۆزىدىن چوڭراق بىر موسىپىتكە ئوغلىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى، جانابۇۋىنىڭ قارغىشلىرى توغرىسىدا دەرد تۆكۈۋاتاتتى.

- ئاللا، بالىخان، ئاللا. ئوت كەتتى، ئوت! ئاللا.

..

كادىرلار مەھەللىسىگە بارىدىغان چوڭ كوچىدىن جانابۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، يانتاق قاسىم شۇ ھامان سارىسىمىگە چۈشۈپ گېپىنى توختاتتى - دە، موسىپىت ھەمراھىنى تاشلاپ دىڭگوسلىغىنىچە يول ئايلىنىشىغا چىقتى. جانا بۇۋى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. يانتاق قاسىم قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كەينىگە ياندى. بايىقى موسىپىت ھەمراھى ئۇنىڭ ۋەھىمە باسقان چىرايىغا، غەلىتە، جىددىي ھالەتتىكى قىلىقلىرىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى. يانتاق قاسىم قولتۇق تايىقىنى رېشاتكىغا يۆلىدى - دە، ھەمراھىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

- ئاللا، ئاللا. ئوت كەتتى، ئاللا!

گۈللۈك ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى چېچىلدى. جانابۇۋىنىڭ ئاۋازى گۈگۈم پەيتىدىكى تىنجىق ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ كىنوخانا ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىغا ئارىلىشىپ كەتتى. يانتاق قاسىم قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

- ساراڭ كەلدى.

- ھۆكۈمەتنىڭ بىركىمدىن ئادەم قەرزى بولمىغاندىكىن، جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىپ يۈرگەن مۇشۇنداق ساراڭلارنى سولاپ قويۇپ چىقارمىسا بولمامدىغاندۇ؟

- ساراڭغا سوت يوق دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ.

- ئۇ دېگەن ئەۋلىيا، ساراڭ ئەمەس.

- ھا - ھا - ھا. ئەۋلىياسى شۇ بولسا، پەيغەمبىرى قانداق بولماقچىدى. توۋا، ماۋۇ گەپنىڭ قىزىقلىقىنى.

- ھاي، ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار، ئەۋلىيا كەلدى، ئەنە.

جانا بۇۋى ئىغاڭلىغىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ، قېلىن پاختىلىق چاپان ئۈستىدىن بىر پارچە گۈللۈك چىتنى باغلىۋالغانىدى. يۈز - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. جانابۇۋى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ياشلىق بىر كادىرنىڭ ياقىسىنى قاماللاپ تۇتتى - دە، چايناپ يۇركۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئالىيىپ قارىدى:

- ساراڭنى سولاپ قويسۇن دېگۈچە، چىرايلىق خوتۇنۇڭنى سولا، يا بولمىسا بىر ئەردىن چىققانچە ئولتۇرۇپ قالغان سىڭلىڭمۇ بارغۇ، خەير، تۆت بالاڭنىڭ

يۈزىنى قىلدىم، بولمىسا ئاغزىمدىن گەپ چىقىرىۋېتەتتىم. مالاڭ، يوقال!

ھەممەيلەن: جانابۇۋى ھېلىقى كادىرنىڭ گېپىنى قانداق ئاڭلاپ قالغاندۇ دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى. ھېلىقى كادىر ئىزا تارتقىنىدىن غېپىدە تىكمۈەتتى.

- ئاللا، بالىخان، ئاللا! چىقمامسەن يانتاق دېگەن بائەھلى، مۇكۇۋالساڭمۇ تاپمەن. ئاللا، ئوت كەتتى، ئوت!

جانابۇۋى ئالچاڭلاپ، چۆرگىلەپ بىر دائىرىدە پىرقىرىدى ۋە ئېسىنى يوقىتىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ مۇكچىيىپ ئولتۇرغان يانتاق قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ھاسىسىنى ئېلىپ گۈللۈككە چۆرۈۋەتتى. ئارقىدىن دىك - دىك سەكرەپ ئايلانغاچ بېلىدىكى چىت رەختنى يەشتى. شۇئان ئۇنىڭ ئالدى ئېچىلىپ تۇغما ھالەتتىكى ئاپئاق بەدىنى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالدى. ئەتراپتىكى ئەر - ئاياللار دەررۇ يۈزلىرىنى توسۇپ نېرى كېتىشتى. يانتاق قاسىم يەردىن ئۈستۈن قارىماي جىمجىت ئولتۇراتتى. جانا بۇۋى چىت رەختنى ئۇنىڭ بوينىغا سېلىپ چىگدى - دە، تارتتى:

- قوپ ئورنۇڭدىن، نائەھلى، سېنى تىياتىرغا ئەكىرىمەن. يەكەننىڭ ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپ سەھنىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ، ماڭە. مەنمۇ سەھنىگە چىقىپ غەزەل ئوقۇيمەن، خەقلەرنىڭ ماڭا شاپاق، ئەسكى كەشلەرنى ئاتقىنىنى كۆرسەڭ كۆلۈپ ئېلىقىپ قالىسەن، ماڭە.

- ج. . . جېنىم جانا. . . جانانگۈل، ئوبدان خېنىم، ئەۋلىيا، مەن. . . مەن قانداق ماڭالايمەن، قولتۇق تايىقىم. . .

يانتاق قاسىمنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، لاغىلداپ تىترەپ ئاران گەپ قىلاتتى، يۈز - كۆزىدىن شورۇلداپ تەر قۇيۇلاتتى.

- مەن سېنى يۆلەيمەن، قوپە.

بىلىنىش كار قىلمايدىغانلىقى يانتاق قاسىمغا ئايانىدى. جانابۇۋى ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ يۆلەپ ماڭدى. كىشىلەر جانابۇۋىگە قارىماسلىقتا تىرىشىپ گۈللۈك تۈۋىدىن كېتىشكەچكە، ئۇششاق باللارغا بوپبەرگەنىدى. ئۇلار سەكرىشىپ چۇرقىرىشاتتى. شۇ تاپتا يانتاق قاسىمغا قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. يازلىق كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر تېخىمۇ كۆپەيگەنىدى. مەستلەر دەلدەڭشىپ يۈرۈشەتتى. ھاۋانى كاۋاپ ھىدى قاپلىغانىدى. جانابۇۋى كەلگەن ھامان كىشىلەر توپى ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشتى. ئۇ، يانتاق قاسىمنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. شۇ مالىمانچىلىقتا كىمدۇ بىرسى يانتاق قاسىمنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. يەنە بىرسى ئۇنى دەسسىۋالغاندىن كېيىن يانتاق قاسىمنىڭ داد - پەريادىنى ئاڭلاپ: «ۋۇي، بۇ كىشى يانتاق جۇجاڭغۇ، قاسىم شيەنجاڭنىڭ دادىسى» دېدى - دە، دەرھال ئۇنى يۆلەپ - كۆتۈرۈپ دېگەندەك مىڭ تەستە چەتكە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

- ئېغىر كۆرمەي تۆرنىسا جىگلىنى ھايت دەۋەتكەن بولساڭلار.

- ماقۇل، ھازىرلا، - دېيىشتى ئادەملەر بىر - بىرىگە قاراپ مەنىلىك ھىجىيىشىپ.

ئىشىكنى زەرب بىلەن ئاچقان جانابۇۋى بۇلۇڭدىكى ئۈستەلدە دۈمچىيىپ ئولتۇرغان تۆرنىسا جىگلى بىلەن بىلەت سېتىۋاتقان قىزنى كۆرۈپلا چاپىنىنىڭ ياقا - پەشلىرىنى تارتىپ قامالاپ ئالدىنى ئەتتى. تۆرنىسا جىگلى قورققىنىدىن تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جانابۇۋى بىر ئايلىنىپ پىرقىراپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى:

- نېمە، چەكچىيىپ قاراپلا قالدىڭغۇ؟

- ياق بۇۋىم، چەكچەيمىدىم. مۇشۇ كۆزۈمنى زادى.

. . كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدىكىن، خىزمەتلىرىدە بولاي. كاۋاب بۇيرۇيمۇ؟

- كاۋاپنى بوخوچى ئاشناڭغا بېگىز. ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى، ئوت! سال كۆڭلەكنى، بەك يۈزۈركەن، ماڭا يارىشامدۇ، كىيىپ باقاي، سالە.

جانابۇۋى تۆرنىسا جىگلىغا يېقىنلاپ كەلدى. تۆرنىسا جىگلى ئېسىنى يوقاتقان ھالدا كەينىگە داجىدى. بىلەت سېتىۋاتقان قىزمۇ قورقۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆز ئىشى بىلەن بولدى.

- جېنىم بۇۋىم، جانانگۈل خېنىم، ئۇلۇغ ئەۋلىيا، ئۇنداق قىلمىسىلا، بۇنى سېلىپ بەرسەم مەن يالىڭاچلىنىپلا قالىمەن. قارىسىلا بۇۋىم، ھېلى كىنو تۈگىگەندە سىلىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي. ساندۇق - چامادانلىرىمدا بۇنىڭدىنمۇ يۈزۈر، چىرايلىق كۆڭلەكلىرىم بار، ئۆزلىرى تاللاپ. .

- ياق، - دېدى جانابۇۋى تەھدىت ئاھاڭدا، - ئۇچاڭدىكىنى ئاللىدىم، سالە جالاپ، بولمىسا. . .

جانابۇۋى پىيمىنى سېلىپ تۆرنىسا جىگلىنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە قويدى، ئاندىن بىلەت ساتقۇچى قىزنىڭ ئالدىدىن بىر توپ بىلەتنى چاڭگاللاپ ئالدى. بىلەت ساتقۇچى قىز ئۇنىڭ قولىغا كاپپىدە ئېسىلدىيۇ، تۆرنىسا جىگلىنىڭ ئىشارىتى بىلەن قوللىرىنى تارتىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. جانابۇۋى بىلەتلەرنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە يەنە تۆرنىسا جىگلىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى:

- كۆڭلەكنى سال! ئاللا، بالىخان، ئوت كەتتى، ئوت!

- يۈرسىلە بۇۋىم، مېنىڭ ئىشخانامغا چىقىلى، - تۆرنىسا جىگلى بوشاشقان قەدەملىرىنى ئاران يۆتكىدى ۋە لەۋلىرىنى ئۇمچەيتىپ بىلەت ساتقۇچى قىزغا، - بىزنىڭ ئۆيگە خەۋەر قىلىپ قويغىن، - دېدى - دە، جانابۇۋىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

جانابۇۋى نېپىز، تېگى خورمارەڭ، كاۋا چېچەكلىك گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەكنى كىيىپ، كىنوخانا ئالدىدىكى سەينادا پەيدا بولدى، كۆڭلەك ئۇنىڭ تولغان بەستىگە چىپپىسا كەلگەنىدى. ئۇ: «ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى، ئوت!» دەپ نىدا قىلغىنىچە يالىڭاياغ پۇتلىرىنى يەرگە گۇس - گۇس ئۇرغاندا، كۆڭلەككە پاتماي تىقىلىپ قالغان يوغان ئەمچەكلىرى لىغىلداپ سىلكىنەتتى. ئۇ، بىلەتلەرنى بىر باشتىن يىرتىپ ئادەملەرگە تارقىتىشقا باشلىدى. بەزىلىرىنى قالايمىقان يىرتىپ ئادەملەر توپىغا قارىتىپ ئاتتى. شۇ ئەسنادا قاسىم يانتاقنىڭ ئايالى ھوقۇيتۇپ يىغلىغىنىچە كەلدى - دە، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي

تۇرنىسا جىگدىلى بىلەن بىللە چىقتى. تۇرنىسا جىگدىلىرى ماڭغىلاپ تۇرغان ئەسكى چاپاننى يېپىنچا قىلىۋالغانىدى. ئۇ، كېلىنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ـ قاسىم شيەنجاڭغا بىر ئىش بولدىمۇ، نېمە؟

ـ ھالى پەس دەۋاتاتتى، ھەي. . .

ـ بەندىچىلىك قىلغان بولسا كېرەك ئېھتىمالىم.

ـ خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت.

خېلىدىن كېيىن تۇرنىسا جىگدىلى ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگكەن ھالدا كىنوخانا ئالدىدىن ئۆتتى ـ دە، ئۇدۇل كادىرلار مەھەللىسىگە قاراپ كەتتى. بايا قاسىم يانتاق توغرىلىق سۆزلەشكەنلەرمۇ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ تۇرنىسا جىگدىلىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى.

جانابۇۋى قولىدىكى بېلەتلەرنى تاشلىۋېتىپ گۈللۈك تەرەپكە چاپتى. ئۇ، تۆمۈر رېشاتكىدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقاندا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى ئىلىنىشىپ قېلىپ ۋەرتىدە يىرتىلدى. جانابۇۋى قاسىم يانتاقنىڭ قولتۇق تايىقىنى تاپتى ـ دە، رېشاتكا ئەتراپىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، توپ ـ توپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كەينىدىن كادىرلار مەھەللىسىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى:

ـ يانتاق دېگەن نائەھلى، قولتۇق تايىقىڭ مانا. كۆڭلىكىم بەك چىرايلىق، ئاللا، بالىخان، ئوت كەتتى، كىم مۇرادىغا يەتتى، دۇنيا قىز كېلىپ، قىز كەتتى. ئاللا، ئاللا!

كۆڭلەكنىڭ خېلىلا كەڭ يىرتىلغان ئېتىكى جانابۇۋىنىڭ ئۇچۇق پاچاقلىرىغا يۆگىشىپ لەپىلدەيتتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ يېنىدىن شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. كادىرلار مەھەللىسى تەرەپتىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر قەدىمىنى تېزلەتتى.

V

ـ ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى، ئوت!

جانابۇۋى گۈللۈكنىڭ ئۇ قېتىدىن توۋلىغىنىچە كىنوخانا تەرەپكە كەلدى. سوۋادانلارنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلاردا كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى چاقنايتتى. كوزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى تۈنجى سارغايغان يوپۇرماقلارنى شېخىدىن يەڭگىلگىنە ئۈزۈپ يەرگە ئاستا تاشلىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا كىشىلەر جانابۇۋىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىگەندەك تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار كىنو بېلىتى ئېلىش، زالغا تېزرەك كىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان توك توختاپ كەتكەچكە، ھەر كۈنى كەچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر زېرىكىپ بۈگۈن كىنوغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن قويۇلىدىغان «ھىندىستانلىق ئەپەندى» ناملىق مەشھۇر فىلىم كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇرغانىدى.

جانابۇۋى سىرلىرى چۈشۈپ داتلاشقان ئەسكى داسنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بوتكىچى، كاۋاپچى، توخۇ گۆشى ساتقۇچىلار ئۇنى كۆرۈپ چاقىرىشتى:

ـ بۇۋىم، كەمپۈت يېسىلە.

ـ ئەۋلىيا بۇۋىم، جىگەردىن ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

ـ جانا خېنىم، كەلسىلە، ھېسىپ يېسىلە، چىڭ قويۇلغان. كەلسىلە، تازا يۇمشاق پىشقان قېرىنمۇ بار.

جانابۇۋى ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، پىرقىراپ ـ ئايلىنىپ ساما سالاتتى:

ئەسلى تۇپراق ئادەمنى سۇلتان قىلغان ئاللا سەن،

ھازاز ۋلدەك ئالىمنى شەيتان قىلغان ئاللا سەن.

جانابۇۋى پىرقىراپ كېلىپ بىر بوتكىنىڭ يايمىسىدىن ئوچۇملاپ گازىر ئالدى. بوتكىچى ئايال خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا بىر پەتنۇستا گازىر، كەمپۈت، خۇاسلىڭ تۇتتى.

ـ ئۆزۈڭ شۇنداق چىرايلىق ھەم ياش، پۇلۇڭمۇ جىق، لېكىن ئېرىڭ يوق. كېچىلىرى تولا ئەسنەپ ئۇخلىيالمايسەن، تىزىڭنى قۇچاقلاپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزىسەن. ھەي. . . ياشلىقىڭنى زايە قىلما، ئەرگە تېگىۋال. قول ـ ئىلكىدە بارغا تەگمەي، ياش، كېلىشكەن، توم بويۇن، لېكىن نامرات يىگىتتىن بىرىگە تەگ، ئۇنىڭ راھىتىنى سەن كۆرىسەن، سېنىڭ پۇللىرىڭنىڭ ماغزىنى ئۇ چاقىدۇ. شۇنداق قىلساڭ ئۆمۈر بويى كۆڭلۈڭ خۇش ئۆتىدۇ.

بوتكىچى ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. جانابۇۋىگە يەنە بەش كويي پۇل تۇتقۇزدى. جانابۇۋى: «ئاللا، ئاللا!» دەپ چۇقان سالغىنىچە ئادەملەر توپىغا قىسىلىپ كىردى. كىشىلەر جانابۇۋىنى گويا ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ھودۇقۇپ يول بېرىشتى. جانابۇۋى پەتنۇسنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مېڭىپ بېلەت يىغقۇچى يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى:

ـ ھەي جىڭگىلماچ، ـ جانابۇۋى بېلەت سېتىش ئۆيىگە كىرىپلا ئالدىراش بېلەت سېتىۋاتقان قىزغا ۋارقىرىدى، ـ ھېلىقى دۇمچەك باشلىقىڭ نەدە؟

قىز قورقۇپ ئالدىدىكى بېلەتلەرنى كىتاب بىلەن باسۇرۇۋالدى ـ دە، ئاران جاۋاب بەردى:

ـ 2 ـ قەۋەتتىكى ئىشخانىسىدا.

تۇرنىسا جىگدىلىنىڭ ئىشخانىسى ئوچۇق بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى روھى سۇنۇق ھالدا گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. جانابۇۋى كىرىپ كەلگەندە ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى. جانابۇۋى كۆرسىتىلگەن ئۇستەلدە ئولتۇرماستىن پەگادا ئۆرە تۇردى ـ دە، پەتنۇسنى شىرەگە قويدى:

ـ يېيىشە. ھە، ھەر ئىككىڭ ئالە ـ يە. ھەي دۇمچەك، ماۋۇ نائەھلى ئېرىڭ قاسىمنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە داۋالاتقىلى كەتكەندە سەن ئاشناڭ ماناپ بوخوچىنى ئۆيگە ئەكىرىۋالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ بىر كۈنى كىرسەم ماناپ بوخوچى بار ئىكەن، سەن مېنى ئۇردۇڭ. چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۆيۈڭدىن ئېلىۋالغان دەي (سىنئالغۇ لېنتىسى) نى باشقىلارغا قويدۇرۇپ كۆرسەم پۈتۈن رەسۋاچىلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىكەن، ئۇ دەينى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەردىم، بوپتىمۇ؟

تۇرنىسا جىگدىلىنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ، يانتاق قاسىم تۇگۇلۇپلا قالدى. ئۇ، ئايالىنىڭ ئاشنا ئوينايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. بىراق ئۇلار ھازىر مۇسىبەتتە تۇرغاچقا تەگىشىشكە ئەپسىز ئىدى. جانابۇۋى يانتاق قاسىمغا يېقىن كېلىپ بىگىز بارمىقىنى

ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىلدى:

— راست گەپ قىل، نائەھلى! ئوغلۇڭ قاسىمغۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي دادىسى بىلەن ئانىسىنى بىلمەي ئۆلۈپ كەتتى. راستىنى ئېيت، ئۇنىڭ ئۆز دادىسى، ئۆز ئانىسى كىم؟ ئۇ زادى كىمنىڭ بالىسى؟

ئىشخانىنى بىر پەس سۈرلۈك جىملىق قاپلىدى. يانتاق قاسىم بىلەن تۇرنىسا جىگلى بىر - بىرىگە تىكىلىشىپ دىلغۇللۇق ئىچىدە بىر ھازا جىم تۇرۇشتى. ئاخىر يانتاق قاسىم تەستە ئېغىز ئاچتى:

— جانان، جانان بوۋى، ئۇلۇغ ئەۋلىيا، تۇرنىسا ساڭا ھەممىنى دەپتىكەنغۇ، شۇ گەپ راست، بىز قاسىمجاننى بېقىۋالغان. تۇرنىسا تۇغماس چىقىپ قېلىپ...

— قاچان بېقىۋالغان، ۋاقتىنى ئوچۇق - دە!

— 66 - يىلى كۈزدە، بوغداي تېرىش ۋاقتى ئىدى.

— ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى، ئوت!

جانابوۋى بىر پىرقىراپ - ئايلىنىپ كېلىپ يانتاق قاسىمنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى. ئۇ، ئىندىمەستىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— دە، نائەھلى، قاسىمنىڭ ئۆز دادىسى كىم؟ ئۆز ئانىسىچۇ؟

— بىلمەيمىز، راستىنلا بىلمەيمىز، بوۋىم. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر بۇ بالىنى تېپىۋېلىپ بىزگە بەرگەن، مەن دادامنىڭ ئىسمىنى قويغانىدىم.

— ھەي جوھۇت، مېنىڭ بالام قېنى - سېنىڭ پۇشتۇڭدىن بولغان، مېنىڭ مەھرىمدىن تۇغۇلغان بالام؟!

— نە... نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، جانان. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا... بالا... بوگەپزادى...

— ئاڭلاپ تۇر نائەھلى توكۇر، دادام مەسۇم سوپى مېنى زىكرى - تەلقىن، جەھرى - ساما سورۇنلىرىدا ساپايە چالىدىغان، ھەمىشە ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان يېقىن مۇرىتى كىچىك مەخسۇمغا بەرمەكچى بولدى. مېنىڭ سوپى - ئىشان، زاھىد - دەرۋىش دېگەنلەر بىلەن ئەسلا خۇشۇم يوق ئىدى. كىچىك مەخسۇم دېگىنى يېشى ئوتتۇزلارغا بېرىپ قالغان، بىر كۆزى ئەلەس، رەڭگى قاپقارا بىر نېمە ئىدى. ئۇنىڭغا تەگكۈچە بۇ دۇنيادىن ئەرسىز ئۆتكىنىم ياخشىراق دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى مەن يۇرتىمىزدىكى قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ئىدىم. نۇرغۇن يىگىتلەر كۈندۈزلىرى ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەيتتى، كېچىلىرى ئۆگزىمىزگە چالما تاشلاپ ئارام بەرمەيتتى. مەن خىيالىمدا ئاقكۆڭۈل دېھقان يىگىتكە، قاۋۇل ئىشچىغا، كۆچلۈك - تەمبەل ئەسكەرگە ياكى تەلىيىم بولسا شوخ - كەپسىز شوپۇرغا، ئېھى كەلسە يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىلىملىك كادىر يىگىتكە تەگسەم بەختلىك بولىمەن، دەپ ئويلايتتىم. كېچە - كۈندۈز شۇ ئويدىلا، شۇ خىيالدىلا ئىدىم، ئەمما دادامدىن بەكمۇ قورقاتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاچچىقى بەك يامانىدى. بىر كۈنى دادامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بويۇنۇمدىن باغلانغاندەك كىچىك مەخسۇمغا ئەگىشىپ توي خېتى ئېلىشقا باردىم. سەن گۇڭشېدا توي خېتى كېسىدىكەنسەن. ماڭا شۇنداق قاراپلا بىر ھازاغىچە ئىچىڭگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. ئاندىن: «بۇ قىزنىڭ يېشى كىچىككەن، يەنە بىر يىلدىن كېيىن كېلىڭلار» دەپ توي خېتى بەرمىدىڭ. شۇ چاغدا سەندىن بەكمۇ خۇش بولدۇم، خۇدادىن ساڭا بەخت - سائادەت، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدىم. نەزىرىمدە سەن مېنى كىچىك مەخسۇم دېگەن ئاشۇ بەتبەشىرە زەڭگىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان نىجادچى ئىدىڭ. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتسام ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمدا پەيدا بولدۇڭ. «ئىسمىلىرى جانان ئىكەن، ئۆزلىرىمۇ پەرىشتىگە تەڭلەشتۈرگۈسىز چىرايلىق، گۈزەل جانان ئىكەنلا، ھېلىقى كۈنى سىلىنى بىر كۆرۈپلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. مانا، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۈچۈن غىزا، ئۇيقۇ، خىزمەت دېگەنلەر ھارام بولدى. كۆيۈك ئوتى دېگەن شۇنداق يامان نېمە ئوخشايدۇ. جېنىم جانانگۈل، ئىككىمىز توي قىلىلى، ياق دېسىلە، مەنە كۆل تۇرۇپتۇ، سۇغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈپ بېرىمەن» دېدىڭ. مەن ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدىم، ئىچىمدە خۇشال بولدۇم، چۈنكى سەن كادىر ئىدىڭ، مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى يىگىت ئىدىڭ. ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرمايلا ساڭا ماقۇللۇق بەردىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلاندۇق. بىر - بىرىمىزنى بىر كۈن كۆرمىسەك چىداپ تۇرالمايتتۇق. مەن ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك قىز دەپ ھېسابلايتتىم. كېچە - كۈندۈز ئەس - يادىم سەندىلا بولاتتى. ئىككىمىز توي قىلىشقا ۋەدىلەشتۇق، دادام بۇ ئىشقا قانداق قارايدۇ، نېمە دەيدۇ، ئۇنى بىلمەيتتىم. مۇبادا دادام قوشۇلمىغۇدەك بولسا، ساڭا ئەگىشىپ قېچىپ كېتىشنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. سەن ماڭا ھېيتلىق دەپ ئۈچ مېتىر گۈللۈك تاۋار ئېلىپ بەردىڭ. يەنە بىر قېتىم بىر جۈپ سۆلياۋ ئاياغ تەقدىم قىلدىڭ، ئۇ نەرسىلىرىڭ مېنى بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇش قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا كېيىنچە مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇردۇم، چۈنكى مەن ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا بىر ساڭىلا ئىشىنەتتىم. توي كۈنلىرىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتىڭ. سۈرۈشتۈرۈپ سېنىڭ «قوشگۇمبەز» گۇڭشېسىغا يۆتكىلىپ ئىتتىپاق شۇجىسى بولغانلىقىڭنى بىلدىم. ئىزدەپ بارسام ماڭا قاراپمۇ قويمىدىڭ. باشقىلاردىن سېنىڭ خوتۇنۇڭ بارلىقىنى، توي قىلغىلى تۆت يىلدىن ئاشقانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۆيگە قايتقۇچە يول بويى قان - يىغلىدىم. سەندىن بويۇمدا قالغانلىقىنى سەزگىنىمدىمۇ، سېزىككە چۈشكىنىمدىمۇ دىممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇم. كىچىك مەخسۇمنى ئىزدەپ باردىم، ئۇمۇ خوتۇن ئېلىۋاپتىكەن، تەقدىرىمگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. قورسىقىم يوغىناشقا باشلىدى، ئانام مېنى يوشۇرۇپ باقتى، ئاخىر تۇغدۇم. شۇ چاغدىلا ئانام مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى ئۇقتى ۋە كېچىدە بالىنى سەن ئىشلەۋاتقان «قوشگۇمبەز» گۇڭشېسىغا ئاپىرىپ گۇڭشې دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولغا تاشلاپ قويۇپ كەلدى. دادام بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ مېنى تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تازا ئۇردى، ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. مانا شۇنداق دوزاخ ئازابى تارتقان كۈنلەردە: «ھاياتلا بولىدىكەنمەن، يانتاقتىن ئۆچ ئالماي قويمايمەن» دەپ قەسەم قىلغانىدىم. ئەمما مەن ئاجىز - ناتىۋان قىز ئىدىم، قانداق ئۆچ ئېلىشنى بىلمەيتتىم. بىر ئايدىن كېيىن دادام مېنى يەكەنگە ئېلىپ

بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۇستازى - مۇرشىدى، «ئالتۇن مازار» دىكى سوپىلارنىڭ خوجىسى جىلان ئىشانغا دۇئا قىلدۇرۇۋەتتى. ئالتۇن مازارنىڭ داشلىرىدا قاينىغان ئوماچنى ئىچىپ، سەدىقە نانلارنى يەپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. چىلتەنلىرىمدە دۇم يېتىپ - دۇم قوپتۇم. جىلان ئىشاندىن ئىككى بالا تۇغدۇم، ھەر ئىككى بالا بوۋاق چېغىدىلا چاچراپ كېتىپ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. جىلان ئىشاننىڭ خوتۇنلىرى پات - پات يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ مېنى قول ئاستىدىكى بىر قېرى سوپىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. مەن ئاچ - زېرىن ئولتۇرۇپ زىكرى - تەلقىن قىلىشتىن، تاھارەت ئالماي، ناماز ئوقۇماي چۆرگىلەپ جەھرى - ساماسىلىشتىن، تائەت - ئىبادەت قىلماي گۈمبەز - خانىقالاردا ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرۇپ نەشە چېكىدىغان سوپىلار تورمۇشىدىن بىزار بولدۇم. چۈنكى مەن ئاللانىڭ پەرزلىرىنى، رەسۇلللانىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، دەپ بىلەتتىم ۋە ئۆزۈممۇ تەقۋادار ئايال ئىدىم، شۇڭا يۇرتقا قېچىپ كەلدىم. ئاتا - ئانام كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۆيىمىزنىڭ ئورنىغا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ماخو سېپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەرسان بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ كەتتىم. مانا، شۇنچە يىللار بولدى مەن «جانا ساراڭ» ئاتىنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى. مەن ھازىرغىچە بالامنى، تاشلىۋېتىلگەن ئاشۇ بىچارە بالامنى ئىزدەۋاتىمەن. ھەي جوھۇت، يانتاق دېگەن نائەھلى، مېنىڭ بالام قېنى؟ سەن قاسىمنى بېقىۋالغان دېدىڭ، شۇ بالا زادى كىمنىڭ بالىسى؟!

- شۇ بالا. . . جانان. . . جېنىم جانان، شۇ بالىنى، قاسىمنى سەن تۇغۇپتىكەنسەن - دە. ئۇنى گۈگۈمشىنىڭ ئالدىدىن تېپىۋالغانلار مېنىڭ بالام يوقلۇقىنى بىلىپ ئەكىرىپ بەرگەنىدى. جانان - جانان بوۋى، ئەزىبرايى خۇدا!. . . قاسىمنى سېنىڭ تۇغقانلىقىڭنى، ئۇنىڭ ئۆز پۇشتۇم ئىكەنلىكىنى مانا ھازىر بىلدىم، توۋا، توۋا.

- ئاللا! ئاللا! - جانا بوۋى تورۇسقا قاراپ نالە قىلدى، - شۇ قاسىم مەن تۇغقان بالا - ھە؟ بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ خۇدايا بىلمەپتىمەن توۋا. ھەي يانتاق دېگەن مۇناپىق، گۆرىدىن توڭگۇز قوپىدىغان مەلئۇن، سەن جوھۇتنىڭ كاساپىتىدىن قاسىم ئاخىر ئۆز ئانىسىغا بىلمەي چېقىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر گۇناھنى ئۆتكۈزۈپ ئۇ ئالەمگە ئىمانسىز كېتىپتۇ - دە؟! ئى قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، مۇشۇ گۇناھلارنىڭ سەۋەبكارى بولغان مۇنۇ يانتاق دېگەن جوھۇتنىڭ نىجىس قەدىمىنى پاك زېمىنىدىن ئادالاپ، قىلمىشىغا لايىق جازاسىنى بەرگەيسەن، ئامىن!

جانا بوۋى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ تۇيۇقسىز مۇدۇرۇپ يىقىلدى - دە، پەسكە دومىلىغانچە چۈشتى. يازلىق كىنوخانا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى، كىنو داۋام قىلىنىۋاتاتتى. قىشلىق كىنوخانىنىڭ يازلىق كىنوخانىغا قارىغان تېمىدىكى يوغان دېرىزىلەردە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشقان ياغاچچى - سىرچى ئۇستىلار ۋە شاگىرتلار تاماكا چېكىشكەچ كىنو كۆرۈۋاتاتتى.

- ھەي ئاغزىغا ئوت قالاۋاتقان شوۋىچىلار، - دەپ ۋارقىرىدى جانابوۋى، - ئوتنى ئۆچۈرۈشە، بولمىسا قازىنىڭ قايناپ تېشىپ كېتىدۇ. ئاللا، بالىخان، ئاللا! ئوت كەتتى! ئاللا، ئوت كەتتى، ئوت!

جانابوۋى ئېتەكلىرى يىرتىلىپ تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەن يەڭسىز ئەسكى كۆڭلىكىنى، قارىيىپ مەينەتلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن تامبىلىنى سېلىپ: «ئوت كەتتى! خالايىق ئاگاھ بول! ئوت. . .» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىنو كۆرۈۋاتقانلارغا قارىتىپ ئاتتى، ئاندىن يۈگۈرگىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئەۋرىتىنى ئاران يېپىپ تۇرغان قىزىل كالتە ئىشتىنىلا قالغانىدى.

ئۇ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كەلدى، بەش زىخ كاۋاپنى يەپ بولۇپ يەنە بىر زىخ كاۋاپنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا كىنوخانىنىڭ ئىچىدىن دەھشەتلىك قىيا - چىيا، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. كانايدىن: «يولداشلار، قىشلىق كىنوخانىغا ئوت كەتتى، ھەممىمىز كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرەيلى!» دېگەن چاقىرىق ئاڭلاندى. شۇئان بوتكىچى، كاۋاپچى ۋە باشقا ئوقەتچىلەر قېچىپ گۈللۈكنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. قىشلىق كىنوخانا ئۆگزىسىدىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە غايەت زور ئوت يالقۇنى ئەتراپنى، ئاسماننى قىپقىزىل يورۇتىۋەتتى. ئەتىمالىم، بايا قىشلىق كىنوخانىنىڭ دېرىزىسىدە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقان ئۇستا - شاگىرتلاردىن بىرى جانا بوۋىنىڭ گېپىدىن قورقۇپ يادىدا يوق تاماكىسىنى ئارقىسىغا - زال ئىچىگە تاشلىغان بولسا كېرەك، ئوت پەردىكى ياغاچ قىرىندىلىرى، تارشا - پوزەكلەرگە تۇتۇشۇپ، تورۇسقا يامىرىغاندەك قىلاتتى.

يازلىق كىنوخانىدىكىلەر بىر - بىرىنى قىستاپ، دەسسەپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ دېگەندەك ئىشىكلەرگە ئېتىلاتتى. قىيا - چىيا، يىغا - زارە، نالە - پەرياد، قالايمىقان ۋارقىراشلار ئوت يالقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ چەكسىز بوشلۇققا - قاراڭغۇلۇققا كۆتۈرۈلدى. پۈتۈشكە ئاز قالغان قىشلىق كىنوخانىنىڭ كاتتا قۇرۇلۇشى ھەش - پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانماقتا ئىدى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە باشلامچىلىقىدا نۇرغۇنلىغان ئادەم پىداكارلىق بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە ئاتلاندى. بىراق قېرىشقاندەك توكمۇ، سۇمۇ توختاپ كەتكەچكە، قاراڭغۇ كېچىدە قۇرۇق قول بىلەن بۇنچىۋالا زور ئوتنى ئۆچۈرۈش قىيىنىدى. ئۆي - ئۆيلەردىن ئېلىپ چىقىلغان سۇ ۋە چېچىلغان توپىلار ئوتقا قىلچە كار قىلمىدى. ھەر ھالدا كىشىلەر كۆيۈپ يارىلانغان تۇرنىسا جىگىلىنى قۇتقۇزۇۋالدى. يانتاق قاسىممۇ سىرتقا ئېلىپ چىقىلدى، ئۇنىڭ بەدىنى كۆيۈپ چوچۇلىگە ئايلانغانىدى. ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ناسىلكىغا ياتقۇزۇلۇپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلدى.

كوچا، گۈللۈك ئەتراپى، كىنوخانا ئالدى مىغ - مىغ ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. جانابوۋى بىر زىخ كاۋاپنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۆگزىدە ۋە بوشلۇقتا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ۋە كىشىلەر كۆتۈرۈۋالغان شاملارنىڭ يورۇقىدا گاھ ئۇنىڭ دومبىسى، گاھ سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى، گاھ لىغىرلاپ تۇرغان ئەمچەكلىرى، كالتە ئىشتىنى بىلەن ئاپئاق، تولغان كاسىسى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ، توختىماي ۋارقىرايتتى:

- ئاللا، بالىخان، ئوت كەتتى. ئاللا، ئوت كەتتى، ئوت! (M3)

رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم



# تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈندىكى ماھىيەت

داۋۇت ئوبۇلقاسىم

I

بىر چاغدا، مەن بىلەن پېشقەدەم مۇھەررىر ئاكىلارنىڭ بىرىدىن شۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغانىدىم: قايسىدۇر بىر ئەۋلىيا تېخى يەتتە - سەككىز ياش ۋاقتىدا، قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ جاھانگىرلىك ئىرادىسىگە مالىك بولۇپ دۇنياغا قوشۇن تارتىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى بارمىشكى، ئۇ ھەر قانداق ئەلگە قول سېلىشتىن بۇرۇن شۇ ئەلگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلاردىن: «مېنى كىم ئەۋەتتى؟» دەپ سورارمىش. قايسى ئەلدىنلا سوئال سورىسا، شۇ ئەلنىڭ شاھ ۋە دانىشمەنلىرى قول باغلاپ تۇرۇپ: «ئالىيلىرىنى خۇدا ئەۋەتتى» دەپ جاۋاب بېرەرمىش. بۇ جاۋابقا قايىل بولمىغان جاھانگىر ئۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، پۇقرالىرىنى قول، دۆلىتىنى ئىستىلا قىلارمىش. شۇنداق قىلىپ نى - نى بەگلىكلەر، خانلىقلار كەينى - كەينىدىن مۇنقەرز بولۇپ، نۆۋەت ئەۋلىيا ئەزەمىنىڭ ۋەتىنىگە كەپتۇ. شاھ ئۆز تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئۆلىما - ئالىملارغا جاھانگىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىشنى مۇراجىئەت قىپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارمۇ مۇۋاپىق جاۋاب تاپالماي شاھنىڭ بېشى قېتىپتۇ. ۋاقىت بولسا بارغانسېرى قىستاپ كېلىپ جاھانگىر شەھەرگە يېقىنلاپ قاپتۇ.

ئاخىر، ئامال بولمىغاندا ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ كەپسىز ئەمما دۇرۇس، ئەركىن ئەمما يېتۇك بالا تالىپىنىڭ: «بۇ جاھانگىرنىڭ سوئالىغا مەن جاۋاب بەرسەم» دەپ تولا دەپ كەتكەن ئىلتىجاسىغا باش لىڭشىتماقتىن ئۆزگە ئامال تاپالماپتۇ. بالا تالىپ يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتكە ئىشەنچ ۋە تەدبىر بىلەن يۈزلىنىپ، تۆگىگە مىنگەن، قولىغا بىر خورازنى قوندۇرۇپ، قېشىغا بىر تېكىنى سالغان پېتى جاھانگىرنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ.

جاھانگىر لەكمىڭ - لەكمىڭ زەبەر دەس قوشۇن بىلەن كېلىۋېتىپ قارىسا، كىچىك بىر بالا ئۈچ ھايۋان بىلەن ئەلچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. ئاڭغىچە جېدەكچىلەر ئۇلارنىڭ كەرەملىكنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىلى چىققانلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جاھانگىر: «تۇۋا، ماۋۇ خەقنى، ئادەمنى شۇنداقمۇ مازاق قىلغان بارمۇ؟» دەپ دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىنى دېۋىتىپ، قەھرى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

- ھوي شۇمتەك، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرمەي يوقال كۆزۈمدىن.

- خوش، كەرەملىك، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بوي دېسىڭىز تۆگىدىمۇ، تاج دېسىڭىز توخۇدىمۇ، ساقال دېسىڭىز ئۆچكىدىمۇ بار. ئەگەر مەن كىچىكلىكىم بىلەن پەسەنتىڭىزگە سىغمىسام، قېنى مەرھەمەت، ئۆزىڭىز خالىغان سوئالىڭىزنى قويۇڭ.

بالىنىڭ گېپى بۇ پاراسەتلىك جاھانگىرگە شۇنداق تەسىر قىپتۇكى، ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

- خوش، قېنى جاۋاب بەرگىن ئەمىسە، مېنى كىم ئەۋەتتى؟

- ئەي كەرەملىك شاھىنشاھ، سېنى ھېچكىم ئەۋەتكىنى يوق، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئوسال خۇي - پەيلى سېنى چىللاپ كەلدى!

بۇ جاۋابتىن قانائەتلەنگەن جاھانگىر شۇ يەردىلا قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئۆز دۆلىتىگە كېتىپ قاپتۇ.

II

ئىز دەنگۈچىلەر

بىز رەڭنى كۆرىمىز، ئەمما دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنى كۆرەلمەيمىز. ئالمىنى كۆرىمىز، ئەمما ئالما ئۇرۇقى ئىچىدىكى ئالمىنى پەيدا قىلغۇچى «لايىھە» نى كۆرەلمەيمىز. تەپەككۇر قىلماق شۇ نەرسە ئايانكى، ئەمەلىيەتتە رەڭ ھادىسە، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ماھىيەت، ئالما ھادىسە، ئۇرۇق ئىچىدىكى «لايىھە» ماھىيەت. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن تارىخ مابەينىدە ئېسىدە قالغىنى ۋە خاتىرىلىگىنى ھادىسە بولۇپ، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا ماھىيەتتۇر.

دېمەك، پۈتۈن قاتلام بويىچە ئويلانغاندا، ھەر بىر كەسىمدىكى كۆرۈنۈش ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەممىسى مېۋىدۇر. شۇڭا سورت يېڭىلاش توغرا كەلسە، ئۇرۇق ئىچىدىكى «لايىھە» گە قول سېلىش لازىم. لېكىن بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجتىھاتىمىز تا ھازىرغىچە يېتەرلىك بولماي كەلدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەمەلىي ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس: بىر يىلى تۇرپاننىڭ كىشمىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا دۇكانغا سېلىنىپتۇ. يەر تېگىدىكى تەييار نېفىتنىڭ دۆلىتىنى يەتكۈچە كۆرگەن بۇ خەققە كىشمىش بەك تېتىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىمالال يېيىشىگە كاشىلا بولۇۋاتقان ئۇزۇم ئۇرۇقى ۋە ساپىقىغا بەك ئىچى پۇشۇپتۇ ۋە : «تۇۋۋا، مۇشۇنداق ئېسىل مېۋىگە نېمىشقا ياغاچ سانجىپ قويىسىلەر» دەپ قاقشاپتۇ. بۇيەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ناۋادا بىزنىڭ مېۋە، ئۇرۇق، «لايىھە» ئارىسىدىكى چۈشەنچىمىز پۇچەك بولۇپ قالسا يۇقىرىقىدەك ئەخمىقانە ھېسسىياتلاردىن خالىي بولالمايمىز.

خوش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەندىزىلىرىدىن بىرى بولغان توپ ياشاش ئەمەلىيىتىدە ئەۋلادلارغا نىسبەتەن ئانىنىڭ ئېنىقلىقى روشەن بولغاچ، دەسلەپ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى شەكىللەندى. بارا - بارا ئەرلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كۈچ - قۇدرىتى بۇ جەمئىيەتنى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە باشلاپ كىردى. كېيىنچە ئىنسان ۋۇجۇدى رەسمىي دۇنياغا كەلدى.

ئالەمگە كۆز ئاچقان ۋۇجۇد دۇنيا بىلەن مەزمۇن تاپتى. ئېھتىمال «مەزمۇن تاپتى» دېگەن مۇشۇ سۆزنىڭ ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى بىز ئىپادىلىمەكچى بولغاندىن كۆپ تار دائىرىدە بولسا كېرەك. شۇنداق، دۇنيا ۋۇجۇدقا، ۋۇجۇد دۇنياغا ئۈستىمۇ ئۈست چۈشكەن ھالەت يۈز بەردى. سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ، چۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پەرقسىز ھالدا رېئاللىق بولۇپ قالدى. بىز ھازىر ئوبيېكتىپ دۇنيا، ئىجتىمائىي جەمئىيەت دەپ ئاتاۋاتقان دۇنيانىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى تەبىئىيلا ھەر بىر شەخس ۋۇجۇدىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى بولىدىغان، ھەر بىر شەخس، ھەتتا سايلىقتا تۇرغان تاش، بىر تۈپ دەرەخ، ئاسماندىكى يۇلتۇز، ئۈچۈپ يۈرگەن ھەر بىر تال يوپۇرماق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدتىكى مۇئەييەن تەركىبىي قىسىم بولىدىغان ئالاھىدە تارىخىي دەۋر مەيدانغا كەلدى. شۇڭا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى بىزگە مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قېلىشىنى قايسىدۇر بىر يەرگە ئېھتىياتسىزلىقتىن دەسسەپ تاشلىغىنىدىن ياكى قايسىدۇر بىر دەرەخ شېخىنى يىرىۋەتكەنلىكىدىن، يىقىلىپ چۈشۈشىنى يەرگە قاتتىق دەسسەپ تاشلىغىنىدىن، دەپ چۈشىنەتتى. قەبىلە ئاقساقىلى ئۆل دېسە دەرھال ئۆلەلەيتتى، قۇل بول دېسە قۇل بولالايتتى. ئىشقىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى نامايەن قىلالايتتى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش ھاجەتكى، بۇ خىل ھادىسە ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار قىسمىتىدىكى ئازابنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بەلكى ئەينى مۇھىتتىكى روھىي ساغلاملىق ئىدى.

ئىنسانلار مانا مۇشۇ كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيۇشۇش خاراكتېرىدىكى تەبىئىي تۈركۈملىنىشكە باشلىدى ۋە بارا - بارا تەرەققىي قىلىش بىلەن ئىستىخىيىسىز ھالدا يېتىلىپ، ئەسلى قارا قويۇق ئىپتىدائىي كەيپكە يۆگمۈۋېتىلگەن ئالەم ئېلېمېنتلىرىنى زاكىلىرىدىن يېشىپ قايتا چېگىشكە ۋە باغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ۋۇجۇدنىڭ فۇنكسىيىسى بولغان تۇيغۇ، ھېسسىيات، تەپەككۇرنىڭ تەڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن دۇنيانىڭ ئەينى دەۋردىكى شەرھىيىسى - تۇتېم (تۇتۇم) ئوتتۇرىغا چىقتى. تۇتېمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىنسان بالاغىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى تۇتېمنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئۆزلۈك ئېڭى، ياتلىشىش ئېڭى ۋە ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قۇدرىتىنىڭ نەتىجىسىدە ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن سۈنئىي تۈركۈملىنىشكە ئۆتتى. بارا - بارا كەچۈرمىشلەر بېسىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىگىچە كېڭەيدى. يەنى مەنمۇ ئوخشاش ئادەم، ئۇمۇ ئوخشاش ئادەم دېگەن ھالەت شەكىللەندى. ئەلۋەتتە بۇ بىر ئىستىخىيىسىز قاراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىنى، قانداشلىقنى ياكى تەبىئىي توپنى پارچىلىمىغان ئاڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان قاراش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ۋە سۈنئىي تۈركۈملىنىش دەۋرلىرىدە تۈركۈملىنىپ خېلى مۇستەھكەم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان توپنىڭ تارماقلىرىدا ئۆزلىرىنى قەبىلە ئاقساقىلى بىلەن سېلىشتۇرالايدىغان، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى باھالىيالايدىغان ۋۇجۇد رەسمىي سەھنىگە چىقتى. بۇ گويا مالېكۇلىلار ئارىسىدىكى تېپىشىش كۈچى ئىپادىلىنىدىغان دەۋرگە ئوخشاش يېڭى بىر تارىخىي دەۋردىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇد ئۆز تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ تەرەددۇتى بىلەن تۇيغۇ، ھېسسىيات، تەپەككۇرنىڭ ئورتاق ئىشتىراكىدا ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىرسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپتە قانداق قىلغاندا ھەممىدىن ئۈستۈن ئادەم بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئالنى چۆرىدىگەن ھالدا جۇڭگودا كۇڭزى ئىدىيىۋى سىستېمىسى بىخلاندى. ھەممىگە ئورتاق تۈزۈم قايسى؟ دېگەن سوئالنىڭ تۈرتكىسى، مىسىر ماتېماتىكىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يۇنان پەلسەپىسى بىخلاندى. قانداق قىلغاندا، سىرتقى تەسىرنى توسۇپ مۇۋازىنەتتە تۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن ئىزتىراپتا ھىندى ئىدىئولوگىيىسى بىخلاندى.

شۇنىسى ئايانكى، ئوتتىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈش بىلەن

ئىنسانلار تۇنجى قېتىملىق تارىخىي ئىرانى تاماملىدى. ئېھتىمال، ئوتنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، تەم بېرىدىغان ئاجايىپ خىسلەتلىرى سەگەك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەلبىدە زىلزىلىلىك سۆيۈنۈش پەيدا قىلدى بولغاي، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئوتنىڭ خىسلىتى بىلەن خاراكتېرلەنگەن قۇياش بىلەن ئايغا ئەقىدە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چەكسىزلىكى، پايانسىزلىقى ۋە ئۇممىدۋار، جۇشقۇن، كۆڭۈلگە يېقىنلىقى بىلەن كۆككە، يېشىللىق ئانىسى سۈپىتى بىلەن كۆلگە، ھاياتلىق ئانىسى سۈپىتى بىلەن يەرگە، تەم مەنبەسى سۈپىتى بىلەن تۇزغا، تېزلىكى، ئەقلى بىلەن ئۆزلىرىگە ئاجايىپ ئوڭايلىق بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاتقا ئالاھىدە ھېسسىياتتا بولۇپ كەلدى ۋە چوقۇندى. بۆرە كۆرمىگەن پادىنىڭ توزۇپ كېتىدىغانلىقىغا، ھېچ يېرىگە چېقىلمىغان بولسىمۇ، بۆرە ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن قوي بېلىنىڭ ئۇتماس بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ۋە رىۋايەتلەرگە پىلتە بولغان رېئال كەچۈرمىشلەردەك، بۆرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سىرلىق ئىلتىپاتلىرىغا، ئىلاھىي خىسلەتلىرىگە قاراپ، بۆرىنى توتېم (تۇتۇم) قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقىمىز ۋۇجۇدىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئاجايىپ ساغلام، تەبىئىي ۋۇجۇد ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئەينى دەۋردىكى يوشۇرۇن ئاڭنى تەكشۈرسەك شۇنىسى ئايان بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئاشۇ باشلانغۇچ دەۋرلەردىلا ئۆزىنى قورقۇتقان، چۆچۈتكەن نەرسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تاتلىق تۇيغۇ بەرگەن، ئۆزىنى سۆيۈندۈرگەن شەيئىلەرگە ئەقىدە قىلغان. بىز ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتە ئىپادە قىلغان كەيپىياتىدىن دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىنى، قېيداش، ئاچچىقلاش پسخىكىسىنى ئۇچرىتالمايمىز.

بىز ئىنسانلار تارىخىغا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۇلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش ئۇسۇلىنىڭ شۇنچە لوگىكىسىز كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. تۇيغۇ - ئۇلاردىكى ئەڭ ئاساسىي فۇنكسىيە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەدىمكى كىشىلەر خىيالىي تەسەۋۋۇر بىلەن تۇيغۇنى، چۈش بىلەن رېئاللىقنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىمۇ مانا مۇشۇنداق ئارىلاشما ماتېرىياللاردىن، ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە كۈلكىلىك ۋە ساددىلىق ھېسابلىنىدىغان تۈرلۈك كەيپىياتلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئەمما بىزنىڭ تەلىيىمىز ھەقىقەتەنمۇ كەلدى. بىز ۋۇجۇدىمىزنى چۈش بىلەن خام خىيالنىڭ دۇنياسىغا ئەمەس، بەلكى رېئال، جانلىق، ئۆزگىرىشچان ۋە رەڭگارەڭ ھادىسىلەر بىلەن تويۇنغان ئەمەلىي دۇنياغا بەخشەندە قىلدۇق. بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز دەل بىزنىڭ - گۆشى ۋە قېنى بار ئىنسانلارنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىشچانلىقىمىز، ھەرىكەتچانلىقىمىز بولدى. شۇڭا بىز ئانا تىلىمىزنى پېئىلدىن بېيىتىپ چىقتۇق. پىكىرلىرىمىزمۇ چېچىلاڭغۇ، زىددىيەتلىك، ۋەھىمىلىك ھالەتتە ئەمەس، بەلكى بىر مىزانغا يۈزلەنگەن، گارمونىك، بەھۇزۇر بولۇپ ئىپادىلەندى. ھادىسىلەرگە، ئومۇمەن ھەممە نەرسىگە خېلى ساغلام مۇئامىلە قىلالىدۇق. مەسىلەن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە، ھۆكۈمدارغا ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تەڭرى بېرىدۇ، ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى ئىلاھدۇر دەپ چۈشىنىشمۇ، «ھۆكۈمدار ئىنساندىن تاشقىرى تۇرىدىغان مەخلۇق دەپ قارالمىغان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، قۇتقا ئىگە بولغان، بىر ئادەمنىڭ پەقەت شۇنىڭغا لايىق ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىدىلا ھۆكۈمدار بولۇپ قالالايدىغانلىقى ئاساس قىلىناتتى» ① قەۋملەرمۇ ھاكىمىيەت بىلەن ئاڭ جەھەتتىكىلا بىرلىكنى ساقلايتتى. تەبىئىي شەكىللەنگەن مەھەللە ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسى ئىستىخىيىسىز ھالدا دۆلەت قۇرۇلمىسى قىلىپ تاللانغانىدى. يەنى تەڭرىقۇت ئالىي سەردار بولۇپ نامدىكى بىرلىكنى ساقلايتتى، ھەر قايسى تارماق قەۋملەر ناھايىتى چوڭ مۇستەقىللىككە ئىگە ئىدى. ئۇلار ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش يولىغا ئەمەس، كۆپ قۇتۇپقا تەقسىملەش يولىغا ماڭغانىدى. شۇڭا بارتولد: «تۈرك دۆلەتلىرى باشتىن تارتىپ پەقەت بىرلا خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن ئەمەس» دېگەنىدى. ناھايىتى ئىنچام ۋە جانلىق چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر كۆزىمىزنى تۆۋەندىكى بايانلارغا قارىتايلى: «ئوغۇزخاقان قىئاتنى ئۆۋلىماق بولدى. بىرىنچى كۈنى كېيىكنى ئۆۋلاپ بىر دەرەخكە باغلاپ قويدى، ئۇنى قىئات يېدى. ئىككىنچى كۈنى بىر ئېيىقنى ئۆۋلاپ يەنە شۇ دەرەخكە ئالتۇن كەمىرى بىلەن باغلاپ قويدى. قىئات كەلدى، يېدى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ تۇردى، قىئات كەلدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، ئوغۇز خاقان قىئاتنى ئۆلتۈردى ....» خوش، ئەمدى ئويلاپ باقايلى: ئوغۇزخاقان نېمە ئۈچۈن يەنە بىر ھايۋاننى ئېسىپ قويۇپ ئورا كولاش، ئوغا بېرىش ياكى باشقا ئەپچىل چارە تاپماي ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، قىئات بىلەن ئېلىشىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ دۆتلۈكىمۇ؟ دىتسىزلىقىمۇ ياكى كەم ئەقىللىكىمۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا، مىللىتىمىزنىڭ ئۆدۇم - ئېتىقادى ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى، ھايۋانلارغا تۇتقان مۇئامىلىگە قاراپ باقايلى: گىگانت ئانىمىز تۇمارىسنىڭ ھېكايىسى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

دېمەك تەبىئىيلىك، دوستانىلىك، ئومۇمەن ساغلاملىق خەلقىمىزگە ئاساسىي مىلودىيە بولۇپ قالغان ئىدى. يەنى كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك باغلىنىش بويىچە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۆزىنى ئۆزى تەۋە توپنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئۆزۈمچىلىك ئانچە باش كۆتۈرمىدى. گۇمانلىنىش فۇنكسىيىسى، دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى ئەزەلدىنلا مىللەت ۋۇجۇدىغا سىڭمىدى. ئۇرۇقنى قوغداش ئەڭ چوڭ ئىش بولغاچ، ئاكىسىدىن قالغان خوتۇننى ئۇكىسى ئەمرىگە ئالىدىغان ئىشلار ئەنئەنىگە ئايلاندى. ئۆزىنى چوڭ جەھەتتىن تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇۋەتتى. پۈتكۈل دۇنيا قارىشى چوڭقۇرلۇق تەرەددۇتىدا ئەمەس، ماسلىشىش تەرەددۇتىدا تەرەققىي قىلدى. ماسلىشالماسلىق ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى «چەكلەنگەن رايون» ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك ھونلار ئۆز ھەرىكىتىنى كۈن بىلەن ئاينىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرغانىدى. تېخىمۇ توغرىراقى، ھونلار ئۆز ھەرىكىتىنى تەبىئەتكە ماسلاشتۇرغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قىشتا قانداق قىلساق ئىسسىق، يازدا قانداق

قىلساق سالقىن ئۆلتۈرىمىز، دەپ ئەمەس، يازدا نەسالقىن، قىشتا نە ئىسسىق دەپ پىكىر قىلىش دەل بىزنىڭ خاسلىقىمىز بولۇپ قالدى.

بۇ يەردە گېپى كېلىپ شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، دۇنيا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تۆت تادۇ چۈشەنچىسىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى مۇتەپەككۇر ئاناشىماندۇر ئوتتۇرىغا قويغان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يونانىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى تارىخىي تەرەددۇتىغا بېقىپ ئويلىساق، بۇ خىل ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان تۇپراق يوق. يېقىنقى بىر ماتېرىيالدا ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يونانلىقلار تۆت تادۇ چۈشەنچىسىنى سىكىفلاردىن ئالغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچىمۇ ئىسسىق ۋە سوغۇق، ھۆل ۋە قۇرۇقلۇق روشەن زېمىندا ياشىغان سىكىفلارنىڭ بۇ چۈشەنچىگە كېلىشى، ۋۇجۇد تەرەققىياتىدىن ئويلىغاندىمۇ، ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇنى تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ باقساق بولىدۇ.

خوش، قولىمىزدىكى ماتېرىيالغا بېقىپ، قەدىمكى ۋۇجۇدىمىزنىڭ، تارىخىي تەرەددۇتىمىزنىڭ زادى قانداقلىقى ھەققىدە خۇلاسىغا كېلىپ باقايلى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيۇشتۇرۇش دەۋرى تۈگەپ ئىچكى رىزالىق چەشمىسى پەيدا بولغان دەۋرلەردە ئۇيۇشۇشنى، ئۇيۇشتۇرۇشنى قوغلىشىش بىلەن ئۆزىنى ئىسكەنجىدىن ئەپقاچىدىغان روھ تەڭلا مەيدانغا چىقىپ تارىخنىڭ ئىككى پېشىدىن تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنى بىرسى بۇ ياققا سۆرىسە، يەنە بىرسى ئۇ ياققا سۆرەيدۇ. ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇشۇ دەۋرگە خاس مۇقەررەرلىك تۈپەيلى، بىر مەزگىل ئىسكەنجىدىن قاچىدىغان روھ كۈچلۈك كېلىدۇ ۋە بۇ يېتەرلىك بولغاندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇشنى قوغلىشىدىغان روھ يېتەرلىك كۈچىنىپ تارىخنى يەنە بىر تەرەپكە سىلجىتىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل تارتىشىش ئىنسانلار بۇنى تونۇپ يەتكۈچە ياكى كۈچىمە مەنىدە تونۇپ يەتكۈچە ۋە مۇناسىپ پوزىتسىيە تۇتقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا ھەقىقەتنىڭ شولىسى بولىدۇ. شۇنداق دەۋردىمۇ ئاشۇ ئىككى كۈچ رادىكال سۈپەتتە ئەسلى ھەم كۈچىمە مەنىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

بىر تالاي تارىخىي ئۆچرىشىشلاردىن كېيىن مىللەت ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك قۇدرەتنى ئۆزىگە جۇغلىۋالىدۇ - دە، مۆرىتى كەلگەندە ئاشۇ قۇدرەت پارتلاپ تارىخىي كۈچ سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ۋۇجۇدتىكى يوشۇرۇن ئاڭنى پارتلىتىدىغان ھالغا يەتتى. ئەسلى بۇ دەۋر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، بىر قېتىملىق ۋۇجۇد ئىرادىسى تاماملانغان دەۋر بولۇپ، ماھىيەتتە خاس ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا، ۋۇجۇدنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنى چەككىلىشىگە تەقەززا بولغان دەۋر ئىدى. ئەپسۇس، بىز بۇ تەقەززاغا تۇشلۇق ئىش قىلالمىدۇق ھەم قىلالمايتتۇق. چۈنكى بىز ئەزەلدىن تەدبىرلىرىمىزدىن گۇمانلانمايتتۇق. ئۆز خاراكتېرىمىز بويىچە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا تەدبىر دېيىدىغان نەرسىنىڭ بارلىقى ئېسىمىزدە يوق ئىدى. ۋۇجۇدىمىزنى تېخىچىلا تەبىئىيلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بوشىنالمىغاندۇق. شۇنداق قىلىپ، بولۇمسىزلىقنى كۆرگەندە پەقەت: «نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ زەردىمىز قاينىدى. زەرەسىگە تۇشلۇق جاسارىتى بار باتۇر تەڭرىقۇت قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرىنى قەتلى قىلىپ، زورلۇق كۈچ بىلەن ئەينى يېتۈكسىزلىكنى ئوڭشىماق بولدى.

ئۇ ھەر ھالدا ئوڭشىدى. شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن يالقۇنجاتتى. ئۆز جاسارىتى بىلەن كۈچتۈڭگۈر مەۋقەگە ئېلىپ چىقتى.

بىراق ئۇ يەنىلا ماھىيەتنى تۇتالمىغانىدى. شۇڭا روھىمىزغا ئىلھام بەخش ئەتكەن بۇ مەشئەل 300 - 400 يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا يىراقلاردا قالدى. يىلتىزىدىن قىرقىلمىغاچ بۇ روھىي باتىللىق يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن قويۇندەك ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن زەبەردەس ۋۇجۇد، مىلادى 1 - ئەسىردىن باشلاپ زەئىپلىككە يۈزلەندى. ئىچكى - تاشقى مۇھىتنىڭ پايدىسىزلىقى بىلەن تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋۇجۇد كەيپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاچچىقىغا چىدىمىغان بۇ بىربۆلۈك قىزىققان خەلق ئېتىغا غەزەپ بىلەن قامچا سېلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بولىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشماق ئۈچۈن، دۇنيانىڭ بۇ ئۇچى بولغان مەشرىقنى - ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك ۋەتىنىنى تاشلاپ، دۇنيانىڭ ئۇ ئۇچىغا - مەغرىبكە سەپەر قىلدى. بۇ، قىشتا قانداق قىلساق ئىسسىق، يازدا قانداق قىلساق سالقىن ئۆلتۈرىمىز، دەپ ئەمەس، قىشتا نە ئىسسىق، يازدا نە سالقىن، دەپ پىكىر قىلىشنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

ئېھتىمال، ئەينى دەۋردىكى ئاشۇ ئاچچىق ئاخىر ياۋروپادىكى مەشھۇر جاھانگىر ئاتتىلا (Attila) نىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەندى بولغاي. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئوكيانىنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى ئۇلارنى ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدۇرمىغان بولسا، ئۇلار شۇ ئاچچىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ۋەتىنىنى دۇنيانىڭ «ئۇ چېتى» گە قۇرغان بولار ئىكەن.

خەيرىيەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇد قۇرۇلمىمىزدىن بەلگىلەنگەن تەبىئىي قىسمەت. يەنە شۇندىمۇ بۆرىنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۆۋلاشلىرىغا، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان كەيپىگە سۆيۈنىدىغان بۇ خەلقىمىز تۇمارىس، ئالىپ ئەرتوڭا، شىراق ۋە ئوغۇزخاننىڭ زەبەردەس ۋۇجۇدىغا ئۆزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلدى. ئۆز مۇكەممەللىكىمىزنى ئىزدەپ قانچىلىغان خاقانلار ئۆتتى. كۆلتېگىندەك بۈيۈك باتۇرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. شەخسلەرلا ئەمەس، قەۋملەر ئۆزىگە تۇشلۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەل گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر كۈچىيىپ، بىر ئاجىزلاپ، تارىخ سەھنىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆلتېگىننىڭ ئۆكۈنۈش، ھەسرەت، ئازاب بىلەن تولغان مەڭگۈ تېشى

بىلەن ئەبەدىيلىك خاتىرىگە ئايلاندى.

بەرھەق، بۇ جەرياندا بىزدىن نۇرغۇن ئادەم مەنىۋىيەت ئۈچۈن ئىزدەندى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى دەۋردە ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى تۇيغۇلار توپلىنىپ خېلى بىر يەرگە بارغان، قەدىمىي يىپەك يولى ھەر قايسى ئەل مەدەنىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ كېلىۋاتقان دەۋردە تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلگەندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ دەۋردە مىللەتنىڭ روھىي پۈتۈنلۈكى دەخلىگە ئۇچراپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېتەكلەپ ماڭالايدىغان بىر مەنىۋى تۈۋرۈك مەيدانغا كېلەلمىگەندى. چۈنكى بىزدىكى ھەممىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان پىسخىكا ئىدىيە جەھەتتە مۇنازىرىگە، تەنقىدكە قاشاڭ، قوبۇل قىلىشقا ماھىر، رادىكاللىققا يىراق ماھىيەتنى شەكىللەندۈرگەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز - ئۆزىمىزنى ھېس قىلىشقا ئاجىز بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىمىزنى تەبىئەتكە ئىستىخىيىسىز يۇغۇرۇۋەتكەچكە، ئاسانلا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمايتتۇق. گەرچە كومىراجىۋادەك بۈيۈك بۇددا دىنى ئالىمى يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، ئالىملىق تەرەددۇتى ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن يەنى سىرتقى دۇنيادىن ئېنېرگىيە ئالغانىدى. شۇڭا مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخ مابەينىدە 20 نەچچە خىلدىن ئارتۇق يېزىق ئىشلەتكەنلىكىنىڭ، بىر قانچە خىل تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ پىسخىكا جەھەتتىن ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مەيلى تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن بولمىسۇن ۋە ياكى باشقا جەڭگى - جېدەل ، ئۇرۇش - تالاش سەۋەبىدىن بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، مىلادى 9 - ئەسىردە ئۆتۈكەن تاغلىرى، ئورخۇن دەريا بويلىرىنى تاشلاپ، تارىم ئويمانلىقى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ قوينىغا سىغىنىپ - ئات سالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە ساناقسىز سوئاللار تولۇپ ياتاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىرانغا كېڭىيىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز زور تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەرەبلەر تاجاۋۇزىغا رەسمىي ئۇچرىشىشى 705 - 715 - يىللاردا يۈز بەردى. قۇتەيبى ئىبنى مۇسلىم 706 - يىلىدىن 712 - يىلىغىچە پەنجىكەند ۋە سەمەرقەندنى ئىستىلا قىلدى. بۇ خىل ھەربىي يۈرۈشلەردىن كۆرە، ئىسلامنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى ئەرەب ئىستىلاسىدىكى رايونلاردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. ھەتتا تۈركلەردىن ئىمام بۇخارىدەك بۈيۈك ئىسلام ئىزتىراپچىلىرى يېتىشىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا توقۇنۇش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئارىسىدىكى بۇ توقۇنۇش - مەدەنىيەت توقۇنۇشى، تېخىمۇ ئېنىقراقى تۈركلەرنىڭ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ياكى ئىنكار قىلىشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان توقۇنۇش ئىدى. سەمەرقەند، بەلخ، بۇخارا تۈركلىرى سىياسىي جەھەتتە قاراخانىيلارنى ئارقا تىرەك قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل باھالاش، تاللاش ھوقۇقىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىدە بولدى. ئىدىئولوگىيە جەھەتتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تومارىس، شىراق، ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەر توڭا) قاتارلىق مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىسى كەڭ ئالقىشقا ئېرىشىدىغان بولدى. شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ دىنىي تەرغىباتىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قۇدرەتتە ئىپادىلىنىپ تۇردى. بۇنداق سىممېترىكلىق ئەينى چاغدىكى زور ئىجتىمائىي ساغلاملىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ساغلاملىق يېتەرلىك ۋاقىتقا ئېرىشىپ، تولۇق يېتىلدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى باغداد، دەمەشق بىلەن تەڭ سانالغۇدەك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولۇپ قېلىشىغا قۇۋۋەت توپلىدى. شۇڭا، مىلادىدىن بۇرۇنقى باكتېرىيە دۆلىتىگە تىركەپ كىملەرنىڭدۇ: «بۇ يەردە، ھەتتا ھازىر ئۆزبېك دەپ ئاتىلىۋاتقانلاردا گرېكلەرنىڭ قېنى بار» دەپ سەمەرقەندۋە بۇخارالارنى تېتىقسىز ئىرسىيەتشۇناسلىق خامىشى بويىچە سىغداپ چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقى بىر سەپسەتىدۇر.

دېمەك، ئىسلام دىنى گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئاشۇ دەۋرلەردىلا تۈرك قەۋمى ئۆز مەدەنىيىتى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتىگە ھامىلە بولغانىدى.

ئەلۋەتتە، تۈركلەرنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى ئاددىي ھالدىكى ھادىسىۋى سەھرا مەدەنىيىتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى بۇ خەلق ۋۇجۇدى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان توغرىسىدا سىستېمىلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى. مىلادى 780 - يىللىرى، ئالگېبراغا ئاساس سالغۇچى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «ئالجىبر ۋە مۇقابەلە» نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «ئاسترونومىيە ئاچقۇچلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل فەرغانى، ئاتاقلىق تىببىي ئالىم زاكارىيە ئەررازى ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەبىئەت پەنلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر خىل تارىخ ۋە جۇغراپىيىۋى بىلىملەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان، ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرغۇچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندە فارابى دۇنياغا كەلدى.

فارابىنىڭ دۇنيا بىلىش تارىخىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىغۇ بىر ئىش. ئەمما بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىمى ئۇ، پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋۇجۇد جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى قانداق تولۇقلاش، مىللىي تەپەككۇردا تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قانداق يۈرۈش قىلىش، شەكىلدىن ماھىيەتكە قانداق ئۆتۈش، ئەقىدىنى ئەمەس، ئەقىلنى قانداق مىزان قىلىش جەھەتتە ئالەمشۇمۇل بۈيۈك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

فارابىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭلا مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى قايتا ئويلىنىش تەرەددۇتى ئوخشاشلا ئەينى زاماندىكى بۈيۈك ئەرباب، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ غازات قىلىچى بىلەن تاشقىن پەيدا قىلدى. گەرچە بۇ توققۇز ئاي توققۇز كۈن

قورساق كۆتۈرگەن ئانىنىڭ تۇغۇت ئەمەلىيىتىگە ئوخشاش، ۋۇجۇدنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە يۈزدە يۈز ماس كېلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇنىڭغا يېقىنلىشاتتى. شۇنداق، ئەينى چاغدا سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن، ئۆز قەلبىدىكى بارلىق سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى ھەم ئۆز خەلقىدە ئاپىرىدە بولغۇسى روھىي ھامىلە دەل مۇشۇ شۇ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆز خەلقىگە تونۇتماقنى ئىرادە قىلدى.

ئەلۋەتتە، ئەينى دەۋردىكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆلى مەزمۇت بولغاچقا، بۇ ئىرادە بىر مەيدان قانلىق جەڭلەرگە سەۋەب بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەم ئىسلامنىڭ راۋاجى بىلەن پۈتكۈل تۈرك ۋۇجۇدىدا ئەسەبىيلىك باش كۆتۈردى.

روشەنكى، بۇنداق ئەسەبىيلىك فارابىدەك بۈيۈك ئالىمنىڭ كەيپى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز ھاياتىنى خارەزم، ماۋرە ئۇننەھىر، بالاساغۇن، قەشقەردە ئەمەس، بەلكى دە مەشق، باغداد، ھەرران شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزدى. شۇنداقلا، چوقۇمكى «دەھرى» دەپ ئەيىبلەنىشكە يېقىن تۇرغان بۇ ئالىم ئەينى زاماندىكى ئەسەبىيلىككە چۆمگەن تۈرك ۋۇجۇدىغا تەبىئىيلا يىراق سېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى تۈركلەر. ئۆزلىرىگە ئۆرنەك، ئەل ئۇستازى قىلىشقا مۇناسىپ بۇ ۋۇجۇدنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى باشقا ئەل تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. ئۇزۇن تارىخ ئابەينىدە تەقەززا بولۇنغان بۇ گۆھەر يات بىر ئەلنىڭ ۋۇپرىقىغا ئاددىيلا كۆمۈپ قويۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز بىر بۈيۈك مەدەنىيەتنى ئۆز قوينىمىزغا ئالدۇق. ئەپسۇس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ئۆز تراگېدىيىمىزگە يەنە ئىمكان ھازىرلىدۇق. خۇددى بىز 10 يىللىق ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ۋۇجۇد پەسكەشلىكى ۋە باشقا ئازغۇنلۇقلارنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە شۇ چاغدىكى «سول» سىياسەتلەرگە يۈكلىۋېتىپ، ھەممىنى ئۆلدىن باشلىغىنىمىزغا ئوخشاش، ئەينى دەۋردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا ھەممىنى «كاپىرلىقىمىز» غا يۈكلىۋەتتۇق. بۆرىنىڭ مەغرۇرانە ھۇۋلاشلىرىغا بولغان سۆيۈنۈش، ئوغۇزخاننىڭ مۇستەھكەم، قابىل خاراكتېرىگە بولغان سېغىنىش، كۆلتېگىننىڭ قەھرىمانانە ئوبرازىغا تەلپۈنۈش، مەڭگۈ تاشلار ھەسرىتىگە بولغان ئۆكۈنۈش ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلدى. قىسقىسى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېتىبارغا ئېلىنماي، قارىقويۇق ئىنكارچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ قالدى. گەرچە بۇنىڭغا قارشى بىر كەيىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىق بۈيۈك ئالىملارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەكس ئېتىپ ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام ئېڭىنىڭ چوقۇنمىچىلىقتا يۈزلىنىشى بىلەن، قايتا ئويلىنىش تەرەددۇتى ئىچىمىزدە سېسىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بەزىلەرنىڭ شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىن باشلانغان دەپ خۇلاسىگە كېلىشى بىمەنىلىك. چۈنكى بىز ئەينى زاماندا ئويغاق ئىدۇق. بىزدە پەقەت ئەنئەنىمىزدىن كۆز قىيالمىغان كەيپىيات بار ئىدى. ئەينى مەدەنىيىتىمىزمۇ كۆزنىمىز قىيالمىغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. دەل مانا مۇشۇ پوتېنسىئالنىڭ تۈرتكىسىدە ئەينى دەۋردە ناھايىتى نۇرغۇن ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، تارىخچىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. تۈرك ۋۇجۇدىدىكى بۇ كەيىپ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شاھانە ئەمگىكى بىلەن سۇلھىگە كېلىپ ئاخىرلاشتى.

ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى خەلقىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ بۈيۈك ئىش بولدى. دۇنيا قاراش، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىستېمىلاشتى. بولۇپمۇ 12 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىدە خەلقىمىزنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىشى بىلەن، مىللىتىمىز تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ دەۋرگە قەدەم قويدى. ئەپسۇس كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، دەل ئاشۇ ئۇلۇغ دەۋرنىڭ پەرزەنتلىرى سۈپەت ئۆزگەرتىشكە باشلاپ ناكەسلىك تارىخىمۇ شۇنىڭدىن باشلانغىلى تۇردى.

بۇ دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقى ئۇلار ئىقتىدارغا ئەمەس، ئەقىدىگە يۈزلەندى. خاھىشى شۇكى، بۈگۈننى تاشلاپ ئەتە ئۈچۈن ياشاشقا باشلىدى. ئېچىنارلىقى، ئۆزلىرىنى ئادەملەرنىڭ ئېسىلى ـ مۇسۇلمان ھېسابلاپ «كاپىر» ئاتا ـ بوۋىسىدىن تاندى. ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىدىن نومۇس ھېس قىلىپ، ئۆز تارىخىنى كۆمۈۋەتكىلى تاس قالدى. ھەتتا بۇ ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقىچە باردىكى، قۇدرىتى يەتسە دەرھال ئەرەب بولۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. نەتىجىدە پۈتكۈل ئوقۇملارنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ چىقتى. خۇددى بەيدىلىك مۇھاسىرىسىدە ھونلار ئايغا ماسلاشقىنىدەك، تۈركلەرمۇ ئۆز ئېتىقادىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ماسلىشىپ تۈركۈم ـ تۈركۈم زاھىدلار پەيدا بولدى. ئۆز ئىچىدىكى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئاللاغا تاپشۇردى.

ئىسلام روھى ۋە قانۇنىنىڭ ئاڭلىق ئىجرا قىلىنىشى بىلەن دۆلەت، دۆلەت خادىملىرى دىگەنلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ۋۇجۇد تەرىزىدە سۇسلىشىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، خەلق ئىچىدىكى دەۋايى ـ دەستۇرلارنى قازىلار سوراپ ھەل قىلىۋاتسا؛ ئۆشرە ـ زاكات دەپ بىر ـ بىرىگە ئاڭلىق يار ـ يۆلەك بولۇۋاتسا، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئىجتىمائىي ئەسلىھەلەر مەسچىت تەرىپىدىن يۈرۈشتۈرۈلۈۋاتسا، دۆلەت ياكى ھاكىمىيەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ ـ دە. بۇنداق قولاي شارائىت تۈپەيلى، ئۇيغۇرلاردا چېچىلاڭغۇلۇق ـ ئىچكى پارچىلىنىش باش كۆتۈردى. كىچىك جەھەتتە مەھەللىۋازلىق، چوڭ دائىرىدە يۇرتۋازلىق ئەۋج ئالدى. ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇت يىلتىزى، مۇنبەت تۇپرىقى بىلەن گۈلدەك ياشناپ، قۇرئاننى باغرىدا تۇتۇپ تۇرغان ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى باياشاتلىقتا ھېچنېمىنىڭ قەدرىگە يېتەلمەي، ئاخىر ھەممىسىدىن ئايرىلىپ، بوراندا قالغان يېتىمدەك تايىنسىز پوچەكلەرگە ئايلاندى.

شۇنداق قىلىپ، يېڭى بىر دەۋرگە ھامىلدار بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسەن ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بوشاندىيۇ، يەنە ئۆللۈك ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى ئالدىنقىلارنىڭ مېۋىسى كېيىنكىلەرگە يۈك بولۇپ قالغانلىق بىلەن باشلىنىدۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەر بارا ـ بارا

ئۆزلىرىنىڭ ئاللاش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. ئىسلامنى ئۆزلىرى كۆتۈرمىسە بولمايدىغان «يۈك» كە ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىدىئولوگىيە لىللامىزان بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر ھېسسىيات ۋە مەجبۇرلۇق بىلەن خاراكتېرلەندى، بەلكى تېخىمۇ پەسلىشىپ ۋەھىمە ۋە تەمەنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندى. لوگىكىلىق تەپەككۇر قۇدرىتى ئادەم ئەپسۇسلانغۇدەك دەرىجىدە يوقاپ، شەكىلۋازلىق، دوگمىچىلىق، چوقۇنمىچىلىق، جۈرئەتسىزلىك يامراپ كەتتى. ئىدىيە ساھەسىدىكى بېكىنمىچىلىك ئەۋجىگە چىقتى. ئىدىئولوگىيىدىكى بۇنداق پاجىئە مىللەت ۋۇجۇدىنى زەئىپلىككە باشلىدى.

ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى زىيالىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىگەنىدى. شۇغىنىسى دىنىي مائارىپنىڭ قېلىپلىشىشى، زىيالىيلار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بارا - بارا بۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق سۈپىتىگە مۇخالىپ تەرەپلىرىگە يول ئېچىپ بەردى. ئەقەللىسى، ئاتالمىش داموللاملار، ئاخۇنۇملار، ئەلەم ئاخۇنۇملار 10 - 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەرەب - پارس تىلى تەرجىمانلىقىنى ئۆگەنگەن تەرجىمانلاردىنلا بولۇپ قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك 10 - 20 يىللىق كىتابى تۇرمۇش نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەركەك مىجەزدىن ئايرىپ، يەرنى يۇمشاق دەسسەيدىغان «خېنىم» مىجەز خاراكتېرگە ھامىلە قىلىپ قويدى.

خوش، مۇشۇلاردىن ئويلىغاندا، بىزدە مۇنداق بىر نازۇك ۋەزىيەت شەكىللەندى: ئاۋام خەلق ئۆز موللىلىرىنى قۇرئاننىڭ روھىنى ئىگىلىگەن بۇزرۇك، ھەر قانداق ئىشقا توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان، يېتەكلىيەلەيدىغان ھۆكۈما دەپ ھېسابلاشتى. موللىلارچۇ؟ ئۇلار ئۆزىدە تەرجىمانلىقتىن ئۆزگە بۇ «چوڭ بىلىش» كە لايىق نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلالاتتى ياكى ئىستىخىيىسىز ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ چوڭ بىلگەنگە ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ بىلدۈرۈش يولىنى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن گەپتانلىق، قۇرۇق ھاياجان، كەلسە - كەلمەس شەرھىي، ماھىيەتسىز شەكىل، قانداقتۇر يوسۇن - قائىدىنى ئىنساندىنمۇ ئەزىز بىلىدىغان يۈزلىنىش ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. بۇ، زىيالىيلاردا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ كەلگەن رېئاللىقتىن چەتنەپ خىيالىي دۇنيادا ياشاش، پىكىر قىلىش كېسىلى بىلەن بىرىكىپ كەتتى. ئېچىنارلىقى، بۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بۇ خىل كەمچىلىكى خەلقىمىز روھىدا ناھايىتى يامان - سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى. پۈتكۈل جەمئىيەت خۇددى زىيالىيلارغا ئوخشاش رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر كىتابىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تالىشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى. رېئال ئەھمىيىتىنى ئۇققىلى بولمايدىغان مۇنداق مۇجمەل ۋەزىيەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىلەن ئاۋام خەلق كۆكسى - قارنىنى كەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىش، ئاللاش ھوقۇقىنى ئىبادەتلىرى، ئېھتىراملىرى بىلەن موللاملارغا تەۋپىق قىلىشىۋەتتى. كۆپ ئويلىماسلىققا، ئەقلىيلىك ئىزدىنەسلىككە، چەتتە تۇرۇپ ئاخىرقى خۇلاسىنى ئاڭلاپ قويۇشقا ئادەتلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يۇرت، بىر مەھەللىدە دىنىي پائالىيەت بىر ياكى بىر نەچچە موللىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئاۋامنىڭ ئەگىشىشى بىلەن شەكىلەن تاماملانغاچقا ماھىيەتتە ئاۋام پائالىيەتتە پاسسىپ ئىدى. تېخىمۇ يامىنى، موللاملار ساپاسىنىڭ بارغانسېرى سۈپەتسىزلىشىپ بېرىشى بىلەن، ئاۋام موللىلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى تەبىئىيكى خەلقىمىز روھىي دۇنياسىدا پەرۋاسىزلىقنى ئۇلغايتتى، سەزگۈرلۈكنى دەپسەندە قىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى گۇمراھلىقتا قالدى.

«قۇرئان كەرىم» - مۇقەددەس كىتاب. ئۇنى ئاجايىپ بۈيۈك ئورۇندا نامايەندە قىلىپ تۇرغان نەرسە ئاشۇ ئىمىر - چىمىز ھەرپلەر ۋە ياكى ئاتالمىش قارىلارنىڭ ئاۋازىنى سوزۇپ - ياساپ، مەزمۇنىنى چۈشەنمەي قىرائەت قىلىشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى بۈيۈك روھتۇر. بۇ بۈيۈكلۈك شۇنداق ماقامغا يەتكەنكى، ئۇنىڭ مەنىسى ۋە تىل پاساھىتىنى ئۇنداق - مۇنداق تەرجىمانلار كۆتۈرەلىگۈدەك ئەمەس. بەلكى ئاللانىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىبارىسى بىلەن تەرىپلىسەك، ئاۋادا «قۇرئان كەرىم» تاغ - تىمىزلار ئۈستىگە چۈشكىنىدە تاغلار كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكۈدەك ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ روھنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. بولمىسا ئۇ «قۇرئان كەرىم» دىكى روھنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەپسۇس مۇسۇلمانلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىدى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق. ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە، تەپەككۇرنىڭ دىنغا زىت سوئاللارنى قويۇشىدىن قورقۇپ ئۇنى باستى. تەپەككۇر ئىگىلىرىگە زەربە بەردى. تەپەككۇر سەۋىيىسى ئارقىغا دەسسىگەنسېرى بۇ خىل ۋەھىمە شۇنچە ئۇلغايدى. ھەتتا موللاملار ساپاسى ۋە سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئىلمىي پوزىتسىيە پۈتۈنلەي يوقاپ، بىلىمسىزلىك باش كۆتۈردى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» مۇ، ئالەممۇ قاراڭغۇ بولغاچ، قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ يۈرگەن قارىغۇدەك ھەممىلا نېمىنى ئىنكار قىلىپ، ئادەملەرنى «يامان بولىدۇ» لار بىلەن قورقۇتۇپ، مىدىرلىسىلا گۇناھ بولىدۇ، دېگەن يەرگىچە ئاپاردى. «قۇرئان كەرىم» دىكى بۈيۈك روھنىڭ زەررىسى تۆكۈل، ئۇنىڭدىكى بىرەر ھەرپىنىمۇ بىلمەيدىغان ئاتالمىش قارىيلار ئۆزىچە تۆرلەردىن ئورۇن ئالىدىغان بولۇپ كەتتى. ئاۋام خەلقىمىز ئۆز ئارزۇسىغا مۇۋاپىق باللىرىنى «قارىي» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەندى.

ئەسلى ئىنسانلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىنسانىي غۇرۇرىنى كۆتۈرۈش، روھىي ھۆرلۈك ئاتا قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن بىر مەزگىل خەلقنىڭ ئۆز سەزگۈسىنى، ئۆز تەپەككۇرىنى بېسىپ، بىچارە ھالدا قۇللۇق قىلىشقا، قانداقتۇر بىر يۈكسەكلىكنى دەپ ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشقىمۇ تاقەت قىلىشقا چاقىرىدىغان نەرسىدەك بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتتىكى، بىر توغرام ناننىمۇ ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلالماسلىقىدىن قورقۇپ، «بىسمىللا» سىز يېيەلمەيدىغان ھالغا يەتتى.

ئاتالمىش چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شەھەرلەشكەن تۈركلەرنىڭ ئۆزگىگە بولۇپمۇ ئەرەب - پارسلارغا بولغان روھىي قارا قىلىقى چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. تۈرك قەۋملىرىنىڭ خاقانىيە دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يېتىلگەن پۈتۈنلۈك سەزگۈسى سۇسلاشتى. مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى زور ئۆزگىرىش ئۇلارنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ قويىنىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە شەخس مول دۇنيانىڭ قويىنىدا تۇرۇپ، تول مەزمۇندا تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭدى. پۈتكۈل مىللەتنىڭ زور بىر بۆلۈك زېھنى ۋۇجۇد ئىستىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرەب - پارس تىلى، دىنىي ئەھكاملارنى يادلاش ئۈچۈن ۋەخپە قىلىۋېتىلدى. نى - نى جاسارەتلىك ئوغلانلار بىر تالاي كىتابلارنى يۇدىگەن پېتى نېمە غەم يەپ، ھارغىن ھالدا قەبرىلەرگە كىرىپ كەتتى. ئەلۋەتتە بۇ يالغۇز بىزنىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ھازىرقى ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، قايسىدۇر بىرسىنىڭ: تۈرك ئالىملىرىنىڭ يالغۇز ھەدىسچىلىك ئۈچۈن سەرپ قىلغان زېھنى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىن قۇرغان ئىمپېرىيىدىن بەشنى قۇرغىلى بولاتتى، دېگىنى ھەرگىز پوگەپ ئەمەس. بۇ، بىزنىڭ ھەم پەخىرلىنىشىمىزگە، ھەم ئىبرەت ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك كەچۈرمىشىمىزدۇر.

موڭغۇللار چارۋىچى خەلق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ زۇلمى شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىي ئورنىدا تۇرغان تۈرك قەۋملىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇلار موڭغۇل ئىستىبلاسىدىن قۇتۇلۇش زۆرۈرىيىتىنى بەكرەك ھېس قىلدى ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈرەش قىلىپ كەلدى. ۋاقىتنىڭ سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، باشقا قەۋملەردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ روھىي ھازىرلىقى پۈتتى.

مۇشۇ مەزگىلدىكى شەھەر ھاياتىمىز ۋە مىللىتىمىز تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئېقىمىز، ئۆزىمىزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ خەققە ھەۋەس قىلىشتەك بىچارە قورۇلمىمىزدىن ۋە نەقىنى قويۇپ نېسىگە ئېسىلىۋالىدىغان كەيپىمىزدىن چاچرىغانىدى. شۇڭا، مۇشۇ دەۋردە نادىر ئوغلان سانالغان سەككاكى ۋە لۇتفىلار ئۆز زامانىسىنىڭ ئادىتى بويىچە ئىش قىلماي، توختاپ تۇرە، ئۆز تىلىمىزدا يازساق بولمامدىكەن؟ دېگەن ئەركەكتەك سوئالنى ئۆزىگە قويالىدى. تۈزۈم - ئەھكاملارنى ئادەمدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئادەمنى پۈتۈنلەي مىخانىكلاشتۇرۇۋەتكەن كەيپىياتقا بولغان قارشىلىقىنى ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئەركىن - بەھۇزۇر مۇھەببەتنى تېماتىك مەزمۇن قىلغان ھالدا ئىپادىلىدى. دېمەك 15 - ئەسىردىن كېيىن يار ۋەسلى ۋە ئاشىقلىقنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلارنىڭ كۆپلۈكى دەل ۋۇجۇد ئىنقىلابىنىڭ تەپچىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لېكىن بۇ ئۇچقۇننى دورىۋالغانلارنىڭ كۆپلۈكى، لوگىكىلىق ماھىيەت ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئازلىقىدىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن، نەۋائىينىڭ قەلىمىدە پاللىدە بىر يورۇپ، قالغانلارنىڭ قولىدا تېتىقسىز تەكرارلاندى.

تەسەۋۋۇپ روھىنىڭ تۈرتكىسىدە مەنسۇر ھەللاجى، غەززالى، جالالىدىن رومى بولۇپمۇ ئۆمەر ھەييامدەك ئوغلانلارنىڭ نامى زىكرى قىلىنىشقا باشلىدى.

ئەينى چاغدا پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى يېتۈكسىزلىك ئۆتكۈر مۇتەپەككۇرلارنىڭ زەردىسىگە تەگمەي قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر خىل تەھدىت ۋە بېسىملارغا قارىماي ئۆز تەپەككۇرى بىلەن كۆرگەن ھەقىقەتكە يۈرۈش قىلدى. بۆلۈك - پۇشقاقلاردىن ئۆز مەسلەكداشلىرىنى بايقاپ مۇكەممەللىك ئىزدىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى قېرىنداشلار ئىتتىپاقى مانا مۇشۇنداق نادىر قورۇلما ئىدى. ئۆمەر ھەييام قاتارلىق كىشىلىك ھۆرىيىتى بايراقدارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزدە كەڭ ئېتىبارغا ئېلىندى. ئەپسۇس، دۇنياۋى تۈس ئالغان بۇ قېتىملىق قايتا ئويلىنىش يۇقىرى قاتلام مۇتەپەككۇرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ، ئاۋام خەلق خەۋەرسىز قېپقالدى، خالاس. ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدەك ئاممىۋىلىقا، زىلزىلىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئىككى خەلق ئۇستىدىكى مەدەنىيەتنىڭ جىنسىيەتكە تۇتىدىغان مۇئامىلىسى ئوخشىمايتتى. بىزگە مەلۇمكى، خرىستىيان دىنىنىڭ جىنسىيەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى ئىنسان ماھىيىتىدىن خېلىلا چەتنىگەن بولۇپ، بۇ، خرىستىيان مۇخلىسلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ناھايىتى چوڭقۇر نارازىلىقنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاۋام ناھايىتى ئاسانلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغار تەنقىدىي پىكىرلەر بىلەن باغلىنىپ، زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. بىزچۇ؟ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز، ئامېرىكىلىقلار يېقىندىلا دەبدەبە قىلىپ يۈرگەن جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق نۇسخىسىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كۈندىن تارتىپلا ئىجرا قىلىپ كەلگەنىدۇق. بالا بالاغەتكە يەتكەن ھامان ئۇنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى ئويلايتتۇق ۋە يول بېرەتتۇق ياكى دادىمىزنىڭ ئايىغىغا سەۋزە سېلىپ قويۇش ۋە ياكى تونۇرنى ئۆرۈۋېتىش بىلەن ئۇلارنى ئالدىرىتالايتتۇق.

دېمەك بىز، ياۋروپالىقلار ئۇچرىغان دىشۋارچىلىققا ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىدۇق. يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىمۇ ئۇلاردەك نارازىلىق ئەمەس، بەلكى تېگى - تېگىمىزدىن كېلىۋاتقان دوستانىلىق، بەھۇزۇرلۇق بار ئىدى. شۇڭا، ئەينى دەۋردە بىزدىن ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە ماھىيەتلىك پىكىر ئىگىلىرى چىقتىيۇ، ئەمما ئاۋامنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ تېگىشلىك داغدۇغا شەكىللەندۈرەلمىدى.

شۇنداق، يېتىشكەن ئالىملار ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرگە ئەمەس، مەسچىتتىكى ساددا ۋۇجۇدلارنىڭ تەبىئىي رۇخسارىغا تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. زور بىر بۆلۈك زېھن بىر تالاي كىتابلارنى يۇدۇۋالغان ئېشەكتەك قاياقىدۇر مېڭىپ ھارمىدى. سەل جاسارەتلىك كىشىلەر ئۇ مەسلەك، بۇ مەسلەك دەپ رېئاللىققا يۈزلىنىپ باقتىيۇ سىستېمىلىق ۋۇجۇد ئىگىسى بولمىغانلىقتىن، پەقەت بىر تالاي ۋاراڭ - چۇرۇڭنىلا پەيدا قىلالىدى.

بۈيۈك ئۆلىما مەشرەپ نەشىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى...

خوش، يىغىنچاقلىغاندا، مىلادى 13 - ئەسىردىن

كېيىن بىز زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتۇق، بېشارەتلىك سۆزلىسەك، سۆز - جۈملىلەرنى قىسقا، گۇراملىق، ئۇرغۇلۇق قىلىشتىن سىلىق - سىپايە، يۇمشاق قىلىشقا يۈزلەندۇق. بارا - بارا جۈملە ئاخىرىدا تولا ئۇچرايدىغان ئۇرغۇ يوقاپ كەتتى.

II

ساپ لوگىكا نۇقتىسىدىن سۆز ئاچساق، ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالەم ئىككى، بىرى تاشقى دۇنيا، يەنە بىرى ئىچكى دۇنيا. مۇشۇ ئىككى دۇنيا ئارىسىدا تۇرغىنى مەلۇم بىر پەيتتىكى ئادەم. ئالەمنىڭ مۇشۇنداق تۈزۈلمىسىگە بېقىپ، ئىنسانلار ۋۇجۇدىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىككى تۈركۈمگە - ئىچ راي ۋە تاش رايغا يىغىنچاقلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقتىن سۆز ئاچساق، تالاغا سوغۇق چۈشكەندە بەزىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا قىلىنىراق كىيىنىشكە كۆندۈرگىلى بولىدۇ. بىراق بەزىلەر مۇشۇنچىلىك سوغۇقتىنمۇ قورقۇش كېتەمدۇ؟ دەپ قېلىن كىيىنىشكە قىرىق كېلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپلا دوختۇرخا يۈگۈرەيدۇ. لېكىن بەزىلەر مۇشۇنچىلىك كېسەلگىمۇ دوختۇرغا بارامدىمەن، دەپ كېسىلى خېلى ئېغىرلاپ قالغاندىمۇ دوختۇرغا بارمايدۇ. بەزىلەر بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئەمەس، پەقەت ئەزەلدىن شۇنداق بولۇۋاتقىنى ياكى خەق شۇنداق قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن دوراپ قىلىدۇ. ئەكسىچە، بەزىلەر ئۆزى زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلمىسا قىلمايدۇ. بەزىلەر بىرسىنى باشقىلار ماختىغىنى ئۈچۈن ماختايدۇ، ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيدۇ. بىراق بەزىلەر ئۇ كىشىنى ئۆزى چۈشەنمىگۈچە بۇنداق ھېسسىياتقا كەلمەيدۇ، ۋە ھاكازا. ئادەملەرنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئالدى بىلەن مۇشۇنداق پەرقتە بولىدۇ ھەم بۇ پەرق ئادەت تۈسىدە ۋۇجۇدقا يۇغۇرۇلغان ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىۋاستە ھالدا ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش تەرەددۇتىدا ياشاش، مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي مەنىدە بولسۇن تاش رايلىققا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ تۈركۈمدىكى ۋۇجۇدتىمۇ سۇبيېكتىپلىققا ياتىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ قۇدرىتى ئوبيېكتىپ تەرىزلەرنىڭكىدەك قۇدرەتلىك كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ تىپتىكىلەر ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن جەۋھەر ئىزدەش تەرەددۇتىدا بولمايدۇ. ئىچكى دۇنياسى ھامىنى تاشقى ئېھتىياجغا باش ئېگىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ، ۋۇجۇد ئىچىدىكى كۈرەش جەريانىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ئەمەس، بېرىدۇ، ئەمما بۇ كۈرەش ھامىنى ئوبيېكتىپ تەرىزنىڭ غەلىبىسى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى بارلىق روشەن خاسلىق مەلۇم بىر ئېنىق روھىي قۇرۇلما ئەۋزەللىكىدىن ياكى شەخسنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىدىن بىخلانمىغاچقا، پۈتكۈل ئالىڭ تاشقى ئالەمگە سەجدە قىلغان ھالدا بولىدۇ. قىزىقىش، دىققەت ئاساسەن ئوبيېكتىپ ئىشلار ۋە ئاشۇ بىۋاستە مۇھىتقا بېقىپ ئاسانلا ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، تاش رايلىق ئەۋج ئالغانسېرى بۇ تىپتىكى ۋۇجۇد ئىستىخىيىسىز ھالدا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئۇلارنى ئاسانلا ئۇيۇشتۇرغىلى ھەم ئاسانلا تېرە - پىرەن قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى ئەلۋەتتە ئىچ راي تىپى ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇ ھازىرقى زامان مېتودولوگىيىسىدىكى پسىخىك ماھىيەتنى تىپىپ چىقىشنىڭ ئاساسى ، شۇنداقلا روھىي ئانالىز ئېقىمىدىكى بۈيۈك ئالىم جۇڭ (jung) نىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى.

جۇڭنىڭ تەلىماتى بويىچە بولغاندا، ئىنساندا تەن ۋە روھ بولىدۇ. تەن ۋە روھنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى ۋۇجۇد دېيىلىدۇ. ۋۇجۇدنىڭ مەلۇم بىر پائالىيەتكە ئۆتۈش ئالدىدىكى تەرەددۇتى پوزىتسىيە دېيىلىدۇ. ۋۇجۇدنىڭ زامان مابەينىدىكى ھەرىكىتى مۇنداق تۆت سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: تەپەككۇر قىلدى، ھېسسىياتى ئۇرغۇدى، بىلدى، كۆڭلى تۇيدى. دېمەك ۋۇجۇد فۇنكسىيىسى تۆت. بۇلار: تەپەككۇر، ھېسسىيات، بىلىش ۋە تۇيۇشتىن ئىبارەت. بىر ئادەمدە مۇشۇ تۆت فۇنكسىيىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قۇدرەتتە بولمايدۇ. شۇڭا پسىخىك تۆر يۇقىرىقى ئىككى تۈركۈم ئاساسىدا ئوي، ھېس، تۇيغۇ ۋەھىدىن ئىبارەت تۈركۈمدە بولىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ قايسى خىل ماھىيەتتە ئىكەنلىكىمىز بىر تالاي پاكىتتىن كېيىن تەبىئىي مەلۇم بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ھەر قايسى فۇنكسىيىلەر بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى.

### 1. بىزدە تەپەككۇر

تەپەككۇر - ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بەلگىلىك مېتودولوگىيە ئارقىلىق ئۇقۇملار، كەچۈرمىشلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى تېپىپ تۇرغۇزىدىغان كىشىلىك فۇنكسىيە. ئۇنى بالقىتىدىغان كۈچ چوقۇمكى ئۇقۇم، كەچۈرمىش ۋە ھاكازالار ئارىسىدىكى باغلىنىشقا بولغان تەقەززالىق، كىشىلەرنىڭ ئۆز مېڭىسىدىكى ئۇقۇم ۋە كەچۈرمىشلەرنىڭ قالايمىقان، رەتسىز تۇرۇشىغا بولغان تاقەتسىزلىكىدۇر.

بەزىلەر بىزنى: «ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسى ئاددىي»، «ئۇيغۇرلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدۇ» دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقمۇ ئەمەس. چۈنكى تاقەتسىزلىك بىزنىڭ سۇبيېكتىمىزدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى تاشقى مۇھىت بىزگە ئۇنى تاڭمىغۇچىلىك، مەجبۇر قىلمىغۇچىلىك تالاي - تالاي كەچۈرمىشلەر، تەجرىبە - ساۋاقلار دۆۋىلەنگەن ھالدا تۇرۇۋېرىدۇ. دىنىي قىزغىنلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۇنداق ئادەمگە بىر نېمىنى مەجبۇر قىلىش ھالىتى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. تەبىئىيكى كاللىمۇ ئاسان بېيىمايدۇ. شۇڭا، بىزگە ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇش، سېيىت نوچىدەك ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كېلىپ، قول - پۇتىنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن قوشاق قېتىپ نادامەت چېكىش - غەزەپلىنىش ئەنئەنىۋى قىسمەت بولۇپ كەلدى.

تەپەككۇر تۈزۈلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز تىلنى ۋاستە، ئۇقۇمنى مەقسەت، پرىنسىپال مۇقەررەرلىكنى ئىزچىللىق قىلىپ راۋاجلىنىدۇ. شۇڭا ئۇقۇم ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ پسىخىك جەرياندا چوقۇمكى تەپەككۇرگە باي

كىشىنىڭ كاللىسىدا ئۇقۇم شۇنچە ئېنىق، ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىمۇ شۇنچە نازۇك، شۇنچە زىل، لوگىكىلىقتا، پرىنسىپاللىقتا بولغان خالىس ئېتىقاد شۇنچە چىڭ كېلىدۇ. ئەمما بىزدىكى تەپەككۇرگە قىلىنغان ھازىرلىق ۋە بۇ جەرياندىكى خالىس ئېتىقاد ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇنىڭ ئۈچۈن رېئال پورترېت كۆرەيلى:

ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قوينىڭ گۆشى ۋە تېرىسى ھەققىدە ئۇزاق تالاش - تارتىش بولدى. بىرسى: پالانى موللام مۇنداق دېدى، دېسە، يەنە بىرسى: پۇستانى موللام مۇنداق دېدى، دەيتتى. بىرسى: ھازىر گۆشنىڭ باھاسى مۇنداق بولغاندىكىن مۇنداق بولۇشى كېرەك دېسە، بىرسى: بىزگە قوي بېقىشىپ بەرمىگەندىكىن مۇنداق بولۇشى كېرەك، دەيتتى. تالاش - تارتىش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتىيۇ، ھېچكىم زادى قۇربانلىق نېمە ئۈچۈن پەيدا بولدى؟ نېمە ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمىز؟ دەپ تەپەككۇرگە كىرىش ھازىرلىقىنى ئويلاپ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش تەرەددۇتىدا بولمىدى.

دېمەك، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز زىل ۋە نازۇك ئۇقۇم ھازىرلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى مۇجمەل، تېخى تەسىرات، ئەقىدە، تۇيغۇ باسقۇچىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزدە ۋە ياكى قايسىبىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ تەشەببۇسىغا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان پوزىتسىيىمىزدە مېڭىپ كەلدى. شۇڭا، بىزنىڭ تەپەككۇر ئالدىدىكى ھازىرلىقىمىز تايىنىسىز، تەپەككۇر جەريانىغا ھازىرلىغان ئىرادىمىز بوش كېلىدۇ.

تەپەككۇر يۆنىلىشىدىن ئالساق، ئادەتتىكى شارائىتتا بىزنىڭ ھۆكۈملىرىمىز دائىم ئالدىدىن ھازىرلانغان ئۆلچەمنىڭ ئىزى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز يولىنى ماڭىدىغان ئەركەكتەك تەپەككۇر بولماستىن، بەلكى تەسلىمچىلىككە مايىل مەزلۇم تەپەككۇر، ئىستىخىيىسىز ھالدا رېئال مەنپەئەت، نەپ ئۈستىگە يۆزلىنىدىغان تەپەككۇردۇر. كونكرېتراق ئېيتساق، ئۇ، مۇتەپەككۇرلارنىڭكىدەك ئۇقۇمدىن ئۇقۇمغا، مەنىدىن مەنىگە سەكرەيدىغان تەپەككۇر بولماستىن، بەلكى سودىگەرنىڭ تەپەككۇرىدەك كۆز ئالدىدىكى پايدا - مەنپەئەتكە شۇڭغۇيدىغان تەپەككۇردۇر. بۇ خىل تەپەككۇر ئويبېكتىپقا بېقىندۇرۇلغانىرى زاۋاللىقتا يېقىن بولىدۇ.

تەپەككۇر ئەسلىدە كەچۈرمىشلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ بىر قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. بىراق بىزدە بۇنىڭ ئەكسىچە ئالدى بىلەن قانۇنىيەتنى نەدىندۇر بىر يەردىن تېپىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا دەلىل توپلايدىغان غەيرىي تەپەككۇر ئادىتى مەۋجۇت. بۇ، بىزنىڭ بىر تالاي گەپتانلىقىمىزغا، ئىدىيىۋى لۇكچەكلىكىمىزگە تازا يول ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا بىزدە نۇرغۇن نەرسىلەر شەكىلدە، باشلانغۇچ ھالەتتە بولۇپ، يىگىلەپ قالغان؛ ئىرادە كۈچىمىز ئاجىز؛ ئۆز ئىستىكىنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرالايدىغان ستراتېگىيىنى چەككىلەپ چىقالايدىغان ئادەم ئاز. خىيالپەرەسلەر، ئەقلى چولتىلار، دەردمەنلەر تولا، نارازىلىقلار، ۋايساشلار كۆپ.

## 2. بىزدە ھېسسىيات

«ھېسسىيات - قوبۇل قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە مەلۇم بىر مەنىگە ئېنىق باھا بېرىدىغان جەريان» ② ھېسسىيات - مۇشۇ جۈملىدىن ئېيتىلىدىغان ئىلھام. خۇشال بولۇش، ئازابلىنىش، سۆيگۈ، مېھىر - مۇھەببەت ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتلىنىشىمىزنىڭ تۈرلۈك ئاقىۋىتى ياكى چۈكمىسى. «شۇڭا ئۇ پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ جەريان ھېسابلىنىدۇ. ئانچىكىم سېزىمگە ھېسسىياتلىنىش ئارىلاشسا، قايتىدىن مەلۇم بىر باھانى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، ھېسسىيات بىر خىل ھۆكۈم. بىراق ئۇ ئەقلىي ھۆكۈمگە ئوخشىمايدۇ. يەنى بۇ ھۆكۈم جەريانىنىڭ مەنزىلى ئەقلىي باغلىنىشنى تېپىش ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىش ياكى ئىنكار قىلىشتا بېرىپ تاقىلىدىغان سۇبيېكتىپ كۆنۈپكا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت» . ③

بىزدە يېڭى بىر نەرسە، مەسىلەن، كىيىم - كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرگە ئېرىشكەندە ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ماختاپ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىش يوسۇن خاراكتېرىدىكى ئادەت. چۈنكى بىزنىڭ بىر يەرلىرىمىز ھېسسىياتلىنىشىمىزغا تاشقى مۇھىتنىڭ ناھايىتى تېز ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

شۇنداق، بىز ياراتقان، بىزنى خۇشال قىلغان ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تولىسى ئىچ - ئىچىمىزدىن ئۇرغۇغان موھتاجلىق ۋە ئارزۇلارنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىمىزدىن ئەمەس، بەلكى تاشقى مۇھىت تەرىزلىرى، خەقلەرنىڭ كۆزى شەكىللەندۇرگەن موھتاجلىق ۋە ئىستەكنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىندۇر. شۇڭا ھېسسىياتلىنىشىمىز ماھىيەتتە ئىچ - ئىچىمىزدىن ئەمەس، سىرتقى تەسىردىن پەيدا بولىدۇ. كۆپچىلىك كۈلگەچكە كۈلىمىز ، يىغلىغاچقا يىغلايمىز. ئۆزىمىز يالغۇز يىغلىيالمايمىز. يىغلىغان، كۈلگەن تەقدىر دىمۇ، ئۆزىمىزنى غەيرىيلەرگە، سارائىلارغا چىقىرىۋېتىمىز. ئادەملىرىمىز شۇنداق بىر تەڭشىگۈچنى بېكىتكەنكى، ئۇ، ھېسسىياتنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا باقماي، ئۇنى سىرتقى مۇھىتقا، ئەل نەرقىگە، خەقلەرنىڭ كۆزىگە تەڭشىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇنداق تەسلىمچى ۋۇجۇد ھېسسىياتقا يېتەرلىك قۇدرەت ھامىي قىلالىشى ناتايىن.

ھېسسىياتلىنىشقا ھامىي بولغان قۇدرەتنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا بېقىپ، ھېسسىياتلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ كەچۈرمىشلەرنى، شەيئىلەرنى بولۇپمۇ ھېسسىياتقا يۇغۇرۇلغان كەچۈرمىش ۋە شەيئىلەرنى باغلاش، رەتلەش رولىدا بولىدۇ. مۇنداق رەتلىنىش يەنە قايتىپ كېلىپ ھامىي بولغان قۇدرەتنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ، ۋۇجۇدنى ۋەزنلەشتۈرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، زىددىيەتلىك كەچۈرمىشلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ يولۇقۇشى بىلەن ئادەم كۆپ يۈزلىمىلىككە تۇتۇلىدۇ. ئۆزلۈكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بۆلۈنمىلىككە ئالمىشىدۇ. ھەر قايسى بۆلۈنمىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋۇجۇدنىڭ ساغلاملىقىغا دائىم خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. قول، پۇت، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز

پائالىيەتلىرى ۋە يۈزىنىڭ تۈسى دائىم ياكى ئاربلاپ - ئاربلاپ ۋە ياكى مەلۇم بىر شارائىتتا غەلىتە قىلىنىدۇ. ئالدى ئالا لايىغەزەللىكتە قىلىپ، سۇبيېكتىپ ئاڭغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ ھال بىزدە خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىكنى مەنبە قىلغان ناھايىتى نۇرغۇن ۋۇجۇد كېسەللىكنى پەيدا قىلغان.

## 3. بىزدە تۇيغۇ

تۇيغۇنى بەزى ئالىملار ئاساسلىق پسىخىك ھادىسىلەرگە كىرگۈزىدۇ. بىراق بىز بۇ يەردە جۇڭگونىڭ كاتېگورىيىسى بويىچە ئاساسىي پسىخىك فۇنكسىيە قاتارىدا مۇئامىلىگە كىرىمىز.

«تۇيغۇ فىزىكىلىق تەسىرنى بىلىككە ئايلاندۇرىدىغان ۋۇجۇد فۇنكسىيىسى» ④ «ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنكاس ئامىلى. چۈنكى ئۇ، تۇيۇش بەرگەن سىرتقى ئوبيېكت ئۇچۇرىنى ئىپادە قىلغۇچى ئورگانلارغا ئۆزىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كەيپىيات سېزىمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. چۈنكى بەدەن سېزىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇ ھېسسىيات ئامىلىنى ھېسسىياتلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. تۇيغۇ فىزىكىلىق ئۆزگىرىشنى ئاڭغا يەتكۈزىدىغان بولغاچقا، ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ئۇچۇرنى ئىپادە قىلىدۇ.»⑤

تۇيغۇنى مۇنداق ئىككى نەرسە ئورتاق شەكىللەندۈردۇ: بىرسى، فىزىكىلىق تەسىرنى بەرگۈچى ئوبيېكتىپ؛ يەنە بىرسى، تۇيغۇلىنىۋاتقان سۇبيېكتىپ. بىزگە مۇنداق ئىشلار ئۇچرايدۇ: ئوخشاش بىر يېمەكلىكنى بەزىلەر ياقتۇرۇپ يەيدۇ، بەزىلەر ياقتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ كىچىكىمدە بىر قېتىم ئەنجۈر يېدىم. ئەنجۈرنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك مۇدۇر - بۇدۇر نەرسىلەر مېنى بىئارام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنجۈرنى ئۇشاتتىم. ئىچىدىكى نەرسىلەر قۇرتتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئەنجۈر يېمەس بولۇپ قالدىم. روشەنكى، ئەنجۈردە قۇرت يوق. ئەمما مېنىڭ سۇبيېكتىمدىكى قۇرتلارغا بولغان يىرگىنىش سەزگۈسى مېنىڭ ئەنجۈرگە بولغان تۇيغۇمغا تەسىر كۆرسەتتى. مانا مۇشۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ ئېغىزغا، چىشقا ئۇرۇنۇشى بىر قىسىم كىشىلەر سۇبيېكتىدىكى مەزمۇنلارنىڭ تەسىرىدە يامان تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يېمەكلىكلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما بەزىلەرنىڭ تۇيغۇسى سۇبيېكتىپتىكى مەزمۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىۋالا ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئادەتتە بىز ئالدىدىكىدەك سۇبيېكتىپنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدىغان تۇيغۇنى ئىچ راي تۇيغۇ، كەيىندىكىسىدەك ئوبيېكتىپنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدىغان تۇيغۇنى تاش راي تۇيغۇ دەيمىز.

«قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار. بىزدە تۇيغۇ سۇبيېكتىپلىقنى ئانچە مەنبە قىلىپ كەتمەيدۇ. بىز ئىچ - ئىچىمىزدىن چىققان ئىستەك بىلەن شەيئىلەرنى ئۆزىمىز بايقاپ تۇيغۇ ھاسىل قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيئىلەر بىزگە يولۇقۇپ تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. تېخى ئىچ - ئىچىدىن چىققان ئىستەكلەرگە ۋىساللىق ئىزدىگۈچىلەر بىزنىڭ كۆزىمىزگە سىغمايدۇ. تەبىئىي پەيدا بولغان تۇيغۇلارمۇ ئاسانلا بېسىقىپ كېتىدۇ. سۇبيېكتتا ماس قۇرۇلما تۇيغىنىش پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ سۈپەت ۋە ئىسىم تۈركۈمىدە كۆپ كېلىشى مۇشۇ ماھىيەتنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدۇ.

تۇيغۇنىڭ سۇبيېكتتىن كېلىدىغان مەزمۇنى ئىستىخىيىسىز ھالدا تەبىئىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان سېلىشتۇرۇش ۋە باغلاشتىن بولىدۇ. مەسىلەن، نيۇتوننىڭ باغدا ئولتۇرۇپ ئالمىنىڭ يەرگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ، ئالما نېمىشقا يەرگە چۈشىدۇ، دەيدىغان تۇيغۇغا كېلىشى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئالمىنىڭ يەرگە قاراپ يۆتكىلىشى بىلەن، جىسىملار كۈچ تەسىرى بەرسە يۆتكىلىدۇ دەيدىغان ئىنكاسىنىڭ تەبىئىي باغلانغانلىقىدىندۇر. ئەپسۇس، بىزدە مۇنداق تەبىئىي باغلاش كۈچى يوق دېيەرلىك.

ئۇيغۇر ئالىمى، ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلىگەن تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇرئان تۇتقان مەلئۇننىڭ ۋەدىسى ۋە ياڭ زېڭشىندەك جاللاتنىڭ چىرايلىق گەپ - سۆزلەر تېمىپ تۇرغان لەۋزىگە ئىشىنىپ، غالىبلىقنى مەغلۇبىيەتكە تېگىشىۋېتىشى مانا مۇشۇنداق ماھىيىتىمىزدىندۇر. بۇ يەردە يەنە شۇنى سەمىمىزگە سېلىپ قويۇش كېرەككى، بىز تېخى چىرايلىق گەپ، يالغان كۈلكە، سىيلىق مۇئامىلە ئاستىدىكى رەزىل مۇددىئا قوندۇرۇلغان ماھىيەتلەرنى باھالاش ۋە قاسراقنى يېرىپ، ئىچىدىكى ماھىيەتنى كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلمىدۇق، بالاغەتكە يەتكۈزەلمىدۇق، ئۇنداق قىلىش تۈگۈل ھەتتا تېخى ئاشۇ ماھىيەتنى ھېس قىلالمىدۇق.

* * *

روھى ئۇيغاق، ئىمانى ئەركەك ئەدىبلىرىمىز مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق - ئىللەتلەرنى كۆپ قېتىم ھەقلىق يوسۇندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىزدە يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يەنى بىز خەق ناھايىتى سەت بىزىرىنىۋالدۇق. نېمىشقا؟ چۈنكى مىللەتنىڭ مەنىۋى تۆۋرۈكى ھېسابلانغان زىيالىيلار تۇيغۇ ئاساسىدا شەكىللەنگەن تەبىئىي مۇناسىۋەت دۇنياسىدىن، يەنى يۇرتداش، ساۋاقداش، تونۇش، خىزمەتداش دېگەندەك تەبىئىي قايناملاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ۋۇجۇدىدا ئۆزگىچە مەۋقە تاپالمىدى، ياكى قەستەن تاپالمىدى. غەيۋەت - شىكايەت، تېتىقسىز پاراڭلاردىن لەززەتلىنىش، جۇتۇلكىنى يانچۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىۋالدى. ئېچىنىشلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىغا بېقىپ، ئۆز ھالىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىنى چۈشىنىشنى خالىمىدى. ئاقىللىرىمىز ئېيتقاندەك: قالاقلىقىمىزنىڭ تۈپكى يىلتىزى - مىللىتىمىزدە ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ بولماسلىقىدا ئىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، تۇيغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈش كۈچى مول مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە سەزگۈر بولىدۇ، تېخى كېلىش خەۋپى بولغان ۋەھىمە ئالدىدا رەسمىي كۈچ تەرىقىسىدە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەبىئىي مۇناسىۋەتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋۇجۇد گۈزەللىكى بويىچە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا شۇنچە ماھىر كېلىدۇ. مەسىلەن، گېرمانلار مانا مۇشۇنداق مىللەت. تۇيغۇغا ماھىر

مىللەتلەرنىڭ ئۈيۈشۈش كۈچى «باشقا كەلگەندە كۆرىدىغان» مەزگۇرلۇكتە ئىپادىلىنىدۇ. نادانلىق ياكى باشقا نەرسىلەر تۈيغۇ ئورگانى بولغان ۋۇجۇدنى ساقىسىز قىلىپ قويىدىغان بولسا تېخىمۇ چاتاق. ئەمما بۇنداق مىللەتلەرنىڭ بۇ خىل ماھىيىتى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى دەلىللەيدۇ ھەم مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن قىلىچ - نەيزە ئۇرۇش قورالى بولۇشتىن قېپقالغۇچىلىك، ھېچكىمگە بوزەك بولمايدىغان ھالەتنى ساقلاپ كېلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن ئويلىغاندا، سالجۇق تۈركلىرىنىڭ مىلتىق، زەمبىرەك ئىجاد بولغاندىن باشلاپ ياۋروپا سىياسى مەھنىسىدىن تەدرىجي قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

بىزدە ھوقۇق، مۇكاپات، پۇل، خىزمەت دېگەندەك نەرسىلەرگە بولغان تۈيغۇسىدىن بۇسۇپ ئۆتۈپ تەپەككۇر قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇكاپات ھەققىدە سۆزلەيلى، ناۋادا بىرەر رەزىل ئادەم قايسىدۇر بىر مۇكاپات تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىن چىققان نادىر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلىسا، شۇنىسىنى جەزم قىلىش كېرەككى، بىزدىن ھېچكىم ئىككىلەنمەي بۇ مۇكاپاتنى ئالىدۇ ۋە ئۆز تەرجىمھالىغا پەخىرلىك تۇس بىلەن خاتىرىلەيدۇ. ھېلىمۇ پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان «مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» غا ھاياجان بىلەن پۇل تۆلەپ، ئۆز ئىسمىنى يازغۇزۇپ، بۇ كىتابنى تۈزگەن كىمۇ؟ ھەقىقەتەن مەشھۇر كىشىلەرنى باھالىيالىغۇدەك ساپاسى بارمۇ؟ دېمەي ئۆز تەرجىمھاللىرىغا پالانى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسىغا كىرگەن، دەپ پەخىرلىك خاتىرىلىگەن ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىز ئاز ئەمەسقۇ! ئۆز ئەسىرىنى ئېلان قىلغان ژۇرنال قانچىلىك سەۋىيىدىكى ژۇرنال، تەھرىرلىرى قانچىلىك ساپادىكى تەھرىرلەر، ئۆزى يازغان 200 - 300 پارچە ئاتالمىش ئەسىرى قانچىلىك قىممىتى بار ئەسەرلەر، بۇنى ئويلاشماي ئەسەر سانىغا قاراپلا ئۆزىنى ئەدىب - مىللەتنىڭ ئىپتىخارى چاغلايدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى تېخى!

ئاۋامدىن سوزلىسەك، بىز ھېچ ئىككىلەنمەي ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنى شەيتان ئاتلاپ غۇسلە قىلمىغانلىقىمىزغا دۆڭگەيمىز. كېسەل بولۇپ قالغىنىمىزنى قايسىدۇر بىرسىنىڭ قارغىشىدىن كۆرىمىز. ۋۇجۇدىمىزدا زىددىيەتلىك كەيپىياتلارنىڭ بولۇشى بىز ئۈچۈن بەكلا نورمالسىزلىق تۇيۇلىدۇ. غايىمىز بىر دۇنيا، ئېتىقادىمىز يەنە بىر دۇنيا. بۇ، بىزنى ھەيرانلىققا سالمايدۇ. شۇڭا بىزدە شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە گۇمانىي مۇئامىلە قىلىدىغان كەيپ يوق. يەنى بىزدىن تەنقىدىي پىكىر چىقمايدۇ.

ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى تۈيغۇنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ يۈرگۈزۈلىدۇ. تەبىئەتكە، ئۆزىگە، باشقىلارغا، جەمئىيەتكە تاش راي تۈيغۇ ئاساسىدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىزدە توي قىلمىغان قىز - ئوغۇللار مۇناسىۋىتىدە تاش رايلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، تۈيغۇ تەمە ۋەجىدىن ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما تويدىن كېيىنلا (تاشقى مۇھىتتا ئۆزگىرىش بولغاچقا) تۈيغۇدا ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇناسىۋەت سوۋەت ئۆزگەرتىدۇ. ناھايىتى يېقىن قىز - ئوغۇل دوستلارمۇ مۇنداقلا مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىدىغان ياكى قىلىشمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ۋۇجۇدنىڭ قالغان ئۈچ فۇنكسىيىسى تۈيغۇنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلار تۈيغۇغا مايىل ۋۇجۇد ھېسابلىنىدۇ.

«تۆۋەن قاتلامدىكى تۈيغۇغا مايىل ۋۇجۇد ئىگىلىرى ئارىلىشىش مۇمكىنچىلىكى بار رېئال ئادەملەردۇر. ئۇلار ئىجتىمائىي ئىنكاسلارغا پەرۋايى پەلەك. ئورتاق بولۇشقا تېگىشلىك مەقسەت، پوزىتسىيىگىمۇ پەرۋايى پەلەك. ئۇنىڭدىكى دائىملىق ئىزتىراپ شەيئىلەرنى ھېس قىلىش، تۈيغۇ ئىلكىدە تۇرۇش، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش، خالاس. بۇ ئادەملەر تېگىدىن ‹پەس› ئادەملەرمۇ ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلاردا دائىم بىر خىل سېھرىي كۈچ ۋە خۇشاللىق ئىزدىيەلەيدىغان ئىقتىدار بار. بەزىدە ئۇلار ئادەمگە ناھايىتى خۇشخۇي ھەمراھ بولالايدۇ» ⑥.

يۇقىرى قاتلامدىكى تۈيغۇغا مايىل ۋۇجۇد ئىگىلىرى ئۆز ئۇستازلىرى ۋە بۈزرۈكلىرىنىڭ پاي - قەدەملىرىگە ئەڭ ئەينەن ئەگەشكەن ئادەملەردۇر. ھەر قانداق پىكىر ۋە ئىدىيە ئۆز پېتى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلاردا ئاسانلا ماھىيەتلىك جەۋھەر يوقىلىپ، دۆگمىلىق باش كۆتۈرىدۇ. تەرەققىيات يۆنىلىشى يىلتىزىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى باراقسانلاشتۇرۇش يولى بىلەن بولىدۇ. يىلتىز مەزمۇت بولسا دەرەخ تەبىئىلا ئاينىيدۇ. بىراق يىلتىز مەزمۇت بولماي شاخچىلارنى ئۇلاۋەرسەك، دەرەخ باراقسان بولغاندەك قىلغان بىلەن، ئاخىر بېرىپ ھەممىسى قاقشال بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قاقشاللىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئادەمنى تېخىمۇ بەك ئازابلايدۇ. مانا بۇ، ئۇزۇن تارىخ مابەينىدە بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن، كەلگۈسىدە يەنە تېخى كېلىدىغان قىسمەت.

## 4. بىزدىكى ۋەھىي تۈيغۇ

جۇڭنىڭ قارىشىچە، ۋەھىي تۈيغۇ ئاساسلىق پىسخىك فۇنكسىيىدىن ئىبارەت. يەنى ئۇ يوشۇرۇن ئاڭ شەكلىدە ھېسسىي بىلىم پەيدا قىلىدىغان فۇنكسىيە بولۇپ، ئۇ، تۈيغۇمۇ، ھېسسىياتمۇ ئەمەس، ئەقىل - ئىستەكنىڭ خۇلاسىسىمۇ ئەمەس، گەرچە ئۇ بۇلارنىڭ خالىغان بىرسىنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىش ئېھتىمالى بولسىمۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەرنى بىر كۆرۈپلا ئارىلاشقىمىز كېلىدۇ. بەزىلەرنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرمايمىز. دەل مۇشۇ يەردە رول ئويناۋاتقان نەرسىنىڭ ئۆزى ۋەھىي تۈيغۇدۇر.

بىزدە ۋەھىي تۈيغۇ سىرتقى ئوبيېكتلارغا قارام كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئېيتساق، ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋەھىي تۈيغۇمۇ ئىچ - ئىچىمىزدىن چىققان ئىزتىراپ تۈپەيلى ئاكتۇئال پەيدا بولمايدۇ. ئەكسىچە شەيئىلەر بىزگە يولۇقۇپ ۋەھىي تۈيغۇ

پەيدا قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. «شائىر» نىڭ كۆپلۈكى، كىچىككىنە ھوقۇقنى بېرىپ قويسا ۋە ياكى ئىككىلا ماختاپ، مۇرسىگە شاپىلاقلاپ قويسا «ئىلھام» لىنىپ كېتىدىغانلىقىمىزدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىزدە ۋەھى تۇيغۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن سىرتقى ئوبيېكتلارغا تايىنىشتىن كېلىدۇ. مەسىلەن، ئايال ئەرگە، بالا ئاتىغا، پۈتكۈل ئادەم ئەلنەرقىگە بېقىنىش بىزدىكى ئەڭ ئومۇمىي ۋەھى تۇيغۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، بۈگۈنكى كۈندە نادانلىق، تەمە، بيۇروكراتلىق، گەپتانلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ناھايىتى مۇرەككەپ تۈس ئالدى.

توي قىلىپ ھەقىقەتەن خۇشال بولدىمۇ - بولمىدىمۇ چاتىمىمىز يوق، توي دېگەن مۇشۇ گەپ ئۈچۈن ھەشەم قىلىمىز. بىر كىشى قازا قىلىپ ھەقىقەتەن ئاشۇنچىلىك ئازاب ئەكەلگەن - ئەكەلمىگەنلىكى بىلەن كارىمىز يوق، ئوچاق - ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ دەبدەبە قىلىمىز. يېڭى يىل، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت دېگەنلەرنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن كارىمىز يوق، مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلىمىز خۇش بولسىلا بولدى، دەپ ئۇي ئۆيلەردە ھېسسىيات ئىزدەپ يۈرۈپ كېتىمىز. ئاخىر بېرىپ يەنىلا رومكىغا تېۋىنماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ھاراق، تېخى ئوڭشاپ ئادەم بولالمىغان ئادەمنى ئادەملىك ئېغىرچىلىقىدىن خالاس قىلغۇچىدۇر.

ئاۋام ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۆزىگە نىسبەتەن ئىمتىيازلىق كىشىلەرنى كۆرگەندە بىلىپ - بىلمەي ۋەھى تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى كۆرگەندە بولسا، يەنە بىلىپ - بىلمەي ئادەتتىكىچە مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ۋەھى تۇيغۇ زادى شۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتەن شۇنداق ھالەتنى پەيدا قىلامدۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم.

مۇھەببەتلەشكۈچى ئىككى ياشنىڭ تۇرمۇشىدا ۋەھى تۇيغۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. سۆيگۈمۇ كۆپ ھاللاردا ۋەھى تۇيغۇنىڭ يىغىندىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىزدە مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى كۆپرەك چىراي - تۇرق، ئىجتىمائىي ئورۇن، بىردەملىك ئىپادە ۋە ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلە تۈپەيلى پەيدا بولغان ۋەھى تۇيغۇ ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. سۇبيېكتىپ بىرلىك، روھىي گۈزەللىك، مەنىۋى قۇدرەت دېگەندەك تېگى - تېگىدىن چىققان گۈزەللىككە بولغان سۆيۈنۈشتىن شەكىللىنىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇ تۇيغۇنىڭ پوتېنسىيالى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك كەلمەيدۇ. ئوتتەك ئاشىقلارمۇ ئاتا - ئانىنىڭ گېپى، شارائىت، ئىقتىساد دېگەندەك نەرسىلەر تۈپەيلى بىر - بىرىگە ئانچە بەك تارتىشىپ كەتمەيدۇ. ئايرىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، «ئەلھەكمۇلىللا» دەپ «تەقدىر» گە تەن بېرىدۇ.

دېمەك، مۇشۇلاردىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بىز تاش رايىلىقتا مەنسۇپ. پۈتكۈل فۇنكسىيەلەردىن ئېلىپ ئېيتساق، بىزدە تۇيغۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ پسىخىك ماھىيىتىمىز تاش راي ۋۇجۇد ھېسابلىنىدۇ.

IV

يۇقىرىدا ۋۇجۇد فۇنكسىيەسىدىن ۋۇجۇدقا ئىسىم قويدۇق. ئەمدى گەپنى ۋۇجۇدنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن باشلايلى.

بىز دائىم قىزلارنىڭ شۇنداق قاقشىغىنىنى ئاڭلاپ قالىمىز: «ئىسىت، بىزمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ قالساق بولماسمۇ.» بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلار يىغىنچاقلانغان جۈملە بولۇپ، تاش راي ۋۇجۇد مەدەنىيىتىدىن قاقشاپ تۇرغان قىزلارنىڭ نالىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى تاش راي ۋۇجۇدتىكى مىللەتلەر بولۇپمۇ بىزدەك مىللەتلەردە ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك قاماللىقتا قالىدۇ. روشەنكى بۇ، بىزنىڭ ئالدىن ئاڭنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزدىكى مۇھىم تېما.

شۇنداق، تاش راي ۋۇجۇدنىڭ ئالاھىدىلىكى تەسلىمچىلىك، مۇرەسسەچىلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تاشقى مۇھىت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۈچۈن كۆپ دىشۋارچىلىقتا قالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ياساملىق ھەم ئىنسان تەبىئىتىنى تىزگىنلەش بويىچە مەزمۇن تاپىدۇ. ئالدى ئاڭنىڭ مۇشۇنداق تورۇلىشىگە بېقىپ بۇ خىل ۋۇجۇد خارلىقنى بىنورماللىق بىلىپ كەتمەيدۇ. خۇددى يازغۇچى زۇلپىقارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزۈلگەن «سادا» ناملىق ھېكايىسىدە ئېيتىلغىنىدەك، زۇلۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۆزىنىڭ تەسلىمچىل ئىپادىسىدىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ.

ئالدى ئاڭنىڭ مەزلۇملۇقى ئۇنىڭدىكى سۇبيېكتىپ قۇدرەتنى يەيدۇ. نەتىجىدە قۇدرەت سىڭمىگەن زېھىن خۇددى كۈن كۆرمىگەن ئۆسۈملۈكتەك ئاجىز، نىمجان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەمىيلىك مەزمۇن ئالدى ئاڭدىن يوشۇرۇنغان ئاڭغا كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىشىمىز ھاراقتا تولىمۇ موھتاج.

**يوشۇرۇن ئاڭ ھەققىدە:** فروئىدنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ ئىنتىزارلىق بىلەن مەزمۇن تاپىدۇ. شۇڭا ئۇ تەيىن ئاڭنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە تۈس ئالىدۇ.

تەيىن ئاڭدا ئادەم ئۆزىنى قاماللىقتا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا يوشۇرۇن ئاڭدا ئادەمنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك كېلىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش- تۇرۇشتا بىر - بىرىدىن قېلىشىنى ھەممىدىن نومۇس بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىرەر «نوچى» پىنلتىگە ئوت ياقىدۇ. «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەپ ھەشەمەتچىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

توپ - توپ يىگىتلەر يانچۇقىدا ئىككى تەڭگە پۇلى يوق نامراتلىقتا دۇگدىيىپ، ئاپتاپ سۇنۇپ، قەرت ئويناپ يۈرىدۇ. شۇ يۇرتتىكى ئىشلارنى ئاقىۋەتلار قىلىدۇ. «سىلەرمۇ بىكار يۈرگۈچە ئاشۇلاردەك ئىشلىسەڭلار بولمامدۇ؟»، «يەتتە كويغىمۇ ئادەم ئىشلەمدۇ؟» ئۇلارنىڭ جاۋابى مانا مۇشۇنداق چىقىدۇ.

موقۇق تەگكەن كۆنى باشلىقلىرىمىزلا ئەمەس، ھەتتا ئىشىك باقارلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ «يوغان نەرسە» ئۇتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئالدىراپ كېتىدۇ. پەقەت موقۇق دېگەن شۇنام بىلەنلا كېرىلەلەيدۇ، باھادىرلىق ھېس قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە شۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان نەرسە تەمە ھەم ئۆزىنى مۇتلەق بىخەتەر ئىشكاپقا سولاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئاشۇنداق تۇيغۇلىرىنى مەڭگۈلۈككە سۈرۈش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆز باشلىقىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىمۇ بىكار گەپ ئەمەس.

قايسىدۇر بىر كىتابتىن بىر خالىس تەتقىقاتچىنىڭ ئىجتىمائىيىتى ھەققىدە ئوقۇغانىدىم. ئۇ، چەمبەرنىڭ تۇراقلىقى π نىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىدۇ. 30 يىل تەتقىق قىلىپ، π نىڭ 27 - خانىسىگىچە تەكشۈرۈپ ئۆز گۇمانىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيلاپ باقايلى، نام - ئابرويدىن، تەمەدىن، ئىقتىسادىي نەپتىن خالىي بۇ تەتقىقات نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك - ھە. شۇنداق، تەبىئىي پەن تارىخىدا مۇنداق ئالىملار تولا. ئۇلار ئۆمۈر بويى بىر نەچچە تۇراقلىق سان ئۈچۈن كۈرەشكەن. پلاتون ۋە ئۆزىمىزدىن چىققان فارابىمۇ شۇنداق ئالىملار ئىدىغۇ؟ خەير، گەرچە ئېتىقادىمىز مۇستەھكەم دەپ تۇرۇپمۇ نەزىرنى خالىس قىلالمايۋاتقان بولساقمۇ يەنىلا «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دەپ زىيالىيلىرىمىزغا ئىما قىلاي.

ئالدى بىلەن چوڭ جەھەتتىن ئېيتساق، گەرچە بىزدە قەشقەر، كۇچا، يەكەن، خوتەن، سەمەرقەند، بۇ خارادەك قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي تاپقان، ئىلىم ئەھلى توپلاشقان، ئەل توپلاشقان مەشھۇر شەھەرلەر بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان شۇ يەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۆز قەلبىمىزنىڭ تۆرىنى ئاشۇ تۇپراققا بېرەلمىدۇق. «دولان»، «قەلەندەر»، «ئالاخورجۇن»، «ئۆزبېك» دەپ ئەكسىچە ئۇلارنى ياتلاشتۇرۇش تەرەددۇتىدا بولدۇق ھەم بولۇۋاتىمىز. بارغانسېرى ئەۋجەرەۋاتقان يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، نەسەبۋازلىق جېدىلى، تۇرپان - پىچانلاردىكى «دولان» دەپ نېرىغا ئىتتىرىپراق ئاتاشلار، قۇمۇلدىكى «مۇساپىرلار زاراتگاھلىقى» مانا مۇشۇنىڭ تىمسالىدۇر.

ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا يوشۇرۇن ئالىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: بالىلار خىزمەت ئۈچۈن ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتىدۇ ياكى ئۆتەلمەيدۇ. يەنە خىزمەت ئۈچۈن غەم يەپ جەمئىيەتكە چىقىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردە 60 نومۇر ئۈچۈن ئوقۇش ناھايىتى تەبىئىي ئىش. جەمئىيەتكە چىقىپ قىز يىگىتنىڭ، يىگىت قىزنىڭ غېمىدە بىر مەزگىل ياشاپ توي قىلىدۇ. توي قىلىدىيۇ، ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. پەدازلىق خۇلقلار يوقايدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى ئۆزلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىگە ھەيران بولىدۇ. جىسمانىي ۋە روھىي قىياپىتىدە ئۆزىمۇ سەزگەن ياكى سەزمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

كىچىك بىر ئائىلىنىڭ قازىنىنى قاينىتىش غېمى ئۈچۈن ياشاش باشلىنىدۇ. ئىمكانىيىتى بارلار ئىجتىمائىي ئورۇن غېمىدىنمۇ قۇرۇق قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئائىلىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ئالىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈمچان بولۇپ كېتىدۇ. يۈرۈش - تۇرۇش... ئومۇمەن ھەممىگە ئارىلىشىدۇ. ھەققانىيەت، ۋەتەن - ئەل دېگەن ئۇقۇملار ۋۇجۇدىدا مەۋجۇتلۇقتىن قالىدۇ. گەرچە ئۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردە بۇ ئۇقۇملارنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنتۇپ بالىنى ئۆزىنىڭ ساق ۋۇجۇدىدىكى ئەمەس، بەلكى ئەينى تۇيغۇسىدىكى «ياخشىلىق» قا باشلايدۇ.

بالىلار چوڭ بولۇپ توي قىلغاندا، ئاتا - ئانىلار خېلى بىر مەزگىلگىچە كۆيئوغۇل ياكى كېلىنىنى ئۆز قەلبىگە ئەكىرىپ بولالمايدۇ. قىز - يىگىتمۇ قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىسىنى خېلى مەزگىلگىچە قەلبىگە ئەكىرىپ بولالمايدۇ. بالىلار ئۆز ئۆيىگە مېھمان باشلىغىنىدا ئانىسىنىڭ ئۆزىگە باشقىچە، خەققە باشقىچە ئاش ئۇسقانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ.

پەقەت قېرىلىق بىزنى قايتىدىن ئويلاندۇرىدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىكى كەمتۈكلۈككە تاقابىل تۇرالىغۇدەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم دۇنيادىكى ئەڭ دەھشەتلىك نەرسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. قېرىلار توپ - توپ بولۇپ مەسچىتكە ماڭىدۇ. ئەمدى ئۆزىدىن، ئۆز ئۆيىدىن باشقا ئالەمنى كۆڭلىگە ھەقىقىي مەنىدە سىغدۇرۇپ بولالمىغان بۇ ئادەملەر ئاللانى ياد ئېتىش تەرەددۇتىغا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىن ئىبراھىم، مۇسا، ھارۇن، مۇھەممەد دېگەندەك باھادىر ۋۇجۇد ئىگىلىرىنى ئاڭلاپ: «سۇبھانئاللا» دېمەككە ھەقىقىي مەنىدىن داخىل بولىدۇ. شۇڭا، پارسلارنىڭ: ئادەم 40 ياشقا كىرمىگۈچە ناماز ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قارىشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. ئەپسۇس، يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا بولغان بۇ خىل تاقابىللىقنى قېرىلارنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارغا ئۆزىتىشى ناھايىتى تەس ئىش. شۇڭا كۆپىنچە ئادەملەر ئۆلگەندە بىر تامچە ياش كۆز چانىقىدا قالسا كېرەك. (M1)

رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم

## ئىزاھاتلار

① «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» 87 - بەت.
② «پىشخىلىق تۇر ئىلمى» 521 - بەت.
③ «پىشخىلىق تۇر ئىلمى» 521 - بەت.
④ «پىشخىلىق تۇر ئىلمى» 560 - بەت.
⑤ «پىشخىلىق تۇر ئىلمى» 442 - بەت.
⑥ «پىشخىلىق تۇر ئىلمى» 441 - بەت

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر تاراتى بېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# ھايات ھەقىقەتلىرى



## ھېكمەتلەر

▲ مەكتەپتىن بىرى قۇرۇلسا تۈرمىدىن بىرى ئازىيىدۇ.

**ۋىكتورھيوگو**

▲ غەزەپلىنىش ئەخمىقانە - ھاماقەتلىك بىلەن باشلىنىپ، پۇشايمان بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

**براگىس**

▲ ئاچچىقلىنىش - باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزىنى جازالىغانلىقتۇر.

**كانت**

---

توپلىغۇچى: **ئەخمەتجان تاشتۆمۈر**

▲ مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەر؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلماس؛ ئامانەتكە خىيانەت قىلۇر.

▲ ئاللاغا ئەڭ يېقىن بولغان ئۆي يېتىملەر تەربىيە تاپقان ئۆيدۇر.

▲ ئىككى كالپۇك بىلەن ئىككى پۇت ئارىسىدىكى ئەزالىرىڭدىن ئېھتىيات قىل.

▲ بىراۋنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن ساقلانسىڭىز، ئايالىڭىزمۇ ئۆز ئىپپىتىنى ساقلايدۇ. ئاتىڭىزنى ھۆرمەت قىلسىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىزمۇ سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

---

توپلىغۇچى: **قۇربان توختى**

▲ ئوقۇتقۇچىدا مېھرىبان ئانىنىڭ مۇھەببىتى، ئاتىنىڭ ئىناۋىتى، پەيلاسوپنىڭ زاكۇنى ۋە ئەمەلىيەتچىنىڭ بەجانىدىللىقى بولۇشى كېرەك.

## دانالار خەزىنىسى

▲ ساقىيىدىغانلارغا تەكلىپ، ساقايمايدىغانلارغا تەسەللى بەرمەك كېرەك.

▲ شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا تىل قۇدرىتىنى بەرگەن.

▲ ھەشەمەتلىك تويىنىڭ غەۋغاسى تولا.

▲ بەختنىڭ بېشى - خوتۇنىنىڭ ئوڭلۇقى.

▲ ئەر - ئات، خوتۇن - هارۋا.

---

توپلىغۇچى: **بۇۋىمەرىيەم شېرىپ (ئوقۇغۇچى)**

▲ دۇنيادا ئۈچ چوڭ گۆھەر بار، ئۇ بولسىمۇ: بىلىم، ئاشلىق ۋە دوستلۇقتۇر.

**- بىرما**

▲ بىراۋنى چۈشىنىمەن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ دوستى بىلەن تونۇش.

**- ياپونىيە**

▲ سالامەت بولاي دېسەڭ، شەھۋانىيلىقتىن ئۆزۈڭنى تارت.

**- ئامېرىكا**

▲ ئاتاڭنىڭ قېرىغىنىنى ئاپاڭ بىلىدۇ.

**- تاجىك**

* * *

▲ دوست كەينىڭدىن ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار.

▲ سىرىڭنى دوستۇڭدىن ساقلىساڭ دۈشمىنىڭمۇ بىلمەس.

▲ كۆڭۈلنىڭ تۈۋرۈكى - سەۋر - تاقەت.

▲ ھاماقەتنىڭ بۇرنى ساختىپەزنىڭ قارمىقىدا.

▲ نامەردنىڭ ئالقىنىدىن مەردنىڭ تاپىنى پاكىز.

▲ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ.

▲ مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئىش قىلىش ئۇلۇغ سەنئەت.

▲ تۇرمۇش سەممىي ئادەملەرنىڭ دوستى، ساختىپەزلەرنىڭ جازا مەيدانى.

▲ ئەقىللىك ئىشقا ئىشىنەر، ھاماقەت چۆشكە.

▲ بىز ھەممىمىز ئىنسانمىز، شۇڭا ھەممىمىزدە نۇقسان بار، ئۇنداق بولمىغان بولسا، بىزلەر پەرىشتە، ئالەم جەننەت بولار ئىدى.

▲ دۈشمەن قولىدا قالغان شەھەر - ئېھتىمىنى يوقاتقان قىز.

▲ قېرىلار كۈچسىزلىك ۋە ئاجىزلىق، ياشلار بولسا تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىق نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

▲ يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى مەلۇم بولىدۇ.

▲ يىغلىغاندىن ھال سورا، كۈلگەندىن پۇل.

▲ سەمىمىيلىك ھەقىقەتنىڭ جېنى ۋە ھالال ئادەمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بەلگىسىدۇر.

▲ ھاراملىق بار يەردە رەزىللىك، ئادالەتسىزلىك بار جايدا جەبرى - زۇلۇم، يالغانچىلىق بار يەردەتۆھمەت تەنتەنە قىلىدۇ.

▲ كەمبەغەلنىڭ بايلىقى تېنىنىڭ ساقلىقى.

▲ ئات ئورۇقلۇقتا بوزۇلار، خوتۇن غېرىبلىقتا.

* * *

▲ شائىر ئابدۇللا ئەۋلانىي ئېيتىدۇ:

ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىق ئەڭ يارىماس سۈپەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يامان سۈپەتنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەر خەلق نەزىرىدە مۇناپىق سانىلىدۇ. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇپ ئۇلارنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلغان، ئىككى تەرەپكە ئاداۋەت ئوتىنى يېقىپ ئۇلارنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا زەررىچە ئىنسانىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ. بۇلار ۋىجدانسىز، نومۇسسىز كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، قېچىڭلار!

---

تۈپلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇرى

## پەزىلەت ئىگىسىنىڭ بەلگىسى

1. ئۇچرىغان ئادەمگە ئاۋۋال سالام قىلىدۇ.
2. ھەر قانداق ئادەمدىن ئۆزىنى كەمتەر ھېسابلايدۇ.
3. ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان مال - چارۋىلىرىغا ئۆز قولى بىلەن يەم - خەشەك بېرىپ باقىدۇ.
4. ھويلا - ئاراملىرىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدۇ.
5. ياماق سېلىنغان كىيىمنى كىيىشتىن نومۇس قىلمايدۇ.
6. بىراۋ ئالدىغا تائام قويسا ئۇنىڭغا ئەيىب قويمايدۇ.
7. مىجەزى ئېغىر - بېسىق، ئەدەبلىك كېلىدۇ.
8. ئائىلىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ.
9. دىنى ۋە مەزھىپى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممە ئادەم بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدۇ.
10. ھەر ۋاقىت تۇرمۇشتا ئوتتۇرا ھال ئۆتىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ.
11. ئادەملەرگە ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىدۇ.
12. ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ غېرىب - مىسكىن، مۇساپىر، ئىگە - چاقىسىز ئادەملەرنى يوقلاشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.
13. ئۆزى ئىنساپلىق، ئادىل كېلىدۇ، باشقىلاردىن ئۆزىگە ئىنساپ تەمە قىلمايدۇ.
14. غەيرىينىڭ ھەققىگە تەمە يۈزىسىدىن قول ئۇزارتمايدۇ.
15. خالىسانە ئىش قىلىپ، يول تۈزەش، كۆۋرۈك سېلىشنى ئۆزىگە غەنىيمەت ھېسابلايدۇ.
16. پەقىر - مىسكىنلەرگە ھەرگىز ھاقارەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ.
17. قولىدىن كەلسىلا، موھتاجلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدۇ.
18. ياشانغان - پېشقەدەملەرگە كامالىي ئېھتىرام قىلىدۇ.
19. ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئىززەت - ئىكرام قىلىدۇ.
20. ئۇتۇق ۋە شان - شەرەپنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.
21. قېرى - مويسىپىتلەردىن قاتتىق شەرمى - ھايا قىلىدۇ.
22. ئاتا - ئانىسىز يېتىم بالىلارغا مېھىر - شەپقەت قىلىدۇ.
23. ئۆزىدىن چوڭ ئادەملەر بىلەن گەپ تالىشىپ تاكاللاشمايدۇ.

## سودا - سېتىقتىكى بىدئەت ئىشلار

1. ئېلىپ - ساتقۇچىلارنىڭ يالغان ئېيتىپ بىر - بىرىنى ئالدىشى، جانەرسىنى جىمىڭ دەپ سېتىشى بىدئەت.
2. ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى خېرىداردىن يوشۇرۇپ سېتىش بىدئەت.
3. كىشىدىن ئالغاندا جىمىڭ - تارازىنى ئېغىرلىتىپ، ساتقاندا يەڭگىللىتىپ سېتىش بىدئەت.
4. تاماكا، نەشە، ئەپيۇن قاتارلىق ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئىمانىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ھارام نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىش بىدئەت.
5. شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ يول توسۇپ، سەھرالاردىن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئەرزان ئېلىۋېلىپ، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ قاقتى - سوقتى قىلىش ئارقىلىق پايدا ئېلىش بىدئەت.
6. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئورۇنلىرىدا سودا - سېتىق قىلماي، خالىغان يەردە دۇكان ئېچىۋېلىپ بازارچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە دەخلى قىلىش بىدئەت.

## بېھىش يۈزى كۆرمەيدىغان كىشىلەر

1. دائىم ئىشىك ماراپ گەپ تىڭشايدىغانلار.
2. ئادەم قۇترىتىپ گەپ توشۇيدىغانلار.
3. زىناخورغا پۇرسەت يارىتىپ ئۆي بەرگۈچى (سولامچى)لار.
4. كېپەن ئوغرىلىرى.
5. خاتۇن - قىزلارنىڭ نامەشرۇ يوللارغا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغانلار.
6. تىلى يىرىك ھەم قوپال، دائىم باشقىلارغا تىلى بىلەن ئازار بەرگۈچىلەر.
7. ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ نارازى قىلغۇچىلار.
8. بىراۋ ئۆزرە ئېيتسا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماي جاھىللىق قىلغۇچىلار.

---

ئەرەب - پارسچە ئەخلاق كىتابلىرىدىن: ياسىن داموللا ھاجى مىسرى تەرجىمىسى

## نەسىھەتلەر

مەشھۇر ئالىم رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ ئەدەب - ئەخلاققا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، شۇلارنىڭ بىرى «چوڭلارغا نەسىھەت». ئەسىرنىڭ ئاخىرقى قىسمى «ئون بىر نەسىھەت» تىن ئىبارەت.

**بىرىنچى نەسىھەت:** پۈتۈن ئەزالىرىڭنى خاتا ئىشلاردىن ساقلا. دەرد- ئەلەم كەلگەندە سەۋر قىل. ئىنساپ ۋە ئادالەت قىبلىنامەڭ بولسۇن. ھېچكىمنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالما. ھەممىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىل. مال - دۇنيالىرىڭنى تېجەپ ئىشلەت. ئىسراپچىلىققا يول قويما.

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما. كۆپ ئويلاپ ئاز سۆزلە. نادان ۋە خىيانەتكارلارغا سىرىڭنى ئېيتما. ئۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلما. ئالىم ۋە دانىشمەنلەرگە ئەگەش. ئالىيجاناب كىشىلەردىن ئۆرنەك ئال. تاشقى قىياپىتىڭنى ۋە كۆڭلۈڭنى پاك تۇت. ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭگە ئاساسلانما. يېقىن كىشىلىرىڭنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش قىل. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنى يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇر. قەرزدار بولۇپ قالساڭ ۋەدە قىلغان كۈنىڭدە قايتۇرۇپ بەر. قولۇڭدىن كەلگەن ئىشنى ھېچكىمدىن ئايىما. ھەر كۈنى بېشىڭنى ياستۇققا قويغان ۋاقتىڭدا كۈن بويى قىلغان ئىشىڭنى بىرمۇ بىر خىيالىڭدىن ئۆتكۈز. ئەتىسى نېمە قىلىشىڭنى ياخشى ئويلاپ، بىر قارارغا كەل. ياخشى ئىش قىلغان بولساڭ خۇش بول، ئەنسىز ئىشلىرىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ توۋا قىل.

**ئىككىنچى نەسىھەت:** دوست - دۈشمەن ئارىسىدا يۈز قىزارتىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر قىل. گۈزەل خۇلق - مىجەزنى ئىگىلەپ، شەرەپنى كەسىپ قىل. چوڭلارغا ئىززەت - ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىل. ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، سائادەت ئىشىكىنى ئاچىسەن. ئەدەبلىك، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بىلەن دوست - ئاغىنە بولساڭ، ئۇلار سېنى ئۆز يولىغا باشلايدۇ، مەرتىۋەڭ ئاشىدۇ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىسەن. ئەخلاقسىز - يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولساڭ، مەرتىۋەڭنى، يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ، ئامانىتىڭگە خىيانەت قىلىدۇ، ئىچكى سىرىڭنى پاش قىلىدۇ، يالىسى يۇقىدۇ.

**ئۈچىنچى نەسىھەت:** باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەن چېغىڭدا، ئۆز ئەيىبىڭنىمۇ چۈشەن، ئۆز ئەيىبىنى بىلگەن كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولىمايدۇ. باشقىلارغا ئورا كولىما، ئۇ ئورىغا ئۆزۈڭ چۈشىسەن. ھەر قانداق كىشىنى مەسخىرە قىلما، ئۆزۈڭنىڭ ئابرويى تۆكۈلىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ پىكرىڭگىلا تايانما، ئادىشىسەن. تەكەببۇرلۇق قىلما، ئالىم، دانالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىل، پۇشايمان قىلمايسەن. ئالىملار سۆھبىتىگە ئىشتىراك قىل، دەرىجە - مەرتىۋەڭ ئاشىدۇ. نادانلار بىلەن ئۈلپەت بولما، سەنمۇ نادان ھېسابلىنىسەن. ئاز سۆزلىسەڭ ئاز يېڭىلىسەن. يالغانچىلىق بىلەن ماختانما، خەلق نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىسەن. ھېچكىمدىن تەمە قىلما. بىلمىگەن نەرسەڭنى «بىلمەيمەن» دېيىشتىن ئۇيالما. كېرەك بولغان ئىلىم، ھۈنەرنى ئۆگىنىشتىن تارتىنما. ئۆگەنمىسەڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن. ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەن ئىشنى خەققىمۇ راۋا كۆر. ئاڭلا، نەپسىڭنىڭ ھەممە ئارزۇلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى سەمرىتسەڭ، پالاكەت بەلكى ھالاكەتكە ئۇچرايسەن. ئۆتكەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئىبرەت ئال. ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرگە ئارىلاشما. يامان ئىش، يامان خاھىش يولىغا ئەسلا كىرمە. شەپقەتلىك، ھىممەتلىك، مەرد كىشىلەرگە يېقىنلاشساڭ، كىشىلەرمۇ سېنى شۇنداق سانايدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز قىرىڭنى سالما. ئىشلىمەي، باشقىلارنىڭ يەلكىسىگە يۈك بولۇپ ياتما. غەيرەت قىلىپ ئىشلە، ئۆز نېنىڭنى مېھنەت ئارقىلىق تېپىپ يە.

**تۆتىنچى نەسىھەت:** ئارزۇ - ئۈمىدىڭ ئەمەلگە ئاشماي قالسا، قايغۇرۇپ، تاقەتسىزلەنمە، سەۋر قىل. ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىشلە. كەلگۈسى كۈنلىرىڭنى ئويلا. مەيلى توغرا، مەيلى خاتا بولغان نەرسە ئۈچۈن قەسەم ئىچمە. جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ساقلان. كۆپچۈك جايلاردا ئىشلەش ئۇيات بولىدىغان ئىشلارنى يوشۇرۇن ھالەتتىمۇ قىلما. ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆزلەرنى ئاغزىڭدىن چىقارما. ئەنسىز سۆزلەرنى قىلغۇچى ۋالاقتەككۈرلەردىن بولما. يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشەنمە. باشقىلارنى مەنسىتمەي ئۆزۈڭنى بىلەرمەن كۆرسەتمە، بىلىمدە سەندىنمۇ يۇقىرى كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇما. ماختانچاقلىق - جاھىل، نادان كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

نان ۋە باشقا ناز - نېمەتلەرنى خارلىما، ئىسراپچىلىققا يول قويما. بىراۋنى «يامان ئادەم» دەپ گۇۋاھلىق بەرمە. بىر ئادەم خاتالىشىپ، قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار بولغاندا، سەن شادلانما، ئۇ كۈن بىر كۈنى سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىشى مۇمكىن. مال - دۇنيالىرىڭ بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلالمىساڭ، مۇلايىم خۇلقىڭ بىلەن رازى قىل. بىراۋدىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچۈڭ يەتسىمۇ، ئۆچ ئالما، خاتالىقىنى كەچۈر، ئاچچىقلانما، ئۆزۈڭنى تۇت. ھۇزۇرىڭغا كېلىپ بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان ئادەم، باشقىلارغا سېنىڭمۇ غەيۋىتىڭنى قىلىشى مۇمكىن، مۇنداق كىشىگە كۆڭۈل بۆلمە. مەست كىشى بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلما، ئۇلاردىن يىراقلاش.

بىر ئادەم بىلەن دوست بولماقچى بولساڭ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ياردەم قىلغۇچى، توغرا سۆزلۈك، ياخشىلىقىڭنى ماختاپ، دەرد - ئەلەمگە قايغۇرۇپ، خۇشاللىقىڭغا شادلانغۇچى، قەلبى پاك كىشىلەر بىلەن دوست بول. تىلى شېكەر، دىلى زەھەر مۇناپىقلار بىلەن دوست بولما. كوچىلاردا ئورۇنسىز، زۆرۈرىيەتسىز توپلىشىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ بىمالال يۈرۈشىگە دەخلى يەتكۈزمە.

**بەشىنچى نەسىھەت:** بىر كىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر كىشى بىلەن ئارازلاشما، مۇبادا ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، سەن يەرگە قاراپ قالىسەن. ياخشى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى كۆزلەر ۋە يېزىپ تۇرغۇچى قول بار، شۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى ھەممىگە ئېيتىپ، ماختىنىپ يۈرمە. تىلى يامان، زەھەر سۆزلۈك ۋە تېتىقسىز سۆزلەپ يۈرگەن كىشى بىلەن دوست بولما. ئەقلىڭ - ئەڭ توغرا نەسىھەتچى. نادانلىقتىن باشقا دۈشمەندىن قورقما. كىشىگە يامانلىق قىلىش ئەمەس، ھەتتا يامانلىق قىلىشنى ئويلاشنىمۇ خىيالىڭغا كەلتۈرمە.

**ئالتىنچى نەسىھەت:** پۈتۈن ھىممىتىڭنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىل. مەرتىۋە ۋە مەنسەپكە خۇشتار بولما.

**يەتتىنچى نەسىھەت:** كىشىدىن ئەيىب ئىزدەپ يۈرگۈچى بولما. زۆرۈر بولمىسا، بىراۋدىن ھېچنەرسە سورىما، ئۇنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرمە. ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆز ئارا جاڭجاللاشما.

ئىلىم - پەن، ئەدەب - ئەخلاققا ئائىت ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىساڭ، ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ چارىسىنى قىل. ئورۇنسىز، بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىشتىن تىلىڭنى

يىغ. ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلما. كىشىگە تۆھمەت قىلىشتىن ساقلان. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ ئاغىنە ۋە تونۇش ـ بىلىشىڭ ئۇچراپ قالسا، ھال ـ ئەھۋالىنى سورا. ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھماننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىل.

**سەككىزىنچى نەسىھەت:** ئەقىلنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلۇغ ھەدىيە، ئۇلۇغ نېمەت دەپ بىل، ئۇنى ساپ ۋە كامىل رەۋىشتە ئاسراشقا ئېتىبار بەر، بۇنىڭدەك ئۇلۇغ نېمەتنى ۋە بۇنىڭدەك ئالىي ھەدىيىنى ساقلاش ھەر قانداق كىشىنىڭ بىرىنچى ۋە شەرەپلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

**توققۇزىنچى نەسىھەت:** خەقنىڭ تۇرمۇشىغا، مال ـ دۇنياسىغا ھەسەت قىلما. غەزەپلەنمە، تىللاشما. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇت. ئىككى يۈزلىمىلىك ـ مۇناپىقلىقتىن، بېخىللىقتىن ساقلان. يالغانچى، غەيۋەتخور، تۆھمەتخور ۋە چېقىمچى بولما. ۋەدەڭگە ۋاپا قىل. ئەمگەكچان، غەيرەتلىك ۋە جەسۇر بول. ئامانەتكە خىيانەت قىلما. ئادەملەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن تاپتىن چىققان ـ ئېتىقسىز سۆزلەرنى قىلما.

**ئونىنچى نەسىھەت:** ئەقىللىك ئادەم ئۆزىنىڭ كەملىكىنى، دەرىجىسىنى بىلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە ئادەملەردە مۇناپىقلىق بولمايدۇ. يامانلىقتىن قايغۇرۇپ، ياخشىلىق ئۈچۈن شادلىنىش كامىل ئىنسانلارنىڭ خىسلىتىدۇر.

رىزىق ـ نېسىۋەڭنى توپا ئاستىدىن ئىزدە. يەنى: يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چاچ، تاغلارغا چىقىپ كان ئاچ. بۇ ئىشلارغا ماھىر بولۇش ئۈچۈن ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئۆگەن. مال ـ دۆلەت بىلەن ئائىلەڭنى ئەربىيىلەشتىن ئايانما. نەپىس ـ گۈزەل سەنئەتلەرنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىل، ئۆگەن. ئانا تىلىڭنى ھۆرمەتلە، سۆي، قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇر، يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈر.

بېيىت:

ھەرتىلەكنىڭ ئەۋۋەلىدۇر، شۈبھىسىز، تىل ئاچقۇچى،

تىل ـ تەرەققىي ھەم سائادەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى.

**ئون بىرىنچى نەسىھەت:** گۇناھ ئۇنتۇلمايدۇ، ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ. ھەركىم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرا... خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن غەيرەت قىل. دانىشمەنلەر ئىنساننىڭ تۆۋەندىكى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى ئېيتقان:

**رىيازەت ئىگىسى بول؛** ھەددىدىن زىيادە يەپ ـ ئىچمە، شۇنداق قىلساڭ، ئۆز پىكرىڭگە ئىگە بولسەن، ياخشى ئويلايسەن.

**سۈكۈت قىل؛** ئۆزۈڭگە، باشقىلارغا مەنپەئىتى تەگمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە، ئەزمىلىك قىلما.

**ئىنتىزامچان بول؛** ھەرنەرسىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ھەر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بولسۇن.

**مەقسەت ئىگىسى بول؛** قىلىدىغان ئىشىڭنى ئاۋۋال ياخشى ئويلاپ، بىر قارارغا كەل، ئاندىن ياخشى ئىشلە.

**ئىقتىسادچان بول؛** مال ـ دۇنيالىرىڭنى پايدىسىز يەرگە سەرپ قىلما، پۇلىڭنى تېجە، ئىسراپچىلىقتىن ساقلان.

**غەيرەت ـ جاسارەت ئىگىسى بول؛** ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزمە، پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللان، غەيرەت قىل، ھاجەتسىز، پايدىسىز ئىشلاردىن قولۇڭنى تارت!

**توغرا بول؛** دائىمىراست سۆزلە، توغرا ئىشلە. ھىيلە ـ نەيرەڭنى دىلىڭغا كەلتۈرمە. قەلبىڭ پاك بولسۇن، ھەقىقەتچى بول، ھەق ـ توغرا سۆزنى دادىل سۆزلە!

**مۆتىدىللىكنى ساقلا؛** ھەرنەرسىدە ئوتتۇرا ھالەتنى تۇت. تاپتىن چىقىپ كەتمە. بىر كىشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالما، ئۆزۈڭنى تۇت.

**پاك ۋە ساغلام بول؛** پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىڭنى، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ جايلىرىڭنى مەينەت قىلما، پاكىز تۇت.

**قەلب ھۇزۇرىغا ئىگە بول؛** ئۇششاق ـ چۈششەك، ئەرزىمەس نەرسىلەردىن ئار ـ نومۇسلۇق بول؛ ئۆزۈڭ تۈگۈل ھەتتا باشقىلارنىڭمۇ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان، قورقۇنچ سالىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول. دائىم ئار ـ نومۇسنى ساقلا. ئەسكى يوللاردا ماڭما.

**ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بول؛** ئالىم ـ دانىشمەنلەردىن ئۈلگە ئال. مۇلايىم بول، ئۆزۈڭنى خەقتىن يۇقىرى تۇتما، كەمتەرلىك ياخشى خىسلەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما!

ئالىيجانابلىق بىر قۇۋۋەتكى، بۇ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان ئادەم بايلىققا ۋە ئامىمىنىڭ ماختىشىغا ۋە ياكى كەمسىتىشلىرىگە ھەرگىز پەرۋا قىلمايدۇ، تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا قايغۇرمايدۇ. يەنى: مال ـ مۈلۈك كۆپەيسە غۇرۇرلىنىپ، تەكەببۇرلىشىپ كەتمەيدۇ، ماختاشقا گىدەيمەيدۇ، ھەر قانداق ۋاقىتتا بىر خىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ دەرىجە ۋە ئىناۋىتىنى ساقلايدۇ.

سەۋر ـ تاقەت، قايغۇ ـ ئەلەمگە، دەرد ـ ھەسرەتكە يولۇققاندا چىدامىلىق بولۇش دېمەكتۇر. بۇنىڭغا ئىگە بول، ئوششۇقچە قايغۇرۇپ، سالامەتلىككە نۇقسان يەتكۈزمە.

**شىجائەت ئىگىسى بول؛** خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىغاندا قورقۇپ كەتمەي ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش ـ قەھرىمانلىقتۇر. بۇ پەزىلەت ئادەمنى قورقۇنچلۇق پەيتتە نالايىق ئىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلايدۇ.

**مۇلايىم بول؛** ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىرىشتىن ھەزەر قىل. ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش ـ مۇلايىملىق ئۇلۇغ پەزىلەتتۇر. قەھىر ـ غەزەپ ۋاقتىدا ئۆزىنى بېسىپ، تىنچ تۇرۇش ئادەمنى ئىنتايىن كۆپ خەتەردىن، يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ. مۇلايىم ـ ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ.

ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم، ئۇرۇش ـ غەۋغا ۋا قىتلىرىدا يەڭگىللىك ۋە قىزىققانلىق قىلمايدۇ، سەۋر قىلىدۇ. قىزىققانلىق ـ سالامەتلىككە، ھەتتا ئۆمۈرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئادەمنى ئۇياتتا قالدۇرىدۇ.

كىچىك پېئىللىق ـ خەلقتىن ئۆزىنى يۇقىرى تۇتماسلىق، باشقىلارنى كەمسىتمەسلىك... گە ئوخشاش گۈزەل خىسلەتتۇر. ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتقان ئادەم ماختاشقا سازاۋەردۇر. بۇ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتىدۇر. شۇنداقتىمۇ، كىچىك پېئىللىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئۆزىنى خار تۇتۇش، خۇشامەتچىلىك بىلەن كىچىك پېئىللىق قىلىش نومۇس ئىشتۇر...

ۋىجدان ـ نومۇس ۋە دىيانەتنى ساقلاشتۇر.

چىدامىلىق ـ گۈزەل سۈپەتلەرگە، ئالىي مەقسەتلىك ئىشلارغا ئېرىشىش يولىدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشتۇر.

خەيرىخاھلىق ـ بىر ئادەمنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە ئېچىنىپ، ئۆزىمۇ تەڭ قايغۇرۇش دېمەكتۇر. لېكىن قۇرۇق خەيرىخاھلىق مەنپەئەت بەرمەيدۇ، بەلكى قايغۇلۇق كىشىلەرگە ئەمەلىي ياردەم بېرىپ، ئۇنى قايغۇ ـ ھەسرەتتىن قۇتقۇزۇش چارىسىنى تېپىش لازىمدۇر. خەيرىخاھلىقنىڭ مەنىسى مانا شۇنىڭدا.

---

تەييارلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**

## ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ئەقلىيەلەر

### ھېكايەت

خىزىر سەھرادا بىر كورنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپتۇ. دە: «ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، نېمە تىلىكىڭ بار؟» دەپتۇ. كور، خۇدادىن كۆزىگە نۇر تىلەشنىڭ ئورنىغا: «ئەي خىزىر، خۇدادىن تىلەپ بەرگىن، ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆزى كور بولسۇن - دە، مېنىڭ ئەلىمىم بېسىلسۇن» دەپتۇ.

ھەسەتخور دەل ئاشۇ كورنىڭ ئۆزى. ئۇ شۇنچىلىك يىرتقۇچ ۋە شەپقەتسىز بولمىسا، ئۇ ئەل كۆزىدە نۇر كۆرۈپ چىدىماسلىق قىلغىنى يەتمىگەندەك جەۋر - ستەم تىغى بىلەن ئەل كۆزىنى ئويۇپ ئېلىشقا ئىنتىلەرمىدى؟ شۇڭا ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي: «ھەسەتخور ئۆز كۆزىنى ئۆزى ئويىدۇ» دېگەنىدى.

- ئابدۇللا قاھھار

* * *

▲ ھەسەتخورغا جازا يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى ئۆزىگە جازا، ئۇ ئۆز ئىچىدىن سىزىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ نابۇت بولىدۇ.

- يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ ھەسەتخورلار دائىم نېمە ئۈچۈندۇر خاپا يۈرۈشىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ئۆز شەخسىي مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقىمۇ ئازابلايدۇ.

- ئەبۇل فاراج

▲ بېخىل سېخىينى، نادان دانانى، ئەدەبسىز ئەدەبلىكنى، مۇرىمەس خۇشچاقچاقنى، ئىقتىدارسىز ئىقتىدارلىقنى، گۇناھكار دىيانەت ئەھلىنى، ئەخمەق ئاقىلنى، مۇناپىق ئالىيجانابنى كۆرگەندە يۈرىكى سىقىلىپ، قېنى ئايلىنىشتىن توختاپ، رەڭگى سارغىيىپ، يۈزىدىكى تەبەسسۇم چىرىغى كۆڭلىدىن قۇتراپ چىققان ھەسەت شامىلى بىلەن ئۆچۈپ قالىدۇ.

- كىرىم مەھمۇد

▲ ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەت قىلىشىدۇكى، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن.

- ھىراكلىت

▲ ئادەتتە پىشقان مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك، بوھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىشىدۇ.

- مۇفت

* * *

▲ ھەسەتخورلۇق ئىنساننىڭ ئەقىل قايىنىمىغا چۈشكەن چىۋىنگە، پەزىلەت مېۋىسىگە چۈشكەن قۇرتقا، دوستلۇق گۈل - چېچەكلىرىگە چۈشكەن ئۈششۈككە ئوخشايدۇ.

▲ چېقىمچىلىقنىڭ مەنبەسى ھەسەتخورلۇق. ھەسەتخورلارنىڭ ئىچىدە ئوغا قاينايدۇ، ئۇلارنىڭ نىيىتى قارا، ھىيلە - نەيرەڭلىرى ناھايىتى كۆپ، ئاقكۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى ئازابقا سېلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى ۋاستىلىك ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاغزىدىن گەپ چىقسىلا زەھەرلىك گاز پۇرايدۇ. بۇ دۇنيادا ھېچكىمدىن، ھېچ نەرسىدىن رازى بولماي قاغاش بىلەن ئۆتىدۇ.

توپلىغۇچى: ئىمىر مۇھەممەت

## ھېكمەتلەر

▲ سوقرات ھەكىم ئېيتىدۇ:

- كۆڭۈلنىڭ ئىككى ئاپىتى بار: بىرسى ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇش، ئىككىنچىسى، كەلگۈسى ئىشنى ئويلاپ غەم - ئەلەم چېكىشتۇر. بىرىنچىسىدىن ئادەم كۆپ ئويقۇچان بولسا، ئىككىنچىسىدىن ئويقۇسىزلىققا گىرىپتار بولىدۇ.

- باشقىلارنىڭ يېنىدا بىراۋنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلىش - ئۇنى ئادەملەر ئارىسىدا ئۇياتقا قالدۇرۇش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خالىي جايدا نەسىھەت قىلىش كېرەك.

▲ ئارەستۇ ھەكىم ئېيتىدۇ:

- دۇنيادا ھەممىدىن كۆرە ھەسەتخورنىڭ يۈكى ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇ بىچارە، بەختلىك ئادەملەرنى كۆرەلمەي، ھەسەت تۈپەيلى كېلىدىغان ھەممە قايغۇ - ئەلەملەر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئارتىپ ئالىدۇ.

▲ شەيخ سەئدى ئېيتىدۇ:

- ئانىنىڭ جان پەرۋەر بويى يەنى قەددى - قامىتى بىر دەرەخ بولسا، پەرزەنتلەر ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئانىنىڭ كۆكسى، تومۇرلىرى يۈرەك ئىچىدە ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارساق، ئانا سۈتى - ئۇنىڭ يۈرەك قېنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتكە ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ئاتىغا قارىغاندا يەنە ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. لېكىن بەزى پەرزەنتلەر ھەممىدىن ئەزىز ۋە مېھرىبان ئانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ.

توپلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

## چەت ئەل خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

خەقنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈچە ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە ئىشەن.
ئالدىدا ماختىما، كەينىدە دادلىما.
ئەقىلسىزنى ئىشقا بۇيرۇساڭ كەينىدىن ئۆزۈڭ ماڭىسەن.
ئىشنى باشلاشنى بىلسەڭ ئاياغلاشتۇرۇش ئاسان.
خەجلەنمىگەن پۇل ئولجىغا تەڭ.
ئايالىڭغا بالاڭ يوق يەردە ئەقىل كۆرسەت،
بالاڭغا ئادەم يوق يەردە ئەقىل كۆرسەت.
ئىناق ئۆيگە بالا - قازا يولىماس.
تۈنجى مۇھەببەت قېرىماس.
ئۆتكۈر تىل تالانت، ئۇزۇن تىل جاللات.
ئېلىپبە - دانالىقنىڭ پەلەمپىيى.
قېرىغاندا چىش گاللىشىدۇ، تىل ئۆتكۈرلىشىدۇ.
ئېيىق بىلەن دوست بولساڭ ئايپالتاڭنى تاشلىما.
ئاچچىقلانما قاتتىق سۆزگە،
ئالدانما تاتلىق سۆزگە.
دات - تۆمۈرنىڭ شورى،
غەم - كۆڭۈلنىڭ شورى.
ئەقىل تاشنى يارىدۇ،
ھاراق باشنى يارىدۇ.
تاماكا چەكسە بىر كىشى،
زەھەرلىنەر ئون كىشى.
ئىش چۇقان بىلەن پۈتمەس، ئەقىل بىلەن پۈتەر.
كېسەلگە ئېيتقان تەسەللىي دورىدىنمۇ تېز ئۈنۈم بېرەر.
تېۋىپ داۋالىسا ساقىيىپ قالار،
باخشى داۋالىسا گۆرگە ماڭار.
ئايپالڭ باش مېھمان ئالدىدا تاز ھەققىدە گەپ قىلما.
ھىيلە - مىكىر بىلەن باشلانغان ئىش ئۇرۇش بىلەن

تاماملىنار.

شەرەپ مىسقاللاپ كېلىپ، پاتمانلاپ كېتىدۇ.

كەينىڭدىن كېكەچمۇ غەيۋەت قىلىدۇ.

**- رۇس**

ھاكاۋۇر قىز چېچىغا ئاق كىرگۈچە ئولتۇرار.

قارتا ئويناش بىلەن ئىچىملىك ياخشى يولغا باشلىماس.

ئاناڭ بىر قولى بىلەن ئۇرار، بىر قولى بىلەن سىيلار.

نەي - پادىچىنىڭ ئەمىكى.

**- ئۇكرائىن**

بىر يىل ئۈجمە تىككەن كىشى يۈز يىل گۆھەر تېرەر.

ئۆز ئىچىگە سىغمىغان سىر خەقنىڭ ئىچىگىمۇ سىغمايدۇ.

سۆيدۈرگەنمۇ - تىل،

بەزدۈرگەنمۇ - تىل.

ئابرويۇڭ - سۆلىتىڭ،

ئەمگىكىڭ - دۆلىتىڭ.

ئەتىيازدىكى ھەرىكەت - كۈزدىكى بەرىكەت.

ياخشىغا بەرسەڭ قىزىڭنى،

ئەتىۋارلاپ سۇلتان قىلۇر.

يامانغا بەرسەڭ قىزىڭنى،

دۇمبالاپ ئۇلتاڭ قىلۇر.

گەپدانلىق دەللالغا كېرەك.

ئاتىلار سۆزى - ئەقىلنىڭ كۆزى.

پۇت يۈگۈرۈكى - ئاشقا،

ئېغىز يۈگۈرۈكى - باشقا.

دۈشمەن زالىملىقىنى يالغان بىلەن يوشۇرار.

**- ئۆزبېك**

ئىگىسى قېشىدا بولسا مۈشۈكمۇ ئىتنى يېڭىدۇ.

كۆڭۈل ئېرىمىسە كۆزدىن ياش چىقماس.

پالچى پالچىغا پال ئاچقۇزماس.

ئاچچىقى كەلگەننىڭ كۆزى قىزىرار،

ئاچچىقى بېسىلسا يۈزى قىزىرار.

سۆزنىڭ ئاخىرى باشلىنىشىدىن مەلۇم بولۇر.

خەلقنىڭ ئورتاق ئۆيى - ۋەتىنى.

باتۇرنىڭ نېسىۋىسىنى خەق يەيدۇ.

ئابرويىنى ئويلىغان ئاز سۆزلەر،

تەن سالامەتلىكىنى ئويلىغان ئازىيەر.

**- ئەزەربەيجان**

كېمەل كۆڭلى تارتقىنىنى يېسە تۈزۈلەر.

ئىسراپخور ئائىلە ۋەيران بولماي قالماس.

ئېغىز ئالمىغان يارا ھەممە يارىنىڭ خەتەرلىكى.

ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلمىگەن ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆمرى خەقنىڭكى، ئۆلۈمى ئۆزىنىڭكى.

**- مولداۋان**

قازىنى باشقىنىڭ غېمى باشقا.

«كەل» دېمىگەن ئۆيدىن گۆر ياخشى.

ئەقىللىك خاتالاشسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ، ئەخمەق خاتالاشسا خوتۇنىدىن كۆرىدۇ.

مەستتىن سارائمۇ قاچىدۇ.

گۇۋاھلىق سۆز - نىكاھلىق خوتۇن.

ئوي - سۆزنىڭ ساندۇقى.

ئۇرغاندىن، قوغلىغان يامان.

مۇگدىسەڭ كۈزۈڭگە پايدا، ئاز - ئاز يېسەڭ ئۆزۈڭگە.

ساقىيدىغان ئاغرىقنىڭ داۋاسى تاپان ئاستىدىن تېپىلار.

يۇرتۇڭغا ئۈمىد باغلىساڭ ئالقىنىڭ ماي.

قەستلەشكەن ئوغرى ئالماي قويمايدۇ.

**- قىرغىز**

ھۈنىرى بار چۈشكىچە ئاچ يۈرسە، ھۈنىرى يوق كەچكىچە ئاچ يۈرەر.

قورغان ئىچىدىن غۇلار.

ئوغلۇڭ چوڭايغانسېرى غېمىڭمۇ ئاشىدۇ.

ئاتىسى ئۆيلەپ قويغان خوتۇننىڭ قەدرىگە يەتمەس.

ياتار چاغدا يېگىنىڭ تېنىڭگە سىڭمەس.

چۈشۈپ قونغان يەر - زەھەر تولغان يەر.

تېرىككەك بۇرۇن قېرار.

ۋۇجۇدۇڭغا چۈشكەن دات چىرايىڭدىن بىلىنەر.

ئىخلاس بىلەن تىڭشىغاننىڭ ئۆگەنگىنى كۆپ.

**- گېرمان**

جاپا تارتمىغان ئەرنىڭ نامى چىقماس.

قەدرىڭنى بىلگىڭ كەلسە قىز تاللا.

ئېشەك سەمرىسە ئىگىسىنى تېپەر.

قىزنىڭ ياخشىسى گادايىنىڭ كەپىسىدىن تېپىلار.

ئۆلچەملىك تاماق - سالامەتلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى.

**- تۈركمەن**

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

**- باشقىرت**

دوختۇرغا يۇرتنىڭ ھەممىسى دوست.

**- ئادىگې ۋەكاباردى**

ئۇلۇغ ئىشتا ئاسان يول بولماس.

**- هوردىۋا**

ۋاقتىدا ئاڭمىغان يارا يىرىڭدايدۇ.

چىش ئاغرىقىغا ئېيىقمۇ چىدىمايدۇ.

ئاغرىقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغىنىڭ - ئاغرىغان يېرىنى سىيلىغىنىڭ.

**- ئوستىن**

ئايىغىڭ تالماي قورسىقىڭ تويماس.

سۇيى سۈزۈك كۆلنىڭ تېگى قۇرت.

بېلىق قاماقنى كۆرمەس، يەمنى كۆرەر.

پۈتمىگەن ئىش - پىشمىغان يېمىش.

قىزنىڭ سىرىنى بىلگۈڭ كەلسە تەڭتۇشى بىلەن سىرداش.

بويتاقنىڭ ئۆيى ئۆڭكۈردەك.

ناز قىلغان خوتۇن قىزىل كۆڭلەك كىيىدۇ.

چاينىماي يۇتقان ئاغرىماي ئۆلەر.

زامانغا قاراپ باھانىسى.

ئالقاندا دان يېگەن قۇش يىراققا ئۇچماس.

مېھمان تويمىسىمۇ «رەھمەت» دەر.

ئۆيلەنگۈچە ئۆزۈڭنىڭ ئوغلى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن خەقنىڭ ئوغلى.

مېھمان قەدىرلىك بولسا قازان تېزقاينار.

ساھىبخان كۆڭۈلسىز بولسا مېھمان ئۆيگە سىغماس.

ئايدا كەلگەنگە تاۋاق،

كۈندە كەلگەنگە تاياق.

قەدرىڭنى بىلمىگەن يەرگە قەدەم باسما،

ياش چېغىڭدا نېمە تېرىساڭ، قېرىغاندا شۇنى ئورىسەن.

كىملەرنىڭ ئارزۇلۇقى كىملەرگە خار بولمىغان.

باي ئادەم بىلەن قۇدا بولساڭ يىرگىنىدۇ،

نامرات بىلەن قۇدا بولساڭ تىلىنىدۇ.

ھەقىقىي سۆزگە قەسەمنىڭ كېرىكى يوق.

ئادەم ئۆز پۇرىقىنى ئۆزى سەزمەس.

دوستلۇقنىڭ تېگى راستلىق.
ئاتىسىنى كىم خارلىغىنىنى ئوغلى ئۇنتۇماس.
بىلىققا ئەقىل قاماققا ئىلىنغاندىن كېيىن كىرىدۇ.
بىر خاتا ئون خاتادىن ساقلار.
خاتايىڭنى ئېيتقۇچىنى ئاتام دەپ بىل.
ئەقىلدىن ئازغۇلۇق كەلسە - هاراق ئىچ.
مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى - سەۋرچانلىق.
زامان ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ.
تۈنۈگۈنكى كارامەتكە بۈگۈن هېچكىم هاڭ - تاڭ قالماس.
ئېيىقنى يەڭگەن بىرىم باتۇر، ئاچچىقنى يەڭگەن پۈتۈن باتۇر.

**- تاتار**

ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ ئۆيى ۋەيران،
ئىككى ئىنەك ساغقاننىڭ ئۆيى ئايران.

**- قارا قالپاق**

زورلۇق - زومبۇلۇقتىن بېيىغان ئۆي قارغىشتىن غۇلار.
مەهەللىدىكى يېگىلىقنى ئاتاڭدىن سورا،
ئۆيدىكى يېگىلىقنى بالىدىن سورا.

**- لەزگىن**

ئانا بالىنىڭ تېنىنى چېنىقتۇرسا،
ئۇستاز بالىنىڭ جېنىنى چېنىقتۇرار.
سۆكىنى تازىلىسا، ئوقۇش مېڭىنى تازىلار.
دوستىنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار.
قىڭغىرنى تۈزە،
يامانني جۈندە.
قوشنائىڭنىڭ قەدرىنى ئايرىلغاندا بىلەرسەن.
كوچىلىغۇچىنىڭ دوستلۇقى ئۇزاققا بارماس.

**- موڭغۇل**

روناق تاپقان ئەلنىڭ ئالىمى كۆپ،
تۈگىشىۋاتقان ئەلنىڭ هاكىمى كۆپ.
خەلقى قارىغۇ ئەلنىڭ ئالغىيى پادىشاھ بولۇر.
هۇرۇنلۇق - كەمبەغەللىكنىڭ ئاچقۇچى.
يار تالىلسالڭ كۆزۈڭگە ئىشەنمە، ئەلنىڭ سۆزىگە ئىشەن.
ئەخمەقلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق ئاكا - ئۇكا.
ئەتىگەن تۇرغاننىڭ ئېتىكى ئالتۇنغا تولۇر.
كەچكى تاماقنى قىسقارتىش - كۆرىدىغان كۈنۈڭنى ئۇزارتىش.
شۇم - رەڭگىدىن تونۇلۇر.

**- گېرمان**

گېپى تولا ئۆينىڭ ئىشى لاۋزا.

**- چاۋشيەن**

ئاچچىقىڭ كەلسە يۈزگىچە سانا.
دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ قوپال چاقچاق قىلما.
ئاشكارا دۈشمىنىڭدىن هىيلىگەر دوست - يارەنلىرىڭ يامان.
هارامزادىلىك بىلەن پۇل قوشكىچە ئەك.

**- ئىنگلىز**

ئوت ئۆچۈش ئالدىدا يالقۇنجاپ لاۋۇلدايدۇ.

**- ياپون**

تىل - يۈرەكنىڭ تەرجىمانى.
موهتاجلىق - مىڭ خىل هۈنەرنىڭ ئانىسى.
يولۋاس ئېتىلىش ئالدىدا باغرىنى يەرگە يېقىپ ياتىدۇ.
ئەقىللىك يەتتە مەسلىهەتتىن بىر قېتىم باشتىن كەچۈرگەن ئەلا.
ئەقىللىكنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلما.

مۇهەببەتنىڭ ئېسىلى دەسلەپكىسى.

**- ئەرەب**

ياماشقان غۇلاپ ئۆلەر.

**- ئافغان**

كونا شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقما.
كۆپچىلىك ئاتقان تاش يىراققا چۈشىدۇ.
چىدامنىڭ ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.

**- تۈرك**

سەندىن قاچقاندىن سەنمۇ قاچ.
تەمسىز مېۋىگە قۇرتمۇ يولىماس.
قىڭغايغان يۈك يىراققا بارماس.
زالىمنى زالىم جەبىرلەيدۇ.
دەرەختكە چۈشكەن قۇرت شۇ دەرەختنىڭ ئۆزىدىن پەيدا بولۇر.
قىز تۇيلۇقسىز كەلسە غۇدىرىماس بولىدۇ.

**- پارس**

بەك تويغان يامان چۈش كۆرەر.

**- ئاسسىرىيە**

غولىغا قۇرت چۈشمىگەن دەرەخ مىڭ يىل ياشايدۇ.
قاۋاپ تىنمايدىغان ئىتنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن جىمىت.
خوتۇننى قېرىلارنىڭ ئەقلى بىلەن ئال،
ئاتنى ياشلارنىڭ ئەقلى بىلەن ئال.
ئەرنىڭ دۈشمىنى - ئەركە خوتۇن بىلەن ۋىت - ۋىت گەپ.

**- كورد**

قارام يىگىت ئاغرىق بوۋايدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ.
ئاچكۆز باي جىنازىسىغا يىغىدۇ.
هاياتىڭ قانداق بولسا، ئۆلۈمۈڭ شۇنداق بولۇر.
تاڭ - شۇ كۈننىڭ ياشلىق هۆسنى،
كەچ - شۇ كۈننىڭ قېرىلىق چېغى.

**- ماداگاسكار**

چاقىرىلمىغان مېهمان ئاچ قايتار.


**- مالايا**

---

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئابدۇۋەلى خەلپەت**

**(M1)**





# يۇرتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا

نۇرئىمان ناسىر

«مەن بىر دېھقان بالىسى، كىندىك قېنىم غاز كۆلنىڭ زەيكەش تۇپرىقىغا تۆكۈلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇقام - مەشرەپ خۇمار غاز كۆللۈكلەر قورساق تويغۇزۇشتىن ھاللىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئەمما قورساق تويسىلا ھېسابمۇ؟ بىزنىڭ جاپاكەش، ساددا دېھقانلىرىمىز ماددىي جەھەتتىكى ئېچىرقاش ئازابىدىن قۇتۇلغىنى بىلەن روھىي - مەنىۋى جەھەتتىن يەنىلا ئىنتايىن نامرات - گاداي. سەرەمجانسىز تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭلۈق ئۆيدەك ئۇلارنىڭ قەلبى بوش. تاغاردىكى ئاشلىقى، يانچۇقىدىكى پۇلى، قوتاندىكى مېلى - ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقى. ئۇلار ھامان ئاشۇ بايلىقى بىلەن بوش - قۇرۇق مەنىۋىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرماق بولىدۇ. مانا بۇ - مەنىۋىيەتنىڭ چەكسىز نامراتلىقى بولماي نېمە؟ ئەمدى ئۇلارمۇ يېڭى زامان ئادىمىدەك ياشىسا، تاماق يېيىشتىن باشقا كۈلكە - تاماشا، مەشرەپ، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تۈرلۈك ئويۇنلاردىن لەززەتلەنسە، غەم - قايغۇدىن ئازاد بولۇپ ھاياتىي كۈچىنى ياشارتسا دەيمەن. يېزىمىز ئۇلۇغۋار مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئامانىنىساخان تۇغۇلغان مۇبارەك يۇرت. بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئامانىنىساخان ئەۋلادلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتتە نامراتلىقتا قېلىشىغا ۋىجدانىم چىدىمايدۇ. ئۆزۈم سەنئەتكار بولمىساممۇ، خەلققە مەنىۋى بايلىق يارىتىپ ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلغۇچى مەدەنىيەت خادىملىرىغا ماددىي جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولۇش - قوللاش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم ۋە ۋىجدانىي بۇرچۇم» بۇ - مەكىت ناھىيە غاز كۆل يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى توختىقۇربان ئەيسانىڭ يۈرەك سۆزى.

## ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يول

توختىقۇربان ئەيسا 1982 - يىلى غاز كۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھانىغا قاتناشتى. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتى، ئەمما زارىقىپ كۈتكەن چاقىرىق قەغىزى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەيسا ئاكا بېشىدىن جىق ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن، جىگەرلىك، مەرد، لەۋزى ھالال، مەرىپەت سۆيەر دېھقان ئىدى. ئۇ، ئوغلى توختىقۇرباننى ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتمەي، پۈرسىتى كەلسە يەنە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئاتىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا تاغدەك مەدەت بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرىنى ھەيدىدى. توختىقۇربان ئەيسا مەھەللىسىگە قايتىپ رازىمەنلىك بىلەن قولىغا كەتمەننى ئالدى. ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ مەدەنىيەتلىك دېھقان بولدى.

ئاپئاق قوللار قاپاردى، توقاچتەك يۈزلەر كۆيۈپ قارايدى. ئېغىر - جاپالىق ئەمگەك ئەمدىلا يىگىتلىك مەۋسۇمىگە كىرگەن بۇ دولان ئوغلىنى تاۋلىدى. سۆڭەكلەر قاتتى.

ئۇ، تاڭدىن تاكى شامغىچە جان كۆيەرلىك ئەمگەك قىلىپ، ھارغان - ئاچقىنىغا قارىماستىن كېچىلەردە قاراچىراغ يورۇقىدا دەرس تەكرار قىلىش، كىتاب - ژۇرنال كۆرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. كېيىنكى يىلى كەنت رەھبەرلىكى زور ئۈمىد - ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا بوغالتىرلىك خىزمىتىنى تۇتقۇزدى.

1984 - يىلى 6 - ئايدا توختىقۇربان ئەيسا كۈتمىگەندە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ، كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان كۈنلەرنىڭ ئەمدى يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا ئىككى ئايلىق تەكرارغا قاتناشتى ۋە ئالىي مەكتەپكە



ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئىشتىھان بېرىپ قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۇ، تۇنجى سائەتلىك دەرستە، تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان دەرسخانىدىكى چىرايلىق پارتىدا ئولتۇرۇپ يېزىلاردىكى جاپالىق - كېمىر ئەمگەكلەرنى، يىلبويى ئۈزۈلمەيدىغان ھاشانى، يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقان نامۇۋاپىق ئالۋاڭ - ياساق، سېلىقلارنى، دېھقانلار شۇنچە ئىشلىسىمۇ گەدىنىدە ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئېشىپ قېلىۋاتقان قەرزلەرنى ئويلىدى.

ئۇ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇنازىرىلەردە، يېزىلاردا مۇنتىزىم باشقۇرۇلماي بوزۇپ - چېچىلىۋاتقان ئىقتىساد، مۇكەممەللەشمىگەن ھېساب تۈزۈملىرى، دېھقانلار قولدەك ئىشلىسىمۇ يىل ئاخىرىدا قولىغا ھېچقانچە دارامەت تەگمەيۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق قايىل قىلارلىق سۆزلەپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى.

توك تۇراقسىز بولۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، ئۇ، قانچە - قانچە كېچىلەرنى سىنىپتا - شام يورۇقى ئاستىدا دەرس تەكرارلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. مالىيە - ئىقتىسادقا دائىر توم - توم كىتابلار ئارىسىدىن ئىنچىكە ھېساب تۈرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ خاتىرىسىگە پۈتتى. ھەر خىل تۈرلەر بويىچە بوغالتىرلىق ئاساسلىرىنى تەكرار - تەكرار ئۆگەندى. تالاي كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ، 1986 - يىلى 9 - ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ غاز كۆل يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ بوغالتىرلىقىغا تەقسىم قىلىندى ۋە باش بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز يېزىسىنىڭ «غوجىدار» ى بولدى.

## يۇرتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا...

توختىقۇربان ئەيسا مالىيە خىزمىتىگە باش بولغاندىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ئىلمىي باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى.

ئۇ، ھېسابات ئىشى بىلەن قايسىلا كەنت - مەھەللىگە بارمىسۇن ئۆز خىزمىتىنى بىجانىدىل ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى شۇبولدىكى: بەزى كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئاجراپ ئەسكى خارابىلىققا، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ سەينالىرى ئات - ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرى بىلەن بەئەينى ماخوغا ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالغان، يەنە بەزى مەدەنىيەت ئۆيلىرى مەبلەغ ۋە باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ تايىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللىقاچان تاقىلىپ كەتكەن. دېھقانلار، بولۇپمۇ ياشلار مەدەنىي پائالىيەت سورۇنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىت تالاشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنىغا ئايلىنىپ قالغان؛ ئۇرۇش - جېدەل، ئىچىملىك - چېكىملىك، تۈرلۈك خوراپىي ھەرىكەتلەر باش كۆتۈرۈپ يۇرتنىڭ تىنچ - ئەمىنلىكى بۇزۇلغان...

توختىقۇربان ئەيسا بۇلارنى ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولدى، ئازابلاندى. غاز كۆللۈكلەرنى مەنىۋى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك! تەخىرسىزلىك بىلەن مەدەنىيەت پونكىت - ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى يېزىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى قاتارىدا تۇتۇشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولۇشىمىز لازىم، دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئويىنى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئىمىن تۇرەككە ئىزھار قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان بۇ ھەقتە ئويلاپ كېلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر رەھبەر ئىمىن تۇرەك ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ قىزغىن قوللىدى. ئۇ، يېزىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ جايىغا ئىشلىتىلىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ بۇ خىزمەتكە توختىقۇربان ئەيسانى مەسئۇل قىلدى.

ئۇ، يېزا رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، يازغۇچى، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ سىپىتىنىڭ ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىشى بىلەن غاز كۆلنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۇرت خەلقى سۆيۈنگۈدەك خەيرلىك ئىشلارنى قىلدى:

1990 - يىلدىن ھازىرغىچە يېزا مالىيىسىدىن 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، يېزا بويىچە 22 كەنتنىڭ يىگىرمىسىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى.

1989 - يىلى يېزا مالىيىسىدىن 80 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىلىپ يېزا مەركىزىدە مىللىي پوسۇندىكى، كۆركەم، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مەركىزى سېلىندى. ئۇنىڭغا يەنە 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇلدى.

1990 - يىلدىن 1994 - يىلىغىچە يېزا مالىيىسىدىن 67 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىلىپ 6000 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب، 50 نەچچە خىل گېزىت - ژۇرنال، بىر دانە سىنئالغۇ، بىر دانە سىنقويغۇ، چوڭ دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، ماتور ھەمدە تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرى سېتىۋېلىنىپ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى.

1993 -، 1994 - يىللىرى يېزا مالىيىسى يەنە 68 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يازلىق ۋە قىشلىق كىنو - تىياتىرخانا سېلىندى.

ئالاھىدە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش شۇ بولدىكى، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئىمىن تۇرەكنىڭ باش بولۇپ پۇت دەسسەپ تۇرۇشى، توختىقۇربان ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ماددىي جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولۇشى بىلەن يېزا مالىيىسىدىن 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخاننىڭ خاتىرىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەبەدىيلەشتۈرۈش، ئۆلمەس تارىخىي تۆھپىسىنى قەدىرلەپ، غاز كۆللۈكلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ سەيناسىدا «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلى ياسالدى. 1994 - يىل 6 - ئۆكتەبىردە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئالىملار، تەتقىقاتچىلار سەنئەتكارلار، شائىر - يازغۇچىلار، كومپوزىتورلار مەكىت ناھىيىسىدىكى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرى، بۇ يېزىدىكى مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىملار يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىدە «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى تەنتەنە بىلەن ئاچتى.

غاز كۆل يېزىسىدا ئىككى مەدەنىيەت خىزمىتى ياخشى تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى 1994 - يىلى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەركىزى»؛ 1995 - يىلى غاز كۆل يېزىسى ناھىيە بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى نەمۇنىلىك يېزا»، توختىقۇربان ئەيسامۇ «مەدەنىيەت خىزمىتىنى قوللىغۇچى ئىلغار شەخس»، «كۇلۇبكىتىپ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرغان ئىلغار شەخس» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. (M1)




نىزامىددىن ھۈسەيىن

## بىزدىكى پاسكىنىچىلىق

تازىلىق بولمىغان يەردە سالامەتلىك بولمايدۇ.
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

بەزىلەر بىزنى «پاسكىنا خەق»، «پاسكىنىچىلىققا كۆنۈپ كەتكەن خەق ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن سۆكۈشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ گەپلەر ئانچە ئورۇنسىزمۇ ئەمەس. مۇھىت تازىلىقى، تۇرمۇش تازىلىقى، بەدەن تازىلىقى... دا كەتكۈزۈپ قويىدىغان پاسكىنا كىشىلىرىمىز يوقمۇ ئەمەس.

مەن يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر چوڭ ئىدارىنىڭ ئاھالە كومىتېتى ئىشخانىسىدا بىر پارچە تازىلىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرۈپ قالدىم. دوكلاتنىڭ بىرۋارىقىدا مۇنداق يېزىلغان: «... ئىدارىمىزنىڭ ئۈچ كارىدورلۇق، ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىدا 54 مىللىي زىيالىيلار ئائىلىسى بار. نېمىشقىدۇر بۇ ئائىلىلەر مۇھىت تازىلىقىغا زادىلا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھەر كۈنى سۈپۈرگەن ئەخلەتلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ ئارقا دېرىزىلىرىدىن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى بىر قەۋەتلىك ئاھالىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىگە تۆكۈۋېتىدۇ. ئاشقان - تاشقان يېمەك - ئىچمەك، شۆپۈك - شالتاق، كۆكتات قالدۇقلىرى، قاراشقا بولمايدىغان پاسكىنا نەرسىلەر، سۆڭەك، تاشلاندۇق كىيىم - كېچەك... لەرنى دېرىزىدىن سىرتقا ئېتىۋېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بىنا ئالدىدىكى كىچىك باغچىمۇ ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى تازىلىقىمۇ بەك ناچار. ھەپتىلەپ ئۆي سۈپۈرمەيدىغان، سۈپۈرۈلگەن ئەخلەتلەرنىمۇ ۋاقتىدا تۆكمەيدىغان، ئاشخانا، تەرەتخانا... لارنى پاكىز تۇتمايدىغان، تام - تورۇسلىرىنى تور، توپا - تۇمان قاپلاپ كەتكەن... ئۆيلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرغىنىمىز تۇرغان. ھاۋا - جاھان ئىسسىغاندىن كېيىن بىنانى ۋە بىنا ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن سېسىقچىلىق قاپلاپ كېتىدۇ. بۇ بىنا سېلىنغان ئالتە يىلدىن بۇيان بىنانىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاش زادىلا مۇمكىن بولمىدى. نۇرغۇن قېتىم مەجلىس ئېچىپ بىنادىكىلەردىن بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدۇق، ئاقمىدى. تازىلىق مەسىلىسى بىلەن كېلىپ چىققان جېدەل - جېدەلمۇ ئاز ئەمەس. ئاغرىق - سىلاقمۇ يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەھەللىنىڭ مۇھىتىدىن كىشىلەر بەكمۇ بىزار ...»

دەرۋەقە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە مۇشۇنداق تازىلىقتا بۇلغانغان، پاسكىنا كىشىلەر ئۇۋىسى بولۇپ قالغان ئاھالىلار بىنالىرى ئاز ئەمەس. مەن ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم باغچىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىگە سېلىنغان تۆت قەۋەت بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان تونۇشۇمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن قونۇپ مېھمان بولدۇم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان بۇ بىچارە تونۇشۇم x x خانىم تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ تازىلىقى ھەقىقەتەن مېنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر خىل سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. بالىلىرى تالادىن ئوينىغاش ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن تاش - داڭگال، ھەر خىل قەغەز پارچىلىرى، تۆكۈلۈپ - چېچىلىپ تۇرغان يېمەك - ئىچمەك قالدۇقلىرى، ئۆيدە بېقىلغان بىر كۈچۈكنىڭ پوق - سۈيدۈكى ئۆينى بەئەينى ئەخلەتخانىغا ئوخشىتىپ قويغان. تام - تورۇس، ئىشىك - دېرىزە... دېگەنلەرغۇ بىرەر قېتىممۇ سۈرتۈلگەندەك ئەمەس. ئۆي بىساتلىرىنىڭ پاسكىنىلىقىنى دېمەمدىغان تېخى؟ ئاشخانا، تەرەتخانا... دېگەنلەرنىڭ سېسىق پۇراپ تۇرغىنى تۇرغان. ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدە مۇشۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن تاشلانغان يېمەك - ئىچمەك قالدۇقلىرى، كونا، ئەسكى - تۈسكىلەر، ئەخلەت، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە شۆپەكلىرىدىن پەيدا بولغان بىر كىچىك دۆمبەلمۇ بار. مەن x x خانىمغا: «مۇنداق پاسكىنىچىلىقتا قانداقمۇ ئولتۇرىسىلەر؟ تازىلىق قىلساڭلار بولمامدۇ» دېۋىدىم، ئۇ: «ئېرىمدىن تۇل قېلىپ ئۈچ بالىنى ئاران بېقىۋاتقاندا تازىلىق قىلغىلى نەدە چولا. بولۇشىچە بولار، دەپ يۈرۈۋەردىم...» دېدى پەرۋاسىز.

مۇشۇ باغچىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يەتتە - سەككىز ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار مەھەللىسىنىڭ پاسكىنىچىلىقى پۈتۈن يامالىق تېغى تەرەپلەرگە سېسىقچىلىق تارقىتىپ تۇرىدۇ. دوقمۇش - دوقمۇشلاردا دۆۋىلىنىپ تۇرغان كۆل، ئەخلەت،

ئەينەك

چوڭ ـ كىچىك تەرەت ئورەكلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان ھەر خىل ئەسكى ـ تۈسكىلەر، ھەر كۈنى چېچىلىپ تۇرغان يۇندىلارنىڭ سېسىقچىلىقى مەھەللىنى ۋە ھەتتاكى ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنى بىر ئالغان. ھاۋا ـ جاھان ئىللىغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئاۋۇپ چىققان زىيانداش ھاشاراتلار پۈتۈن رايون تەۋەسىگە تارقايدۇ.

ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان گۆش، كۆكتات... توپ سېتىش بازىرىدىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇر ئوقەتچىلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ: قاساپلار سويغان ماللارنىڭ قېنى ۋە ئىچ ـ قارنىنى خالىغان يەرگە تۆككەن ۋە تاشلىغاننى ئاز دەپ خېرىدارلارمۇ ئالغان نەرسىلىرىنىڭ كېرەكسىز قىسىملىرىنى شۇ يەردە تاشلاپ كېتىۋېرىدىكەن. نەتىجىدە، ھەر كۈنى سويۇلۇپ تۇرغان نەچچە يۈز مالنىڭ قان ۋە ژىنلىرى تۆكۈلگەن يېرىدە دۆۋىلىنىۋېرىپ ھەپتە ئىچىدىلا كوچىنى چىداپ تۇرغۇسىز سېسىقچىلىق قاپلاپ كېتىدىكەن. تەكرارلىنىۋەرگەن بۇ پاسكىنىچىلىقنىڭ جاۋابكارلىقى كىمدە ياكى نەدە؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش تەس. دېمەك، مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ ئاھالىسى بولغان خېلى بىر قىسىم مەدەنىي ئۇيغۇرلارنىڭ تازىلىق مىجەزى يۇقىرىقىدەك بولۇۋاتقان يەردە، باشقا جايلاردىكى ئاۋام ئۇيغۇرلارنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىدىن زارلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. مەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئالدىنقى ناھىيىلىرىدىن بىرىدە ساياھەت قىلىۋېتىپ، مۇنداق بىر خىل جامائەت پاسكىنىچىلىقىنى ئۇچراتتىم: ناھىيە بازىرىنىڭ بىر تەرىپىنى ئىككى كىلومېتىردەك ئارىلىق بويىچە يېرىپ ئاقىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىغا سەپسىز ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرى جايلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ داۋاملىق تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، كىر ـ قات يۇندىلىرى، تاشلاندۇق نەرسىلەرنى بۇ ئۆستەڭگە تۆكىدىغانلىقىنى كۆردۈم. قاچانلا قارىسىڭىز ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىڭ دۆۋىلىنىپ تۇرغىنى تۇرغان. لېكىن بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بازارنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان نەچچە مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدۇ. ئەمما مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ياكى جامائەتچىلىكنىڭ بۇ خىل مۇھىت بۇلغىنىشى بىلەن قىلچە كارى يوق.

«غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا قاراپ يەلپۈگۈچسىمان ئاقىدىغان غول ئۆستەڭلەر... بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۈنىگە 60 توننا ئەخلەت ـ چاۋا ئېقىپ ماڭىدىغان، سېسىق پۇراق چىقىرىدىغان ئۆستەڭلەرگە ئايلاندى... ئۆستەڭلەرنىڭ باش ئېقىنىدا نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر ئۆستەڭلەرنىڭ ئۆز قورۇلىرى ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈشىدەك ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قىلچە تەپتارتماي ھاجەتخانىلىرىنى ئۆستەڭلەرنىڭ ئۈستىگە سېلىۋالغان. بۇنداق ئائىلىلەر 200 دىن ئاشىدۇ. بۇ ئۆستەڭلەر نۇرغۇن مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ياكى ساتىراشخانا، ئاشخانىلار يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ ھەم تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى، يۇندا، ھەر خىل ئەسكى ـ تۈسكىلىرىنى... ھەتتا ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى شۇ ئۆستەڭلەرگە تاشلىۋېتىپ تۇرىدۇ...» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سانىدىن).

مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ بىر كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى خېلى ئۇچراتتىم. تېخى بۇ كۆللەرنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن غازاڭ ـ ئەخلەت، قىغىز، لاتا ـ پىتىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەمدىغان؟ بىر قىسىم كۆللەرنىڭ سۈيى ئايدا بىرەر قېتىممۇ يېڭىلانمايدۇ. سېسىپ كەتكەن ئۆلۈك سۇنى ئىچىش بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت تۇرمۇشى بولۇپ قالغانمۇ ـ قانداق؟ دەرۋەقە، مۇشۇنداق كۆللەردىن سۇ ئىچىۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى خالىسىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ. بىراق ئۇنداق قىلىشنى ئويلايدىغانلار بەك ئاز. كۆپلىرى يەنىلا «كۆل سۈيى ھالال» غا كۆنۈپ كەتكەنلەر ـ دە.

بىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا چىۋىن، ھەرە ۋە ھەر خىل ھاشاراتلار مىژىلداپ تۇرىدىغان ئاشخانىلارنى، قوشخانا، قاساپچىلىق دۇكانلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، مېۋە ـ چېۋە... سودا ـ سېتىق بازارلىرىنى ئارىلاپ كۆرگىنىمىزدە، چىۋىن، پاشا، ھەرە... لەرنى مۇشۇ يەردىكى ئۇيغۇر بېقىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپمۇ قالىمىز. مەن 1994 ـ يىلى يازدا x x ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرىدا بىرەر ئايدەك كۆزىتىش زىيارىتىدە بولدۇم. ھەپتىدە بىر قىزىيدىغان بازارلارنى كۆردۈم. x x بازىرىدا كۆرگەنلىرىمدىن سەسكىنىپ زىيارەتتىشىمگە مۇنداق دېدىم: ئىزدىنىپ، ئىگىلىسەم، مۇشۇنداق بازار كۈنى بۇ بازارغا يېزا ـ سەھرالاردىن 50 مىڭدىن 70 مىڭغىچە دېھقان ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن بازار قىلىپ كىرىپ، تەخمىنەن بەش سائەتتىن توققۇز سائەتكىچە بازارلاپ قايتىشىدىكەن. مۇشۇ جەرياندا بازار تەۋەسىدە بازارچىلارھەم ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىدىن قالغان پاسكىنىچىلىقنى نېمە دېگۈلۈك؟ 1. بازارنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پوق ـ سۈيدۈكلىرى چېچىلىپ ـ يېيىلىپ، بازارنى بەئەينى ئوچۇقچىلىقتىكى ھاجەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان؛ 2. شاپاق ـ شالتاق، سودا ـ سېتىق ئەخلەتلىرى، ئوت ـ سامان ئېشىندىلىرى، ھەر خىل قېقىندىلار بازارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى بىر ئالغان؛ 3. بازارنى توپا ـ تۇمان، تۈتۈن ـ تۈتەك، سېسىق ھاۋا، غەلۋە ـ غەۋغا... قاپلاپ كەتكەن. دېمەك، بۇ خىل بازارچىلىق ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن تەكرارلىنىۋەرگەچكە، بازار تازىلىقىنىڭ مۇقىملىقىنى تۈزۈملەشتۈرگىلى، ساقلىغىلى بولمايدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى، مۇداپىئەلەنگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ناھىيە ئاھالىسىنىڭ 92% نى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىل مۇھىت تازىلىقى بىلەن يەنە نېمە قىسمەتلەرنى كۆرەر؟ تازىلىق مەدەنىيىتى بولمىغان يەردە ئاھالىلەر ساغلاملىقىنىڭ بولۇشى، ساغلام مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاج تېپىشى، ئۈمىدلىك كەلگۈسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

بىزنىڭ بىر قىسىم بازارلىرىمىزدا پاسكىنىلاشقان كونا كىيىم ـ كېچەكلەر سودىسىمۇ باش كۆتۈرۈپ كەتكەن. «... ئىگىلىنىشىچە، سودىگەرلىرىمىز كونا كىيىم ـ كېچەكلەرنى گۇاڭجۇ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە

پاكىستاندىن ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇ جايلاردىكى كىيىم - كېچەك سودىگەرلىرى تاشلىۋېتىدىغان كونا كىيىم - كېچەكلەرنى تاغارلاپ ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىدىكەن. بۇ خىل كونا كىيىم - كېچەكلەردە جىنسىي كېسەل، تېرە كېسىلى ۋە باشقا تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ مىكروبلىرىنىڭ بارلىقى دەلىل ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. . . . » ( «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1994 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدىن ) . مانا شۇنداق پاسكىنا كىيىملەر يۇرتىمىزنىڭ قايسى جايلىرىغا بارمىدى، سېتىلمىدى دەيسىز؟ باشقىلارنىڭ، باشقا ئەللەرنىڭ كونا، تاشلىۋېتىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ ئەزىز يۇرتىمىزنى ئەخلەت ئازگىلىغا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ ئۇيغۇر «سودىگەر»لەرنىڭ خەبەردارلىرى يەنىلا شۇ ئۇيغۇرلارغۇ؟

مەن 1994 - يىلى كۈزدە $x$ $x$ ناھىيىسىنىڭ $x$ $x$ يېزىسىدا بىر نەچچە كۈن تازىلىق كۆزىتىش ساياھىتىدە بولدۇم. 2300 ئەتراپىدا خاسلا ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بۇ تاغلىق يۇرت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا جامائەت مۇتىۋىرى «A چوڭ» ماڭا مۇنداق دېدى: «. . . . . بۇ يەرنىڭ خەلقى چارۋىچىلىق قىلىدۇ. ھەر يىلى مال تۆللەش پەسلى كىرگەن ( ئاساسەن 3 - ، 4 - ئايلار ) دا ھەممىيلەن ئۇلتۇر - قوپ تۆل بىلەن بولۇپ كېتىدۇ - دە، ئىككى - ئايغىچە يېشىنمەي، مال بىلەن بىللە يېتىپ - قوپىدۇ. ھېچكىم سۇغا چۈشمەيدۇ. يۈز - كۆزىگە، قول - پۇتىغا سۇ تەگكۈزمەيدۇ. سەۋەب دېسىڭىز: ئۇنداق قىلغاندا ( خۇددى مالغا ئوخشاش تۇرمىغاندا بەزى ماللار ئادەملەردىن غەيرىي ھىد - پۇراق سېزىپ تۆل تاشلىۋېتىدۇ ( ئۆلۈك تۇغىدۇ - ئا ) ، تۇغۇلغان تۆل چەتنەپ كېتىپ ئەي بولمايدۇ. خۇدايى ئادەت بۇزۇلىدۇ. مالدىن بەرىكەت كېتىدۇ. ئەل - يۇرت ئەمىن تاپمايدۇ، بۇ، بۇ يەرنىڭ كونا ئادەت قارىشى . . . » مەن بۇ يەردە بىر - ئىككى تويغىمۇ داخىل بولدۇم ھەم مېھماندوستلۇقتا تەڭدىشى يوق بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تويغا كۆتۈرۈپ كېلىشكەن مەززىلىرى تىزىلغان ھەم يۇگەلگەن ياغاچ لېگەن، رەخت داستىخانلىرىنىڭ بىر نەچچە ئەۋلاد يۇيۇلماي، ئالماشتۇرۇلماي تۇتۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، كۆرۈپ تەكشۈرۈپ ھەيران بولدۇم. يۇرتنىڭ خوتۇن - قىزلار باشلىقى بۇ قىلىقنىڭ ئادەت مەنىسىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «. . . بۇرۇن ئۆتكەن ئەزىزلىرىمىزنىڭ قولى تەگكەن جابدۇق، بىساتلىرى بىزگە تەۋەررۈك - بەرىكەت بولىدۇ. مەن 51 ياشقا كىردىم. مېنىڭدە قېيىن ئانامنىڭ قېيىن ئانىسىدىن قالغان بىر ماتا داستىخان، ئانامنىڭ چوڭ ئانىسىدىن تەۋەررۈك بولۇپ كەلگەن بىر ياغاچ لېگەن بار. بۇ نەرسىلەر ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى. ئۇنى يۇساق ئائىلىمىزنىڭ بەرىكىتىنى يۇيۇۋەتكەن بولىمىز. يەڭگۈشلىۋەتسەك ئەرۋاھلار قورۇنىدۇ، بەرىكەت كېتىدۇ. . . ئۇنى پەقەت توي - تۆكۈندىلا تۇتىمىز . . . دادامنىڭ يەتتە پۇشتىدىن بىزگىچە مىراس بولۇپ كەلگەن بىر چاپان، بىر كۆڭلەك، بىر جۇۋىمۇ بار. ساقلاۋاتىمەن. . . »

بۇ يۇرتتا مال تۆللىگەن ياكى خامان ئېلىش باشلانغاندا ھەپتىلەپ ئۆي سۈپۈرمەيدىغان، ھەپتىلەپ يۇندا تۆكمەيدىغان، قازان، تاۋاق - قوشۇق يۇمايدىغان. . . قىلىقلار «بەرىكەت كېتىپ قالىدۇ» چۈشەنچىسى بىلەن ئادەت تۇسىدە ساقلىنىپ تۇرغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. مەن بۇ يەردە يەنە پاسكىنىچىلىقتا قولى بىلەن پۇتى ئوخشاش، چاچ - ساقاللىرى پىتلاپ كەتكەن ناتەس بوۋايلارنى، ئاپتاپتا باش بېقىشىپ ئولتۇرغان موماي، خوتۇنلارنىمۇ ئارىلاپ ئۇچراتتىم. پۈتۈن يۇرت تەۋەسىدە بىرەرمۇ تەرەتخانا سالغان ئائىلە يوق. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئېغىل - قوتانلار بىلەن تۇتاش سېلىنغان. بەزىلەر قوزا، ئوغلاق، موزاي، تايلار. . . نى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆيلىرىدە باقىدۇ. ئۆيلەرنىڭ قازان - چۆگۈن، تاۋاق - قوشۇق، ئوتۇن، ئوت - چۆپ، يۇندا، ئەخلەت، سۈپۈرگە، قىسقاچ، داسمال - لۆڭگە. . . بۇلۇڭلىرى بىرلا. «بىسمىللا، دەپ يېگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ھالال، ھەممىسىلا پاك . . . » دەيدىغان چۈشەنچە - ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چۈشەنچىسى.

ئىزدىنىپ بىلىشىمىزچە، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ ئىپتىدائىي ئادەتلىك ئادەملەر يۇرتىنىڭ 1945 - يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1840 بولغان بولسا، 1994 - يىلىدىكى نوپۇسى 2300 ئەتراپىغا يەتكەن. دېمەك، 49 يىلدا ئارانلا 460 نوپۇسى كۆپەيگەن. پۈتۈن يۇرت تەۋەسىدە ئاغرىق - سىلاق، بىمار . . . . بولمىغان ئائىلە ئاساسەن يوق. بۇ يۇرتتا نەسىل قالدۇرالمايدىغان، قوتۇر، مايماق، نېرۋىسى ئاجىز، ئەرەجمەن، ئىش - ئەمگەك مادارى ئاجىز، تەندە سۈپەتسىز . . . ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى مېنى ئېچىندۇردى. مەن بۇ يەرنىڭ تازىلىق مۇھىتى بىلەن بىر قەدەر تونۇشقاندىن كېيىن، بۇ يۇرتنىڭ مۇناسىۋەتلىك يېتەكچىلىرىگە بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكلىپ تەرىقىسىدە تەكىتلىدىم. بۇ يەرنىڭ باشلىقى «A خېنىم» جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «. . . بۇ يەردە توك يوق، سەھىيە خىزمىتى يوق. داۋالىنىش، دوختۇر چۈشەنچىسى يوق، زامانىۋى قاتناش راۋانلىقى يوق. مائارىپ، مەدەنىيەت . . . . نىڭ تەسىرى يوق ھېسابىدا. ئەنئەنىۋى ئادەت - ، ئاتالغ قىلغانىنى قىل، دىن چەتنەش گۇناھ بولىدۇ. ھۆكۈمەتكە بويۇنتاۋلۇق قىلمىساقلا بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. . . »

تازىلىق - پاكىزلىق ھاياتنىڭ جېنى. تازىلىق ئادىتى بولمىغان ئەلنىڭ ئاقىۋىتىدە نەسلى قۇرۇيدىغانلىقى ئېنىق. «ھۆكۈما تەسنىپلىرى»* دېگەن ئەسەردە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز مۇنداق قەيت قىلىنغان: «. . . جاي - ماكانلىرى، ئادەملىرى مەرەزلەشكەن ( تۇرمۇش ئادىتىگە

---

* «ھۆكۈماتەسنىپلىرى» - مىلادى 1881 - يىلى ئەتراپىدا يەكەنلىك ئۇيغۇر تېۋىپ ئۆلىمالوقمان ئارسلانى ھەزرىتىم تەرىپىدىن تەييارلانغان تىببىي قولليازمىلار توپلىمى. بۇ توپلامدا 16 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم قىممەتلىك ماتېرىياللار كۆرسىتىلگەن.

تازىلىق ئۈزلەشمىگەن. ئا) كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق تەقدىرى، ئەقلى، غورۇرى، تەبىئىتى غەش (پەس تەبىئەتلىك)، قىلىقلىرى ـ ھەرىكەتلىرى زەئىپ بولۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەنجۇ ئەلەم، بىۋاقىت قازا ـ ئۆلۈم كۆپىيىپ بارار. تەن قورامى بىكىرەك، ساپاسى تۆۋەن، ئىش ـ ھەرىكەتتە كوچسىزلار كۆپ چىقار. ئۇنداقلارنى ئاللازامان زەبۇنلۇقىدىن، زامان خورلۇقىدىن يىراق قىلماس ... نەسلى تۈگەر. . . »

بىزنىڭ بەدەن تازىلىقى، كىيىم ـ كېچەك تازىلىقى .. ئېڭىمىزمۇ ناچار، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئېڭى تۆۋەنرەك ئاۋام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زامانىۋى تازىلىق مەدەنىيىتى يوق دېيەرلىك. شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا چىش بۆلۈمىنىڭ مەرھۇم چىش دوختۇرى ئابدۇرېھىم زەينالوۋ يېزىپ قالدۇرغان بىر پارچە ئەسلىمىدە بىزنىڭ بۇ قارشىمىزنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق قۇرلار بار: «... مېنىڭ چىش دوختۇرلۇق تارىخىمدا تولىمۇ ئېچىنىپ ئەسلەيدىغىنىم: 1. ئاۋام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چىش چوتكىلاش ـ چىشنى پاكىزىلەپ تۇرۇش ئادىتى بەك سۇس ياكى يوق دېيەرلىك. چىشتىن كېتىش ئېغىر. 2. ئېغىز ـ بۇرۇن تازىلىقى ياخشى ئەمەس. ئاغزى ـ بۇرنى سېسىق پۇراپ تۇرىدىغانلارنى نەدىلا بولمىسۇن ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ...»

ئاي ـ ئايلاپ سۇغا چۈشمەي، بويىنىنى قاشلاپ توگرىنى، قوينىنى قاشلاپ كىرىنى تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ تاشلىۋېتىپ تۇرىدىغان، قاشلىنىپ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن، تازىلىقتا بويىنى بىلەن تاپىنى ئوخشاش، بۇرنىدىن قاقاچ، كۆزىدىن چاپاق... ئۈزۈلمەيدىغان قاسماق ئۇيغۇرنى نەدە يوق دېيەلەيسىز؟

بىزدە مۇنچا كەسپى ئېتىبارسىز كەسىپلەرنىڭ بىرىدۇر. مەن پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىنى ئارىلاپ، بۇ تۆت ناھىيە تەۋەسىدىكى 58 يېزا ـ بازارنىڭ 49 ىدا جامائەت مۇنچىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ناھىيە مەركەزلىرىدىمۇ مۇكەممەل ئاممىۋى مۇنچىلارنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئېيتىش ئۇلارنىڭ تولىسى مۇنچا ئەمەس سەرراپ. ئاممىۋى ھاجەتخانىسى يوق چوڭ ـ كىچىك يېزا بازارلىرىنى نەدىلا بولمىسۇن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ تازىلىق تۇرمۇشىمىزدا پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىك قالاقلىق، جاھالەتچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېتىۇ. سۇنى، رىزقىنى، ماكانىنى، مۇھىتىنى، تىرىكچىلىكىنى، كەسپىنى، جابدۇق، مال ـ ۋاران ھەم ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى، بەدەننى، كىيىم ـ كېچەكنى، تۇرمۇش بىساتلىرىنى پاك تۇتۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش ھەم بۇ توغرىدىكى تەشەببۇس، تەۋسىيەلەرنى ئۆز جەمئىيەتلىرى ئۈچۈن قاتتىق مەنىۋى تەلەپنامە ۋە ۋۇجۇدى شەرت قىلالمىغان خەلق ياكى مىللەت ـ نەسچىلىكتىن ئۆرە كەلمەيدىغان، ئىستىقبالدىن يىراق، تەقدىرى غۇۋا مىللەت بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىقتۇ؟

## بىزدىكى غەيۋەتخورلۇق

قەيەردە نادانلار، بىكار تەلەپلەر كۆپ بولسا، شۇ يەردە قۇرۇق گەپ، غەيۋەت ـ شىكايەت كۆپ بولىدۇ.

«ئەقلىيەلەر» دىن

مەن بىتاپچىلىقتا ئۆيدىن چىقالماي قالغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە كونا ساۋاقداشلىرىمدىن ئۈچ ـ تۆتى كېسىلىمنى يوقلاپ، ئۆيىمىزگە يىغىلىپ قالدى ـ دە، داستىخان تەييار بولغۇچە ئىككى ـ ئۈچ سائەت مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

ـ ... مېنىڭ بىر ئوغلۇم قاچان ئاشۇ ئاداشنىڭ بالىسى بىلەن ئارىلاشتى، شۇندىن بېرى «يانچۇقچى»، «لۈكچەك»، «قىزىلكۆز» ... دېگەندەك گەپلەردىن نېرى بولالمىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بالىسىنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتىمىش. «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك، بۇ ئاداش يەنە ئەيىبنى ئۆزىنىڭ يانچۇقچى بالىسىدىن كۆرمەي، تېخى مېنىڭ بالامدىن كۆرگىدەكمىش... بۇرۇندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى خەققە دۆڭگەپ ئۆگىنىپ قالغان نېمىدە، ئۇ.

ـ راست، مېنىڭ ئوغلۇمنىمۇ ئاشۇ ئاداشنىڭ شۇ ئوغرى ھارامسى ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ «ئاق» چېكىدىغان قىلىۋەتتى...

ـ ئەسكىدىن تۆرەلگەن بالا ئەسكى بولماي نېمە بولاتتى؟ ئۇنىڭ قايسىبىر بالىسىنى ياخشى دەيسىلەر؟ شۇئا بىر قىزى ئەر ئالماي كوچىغا چىقىپ قالدى... ئادەملەرنى كۆيدۈرۈپلا كەلگەن ئۇ مۇناپىقنىڭ تارتقۇلۇقى، كۆرگۈلۈكى بار تېخى...

ـ جان باقالماي دائىم بىزدىن قېپىنىپ يۈرىدىغان ئۇ قەلەندەر ئازراق ئەمەل تېگىپ ھال ـ كۈنى سەل ياخشىلىنىۋىدى، بىزدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ بىرەر بالىمىزنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىدى...

مېھمانلىرىم داستىخاندا يېگەچ ـ ئىچكەچ ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر كونا ساۋاقدىشى x x كوجاڭ ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك «يېغىر» تاتىلاش گەپلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى. قىزىشقاندەك شۇ سورۇنغا x x كوجاڭنىڭ ئۆزىمۇ پەيدا بولۇپ قالدى ـ دە، بىرەر قۇر ئەھۋالىمنى سورىغاندىن كېيىن، داستىخانغا يېقىنلاشقانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. مېھمانلىرىمىزدىن بىرى: «قوللىرىنى يۇيىۋالسىلا كوجاڭ» دەپ چۆگۈن كۆتۈردى، يەنە بىرى ئالدىراپ لۆڭگە ئۇزاتتى، يەنە بىرى قىزىق چاي قۇيۇلغان پىيالىنى ئالدىغا قويۇپ: «قېنى، داستىخانغا...» دەپ ئۇنىڭغا ئېگىلدى. بىزمۇ داستىخاننى بىر قۇر تۈزەشتۈردۇق. داستىخاندا «ئالسىلا ـ باقسىلا» دېگەن تەكەللۇپ قىزىپ كەتتى.

توۋا دېگۈلۈك! تېخى 10 مىنۇت بۇرۇنلا «ئەسكى بالىنىڭ دادىسى»، «ئاق چەككۈچىنىڭ دادىسى»، «تالاي ئادەملەرنى كۆيدۈرگەن مۇناپىق»، «تۇغقانغا كۆيۈمسىز» لىكتە سەت كۆرۈنۈپ غەيۋىتى قىلىنغان x x كوجاڭ 10 مىنۇتلاردىن كېيىنلا، بۇ بوۋايلارنىڭ بىرسى قولىغا سۇ قۇيىدىغان، بىرسى لۆڭگە ئۇزىتىدىغان، يەنە بىرسى ئىسسىق چاي تەڭلەپ دونداقلايدىغان، تۆرگە باشلاپ خۇشامىتىدە تۇرىدىغان «ھۆرمەتلىك ئادەم»، «بەلەن ئادەم» گە ئايلىنىپ بولدى ـ دە، «يېغىرى» يوق ئادەم بولۇپ

چىقتى. 50 - يىللارنىڭ ئالدى مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، 90 - يىللارغىچە «يۇقىرى مەلۇماتلىق كادىر»، «ئالىي ئۇنىۋانلىق زىيالىي»، «باشلىق» ئاتىلىپ كەلگەن، 90 - يىللاردىن بىرى پېنسىيىگە ئۆتۈپ ئوخشاشلا «جەمئىيەت پېشىۋالىرى» بولۇپ قالغان بۇ كونا ساۋاقداش بوۋايلارنىڭ يۇقىرىقىدەك غەلىتە - غەشتى خاراكتېرىنى نېمە دېسەك بولار؟ «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېيىشىپ يۈرىدىغان بۇ خىل ھۆرمەتلىك پېشقەدەم بوۋايلىرىمىز ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى مۇشۇنداق قىلمىقلىرى بىلەن داۋام ئەتكۈزۈۋەرسە، بىر - بىرىنى غاجاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، غاجىشىۋېرىپ پېتىشمايدىغان غەيۋەتچى ئادەملەرنىڭ «ئۇستازلىرى»، «دورام كۆزنىكى» بولۇپ قالماسمۇ؟ «ئاتاڭ قىلغاننى قىل»نى تەرغىب قىلغانلىق بولماسمۇ؟ ئارىمىزدىكى جەمئىيەتلەشكەن غەيۋەت تۈرلىرى - «خوتۇن خەقلەر غەيۋىتى»، «ئەپەندىلەر غەيۋىتى»، «ھۆپپىگەرلەر غەيۋىتى»، «كاسىپلار غەيۋىتى»، «ئۇرۇق - تۇغقانلار غەيۋىتى»، «زىيالىيلار غەيۋىتى»، «سەنئەتچىلەر غەيۋىتى»، «موللىلار غەيۋىتى»... دېگەندەك شاخ - پۇتاقلىق غەيۋەتلەر تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئەنە شۇنداق ھۆرمەتلىك «پېشىۋا بوۋايلار غەيۋەتلىرى»، جانابىي «ئاقساقاللار غەيۋەتلىرى»، «ئۆلىما - ئاخۇنلىرىمىز غەيۋەتلىرى»، قېرى «بۇۋىم - مومايلار غەيۋەتلىرى» دىن كۆكلەپ كۆپەيگەن غەيۋەتلەر ئەمەسمۇ؟ غەيۋەتخور ئائىلىدىن غەيۋەتخور باللار چىقمامدۇ؟ غەيۋەتخور بوۋاي - مومايلار باققان باللار غەيۋەتخور ئادەم بولماي نېمە بولماقچىدى؟

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە: خالايىق، غەيۋەت قىلماڭلار، غەيۋەت بار يەردە تۇرماڭلار! گەپ توشۇماڭلار! يەنى «يېغىر»ىڭلارنى تاتىلاشماڭلار، «چاۋاڭ» لارنى چىتقا يايماڭلار! بىر - بىرىڭلارنى كولىماڭلار، ئارا بۇزماڭلار! ئارا بۇزغانلارنى يەكلەڭلار، توسۇڭلار! دەپ ۋەز - نەسىھەت قىلىپ ئەلنىڭ رەھمىتىنى ئالغان مۇنەججىم پېشقەدەملىرىمىز زادى قانچىلىكتۇ؟

غەيۋەت - بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە نورمال تۇرمۇش شەكلى ئەمەس. ئۇ، جاھالەتچىلىك زامانى - 18 - ئەسىردىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە داۋام قىلغان نادانلاشتۇرۇش يۈزلىنىشلىرىدە ئەجدادلىرىمىز روھىيەتلىرىگە يۇقۇپ سىڭگەن بىر خىل روھىي رەزىللىك. بىز ئۇنى خۇددى «خوجىلار ئەمىر - مەرۇپلىرىدىن كەلىمە» دە تەكىتلەنگەن: 1. تىنىق بىلەن تىنىق زىتلىقى قويۇق ئەلدىن؛ 2. تالاش - تاتىلاش... بېسىلمايدىغان تەرسالار يۇرت - ماكانلىرىدىن؛ 3. تۈتۈن بىلەن تۈتۈن، ئۈن بىلەن ئۈن (ئاۋاز بىلەن ئاۋاز - ئا) قوشۇلمايدىغان، بىر بولالمايدىغان قەۋملەر، پۇقرالار ئارىلىرىدىن ئۇلۇغ «پىرزادە» لەر، «ھاكىمى ئۇلۇغلار» غەمسىز، مۇرادى ھاسىل جاھان تۇتارلەر، شۇبھى قىلماسلەر، دەۋرى - دەۋرانلىرى غالىب، ئەبەدلىئەبەد سولماس ... لەر، دېيىلگىنىدەك، تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئەزگۈچى جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئەجدادلىرىمىز روھىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىچكى دۈشمەنلىك ۋە تەپرىقەچىلىك ئۇرۇقىنىڭ قالدۇق ئۇندۇرمىلىرىدۇر، دەپ قارايمىز ھەم غەيۋەتخور مۇسۇلمانلىقىدىن،

غەيۋەتخور ئادەمنىڭ توغرا ئادەملىكىدىن شەكلىنىمىز، ئەلۋەتتە.

بىزدە مەنپەئەت، زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان سۈركىلىش غەيۋەتلىرىنى ئاز دېگەندەك، تىل قوپاللىقى، مىجەز قوپاللىقى، تۇرمۇش - مۇناسىۋەت قوپاللىقى، ھەسەت، ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىكنى مەنبە قىلغان ئىجتىمائىي ئاڭسىزلىقتىن پەيدا بولغان غەيۋەت تۈرلىرىمۇ خېلى بار. مۇنداقلا چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىز يامان گەپ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىل داۋام قىلىدىغان، ھەتتاكى ئۆلگۈچە ئايىغى چىقمايدىغان بىزارلىقنى پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋال بىزنىڭ خاراكتېرىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن. بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى ئەپۇ قىلىش ياكى: «خاپا بولماڭ» دەپ ناماقۇل بولۇش بىزنىڭ مىجەزىمىزدە يوق. «گەپ - سۆز ئاداۋىتى» ئارىمىزدىن ئۈزۈلمەيدۇ. «گەپ - سۆز غەيۋىتى» نىڭ ئاۋۇپ تۇرغىنى تۇرغان. گەپ توشۇيدىغانلارنىڭ بازىرى ئىتتىك. غەيۋەتنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈش، ھەق - ناھەقنى ئايرىش بىزگە سىجىل ئادەت ئەمەس. ئاڭلاپلا ئىشىنىش، ئاڭلاپلا تەگەپ كېتىش بىزدىكى كالتە مىجەز.

مەن بىزنىڭ جەمەتىمىز ئىچىدە بەش بىر تۇغقاننىڭ «گەپ - سۆز غەيۋىتى» بىلەن «قورساق ئۇرۇشى» قىلىپ ياتلىشىپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىمەن: چوڭ ئاچا چوڭ ئىنىسىنى «تەتۈر پېشانە، لۈكچەك» لىكتە تىللايدۇ. چوڭ ئىنىسى ئاچىسىنى «بۇزۇق، قىزلىرىنى يولدىن چىقىرىۋەتتى» دەپ سۆكىدۇ. كىچىك ئاچىسى ئوتتۇرانچى ئىنىسىنى «خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. كىچىك سىڭلىسى كىچىك ئاكىسىنى «خوتۇنىنى كونلىمەيدۇ، گۆشباش» دەپ تىللايدۇ. دېمەك، بۇ يەردە «تەتۈر پېشانە»، «بۇزۇق»، «گۆشباش» ئاتالغۇلىرى ئۇلارنىڭ قان - قېرىنداشلىقىنى ئاللىقاچان بۇزۇۋەتكەن.

بۇلاردىن x x يەڭگەم چوڭ ئىنىسى x x ئۇستام ئۈستىدە زارلاپ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئىنىم بولغان ئادەم مېنى: ‹تەتۈر پېشانىلىكىدىن ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، تۆت بالىسى بىلەن ياشلا تۇل قالغاندى، ئەمدىلىكتە قولى ئىشقا تەگكەن بىر ئوغلىنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ. تۇۋا قىلمىسا خۇدايىم يەنىمۇ چوڭراق خاپىلىققا سالىدۇ تېخى... › دەپتىكەن. ئاكامنى خۇدايىم تېخىمۇ ئۇردى. تۆت باللىق خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ باللىرى ئۆگەينىڭ قولىغا قالدى. بىر ئوغلى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى... خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقالماي بىزنى تاشلىۋەتتى. باللىرىنىڭ ھەممىسىنى خارىزار قىلىۋاتىدۇ... قايسىمىزنىڭ تەتۈر پېشانىلىكىنى كۆرىمىز تېخى...»

مۇشۇنداق چويلىغا چىقمايدىغان گەپلەر تۈپەيلى x x يەڭگەم ئىككى قېتىم مۇسىبەتلىك بولغاندا، x x ئۇستام ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرەر قېتىممۇ پاتىھە قىلىپ بېرىپ قويمىدى. x x ئۇستام ھەم ئۇنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، x x يەڭگەم ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى. x x يەڭگەمنىڭ باجگىر ئوغلى x x ئۇستامنىڭ قاسساپ

ئوغلىنىڭ تىجارىتىدىن قوسۇر چىقىرىپ ئۈچ قېتىم ئېغىر جەرىمانە ئالغىنى ئۈچۈن x. x. ئۇستام ئائىلىسى بىلەن x. x. يەڭگەم ئائىلىسىدىكىلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئېغىر جېدەل يۈز بېرىپ، ياجىگىر يىگىت ئۈچ ئاي دوختۇردا يېتىپ چىقتى. ئۇنى ئۇرغان قاساپ يىگىت 29 مىڭ نەچچە يۈز يۈەن دوختۇر پۇلى تۆلىدى، بىر يىل قامالدى. ھازىرقى كۈنلەردە x. x. ناھىيە بازىرى بويىچە بىر - بىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشتە بۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغانلار يوق. دېمەك، قۇرۇق گەپ غەيۋەتتى ئۇلارنى ئۆز پۇشتىلىرىنىڭ رەقىبلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

دەرۋەقە، بىزدە غەيۋەت - شىكايەت ياكى ئورۇنسىز ئۆسەك سۆزلەر چاتىقى بىلەن بولۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي سورۇقچىلىق ياكى نومۇستىن ھالقىغان زىدى پەسلىك (ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى، ئائىلىلەر مۇناسىۋىتىنى، ئەر - خوتۇنلار مۇناسىۋىتىنى، ئاتا - بالىلار مۇناسىۋىتىنى، ئەل - ئاغىنىلەر مۇناسىۋىتىنى، جامائەت مۇناسىۋىتىنى. . . بۇزۇپ، يىرىكلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان غەيۋەت - شىكايەتچىلىك رەزىللىكى) نىڭ بىزنىڭ مىللىي روھىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى راست. لېكىن بۇنىڭ قەبىھ ئىللەت ئىكەنلىكىنى سېزىدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. بىز 1970 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئولتۇرغان «ئۇيغۇر كەنت» دە كەنت مەسچىتىنىڭ تۆگكان ئىمامى x x ئاخۇن بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەيۋەت - شىكايەتچىلىك ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر يىلدا مەسچىت جامائىتى ( 60 - 70 ئادەم) ئارىسىدا 30 نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك ئۇرۇش - جېدەل بولدى. بۇنىڭ 23 قېتىملىقى غەيۋەتچىلەرنىڭ گەپلىرىدىن كېلىپ چىققان. تۆت ئەر - خوتۇن ئاجراشتى. ئوتتۇرىدىكى سەۋەب شۇ: «سەن ئۇنى دەپسەن، سەن پالانچى بىلەن مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپسەن. . . »، دېگەندەك ئارا بۇزۇش گەپلىرى. . . سىلەر خەقلەردىكى بىر ئادەت: بىرىنى بىرى كوچىلاش، تالادا ئاداش، ئۆيدە تاتىلاش، كۆرۈشكەندە دوست، كۆرۈشمىگەندە كۈس - كۈس. تۆت خوتۇن بىر يەرگە كەلسە قىلىشىدىغىنى غەيۋەت ، تۆت ئەر خەق بىر يەرگە كەلسە قىلىدىغىنى غەيۋەت. غەيۋەتتىن باشقا ھېچ گەپ يوق . . . »

بىزدە ئۆزىنىڭ غەيۋەتكە ئامراقلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان غەيۋەتخورلار ناھايىتى ئاز. ئۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۆزلىرىنى ئاقلىشىدۇ. دەۋاتقانلىرىنىڭ بەر ھەق راستلىقى ئۈچۈن تېخى قەسەممۇ قىلىشىدۇ. بار غەيۋەتنى ئۆزى قىلىپ تېخى ھېچكىمگە يان باسمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئەمما - پاكىتتىن ئۆلگۈدەك قورقۇشىدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىپلا قالسا، باشقا بىر گەپلەرنى تېپىشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ. بۇ خىل غەيۋەتخورلۇق ئۇسۇلى غەيۋەتخورلارنىڭ بازىرىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. نەتىجە - ئاقىۋەتتە، غەيۋەت تۈگىمەيدۇ، غەيۋەتخور تۈگىمەيدۇ. مۇھىمى ئەلدە ئىناقسىزلىق، نىزا - ئاداۋەت، تەپرىقىچىلىك تۈگىمەيدۇ. خۇددى «سەئدىنامە» دە ئېيتقاندەك: «. . . غەيۋەت - شىكايەت تۈگىمىگەن ئەلدە غەۋغا، خۇسۇمەت بېسىقمايدۇ. رەنجى - ئەلەم كۆپ بولىدۇ. ئادەملىرى خار ۋە بىئېتىبار كېلىدۇ. بىرلىك بۇزۇلۇپ، ھەرىكەتلىرى بەرىكەتسىز بولىدۇ». (M1)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىللىق سانلىرىغا تولۇقلاپ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولالمىغانلار ياكى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانلىرىنى پارچە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ مۇشتىرى بولۇشى، پارچە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. باھاسى 3 يۈەن، يېرىم يىللىقى 9 يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 18 يۈەن. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - نومۇرلۇق قورۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدە) دا. تېلېفون نومۇرى: 2823622، ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

پوچتىدىن ئەۋەتىش تەننەرخى قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ھاجەتمەنلەرگە تەھرىر بۆلۈمىمىز خەت ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، پوچتىدىن پارچە ژۇرنال ئەۋەتىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى سورايمىز.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

# ئۆزىمىزنى ئېتراپ قىلايلى

ئەخمەتجان ئۆمەر



## ئۇلۇغۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى

«ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا» دەپ، ئادەمدە نېمە كەم بولسا، شۇنىڭ گېپىنى تولا قىلغاندەك، بىز خەقتە ۋەتەن ھەققىدە شوئارلاشقان دەبدەبىلىك ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر سامان نەرقى؛ ھازىرغىچە ئېيتىلىۋاتقان سان - ساناقسىز ئىجادىي ۋە شالغۇت ناخشىلىرىمىزدا «ۋەتەن ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەيدىغان يالغان قەسەم تولا چاينالغانلىقتىن، بۇ مۇقەددەس سۆزمۇ لاۋزىلىشىپ، ئېتىماس بولۇپ كەتكەن. ئىش يۈزىدە بولسا، ئەسكى چاپان، پۇچۇق تامدا ياشاپ كۆنگەن بۇ سېسىق جېنىمىز ئۆزىمىزگە بەكمۇ تاتلىق. شۇڭا ۋەتەنگە جان پىدا قىلىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ۋەتەن، مىللەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىشى بولغان مائارىپقا پۇل ئىئانە قىلىشقا توغرا كەلسە، بىزدىن ئىككى - ئۈچ تال پۇچۇق يارماق چىقىمىقى بەسىي مۇشكۈل. ئۇنداق چاغلاردا بىر تىيىننىڭ ئۈششۈكىدىن مىڭ ئۆتۈپ، قولىمىز بىلەن يانچۇقىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە ئايلىق يول پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بىز خەقنىڭ ئەۋلىياسىمۇ ستالىن بىزنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمىگەنىكەن.

زامانىسىدا، ئەل ئىچىدە تارالغان ئىبرەتلىك پاراڭلاردىن بىلىشىمىزچە، شىبىك شىسەي ئىلغارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا ستالىنغا: «مەدەنىيەت ئاقارتىشى ئېلىپ باراي دېسەم، بۇ خەق بەك نامراتىكەن. خېلى بايلىرىمۇ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقىلى بەرمەي، ساپلا كەمبەغەل - يوقسۇللارنىڭ بالا - ۋاقىلىرىنى ھاشارنىڭ ئورنىدا ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. سىزدىن ئالغان قەرزنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن» دەپ قاقشىسا، ستالىن كۈلۈپ قويۇپ: «كەم سىزگە ئۇيغۇرلارنى نامرات دەيدۇ. ئۇلار ئەسكى چاپان كىيىپ، ۋەيرانە تاملىقلاردا ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان جاھىلىيەت ئىچىدىكى نادان خەلق. ئاشۇ ئەسكى چاپانلىق بايلار تاملىرىنىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ ساقلاۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى چىقىرىدىغان بولسا، موسكۋادەك چوڭ سانائەت شەھىرىدىن نەچچىنى قۇرۇشقا قۇربىتى يېتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ تاملىرىنى كولاپ بېقىڭ» دەيدۇ. دېگەندەك، شىبىك شىسەي بايلارنى تۇتۇپ سولاپ، ئالتۇنلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ يىغقاندا ھەيران بولغىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. بۇ گىرى بايلار سىقىپ ئالقىنىدىن چىققاننى يالاپ، يېمەي - ئىچمەي يىغقان ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈشلىرىدە زاۋۇت قۇرماي، پەن - مائارىپ بىلەن شۇغۇللانماي ئاخىر ھەممىنى شىبىك شىسەيگە تاغدەك دۆۋىلەپ بېرىپمۇ ئاشۇ ئەسكى چاپان ئىچىدىكى سېسىق جېنىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇلار ئاللا پايدىلان، دەپ بەرگەن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئەسكى تاملىرىنىڭ ئۇلىغا قانداق كۆمگەن بولسا، شىبىك شىسەيمۇ ئۇلارنى ئەسكى تاملارنىڭ ئۇلىغا تىرىك پېتى شۇنداق كۆمۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ پۇلىغا قورال - ياراغ ئېلىپ، ھېلىقى بايلارنىڭ بالا - چاقا، قەۋم - قېرىنداشلىرىنى قىردى.

ھازىر شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك بايلار ئىچكى ئۆلكىلەردە ھەتتا شىنجاڭدا كاتتا زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ شۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇشى ئۈچۈن يار - يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. بىزدە بايلار يوقمۇ؟ چەت

ئەللەردىچۇ؟ بايلارغۇ بار، ئەمما ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان قاقىدىغان ۋەتەنپەرۋەر بايلار زادى قانچىلىك؟ ئەدناسى، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلارغىلا نەزەر سالايلى: بىزدىكى ئىنسانىي غۇرۇر، ئەرلىك ۋىجدانىنى يوقاتقان بىر قىسىم سولامچى هارام تاماقلار يۇرتىمىزدىكى چىرايلىق قىزلارنى جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپلەردىكى مەيخانا، رېستوران، كېچىلىك ئىشرەتخانىلارغا ئالداپ ئاپىرىپ سېتىپ ياكى شۇ يەردىكى بايلارغا ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىپ باي بولۇۋاتامدۇ؟ ئۆتكەندە قۇمۇلدىن شېنجېنغا كوماندىروپكىغا بارغان ئۈچ نەپەر خەنزۇ يىگىت بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ: «نەگە بارساق بىزنىڭ شىنجاڭلىق قىزلار مەيخانىلاردا ئاياغ ئاستى بولامدۇ. ئىسىت، سېنىڭ شىنجاڭلىق بولغىنىڭغا» دەپ بەزى ئۇيغۇرلارغا لەنەت ئوقۇپ مەيخانىدا جېدەل چىقارغانلىقتىن، تاياق يەپ سولاقخانىغا كىرىپ قالغانلىقىدەك تەسىرلىك هېكايىمۇ تارقالدى.

ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك پەسلىك بىلەن پۇل تاپقان بىزدىكى هارامزادىلەر يەنە شۇ پۇلغا خىروئىن ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، ئىنى - سىڭىللىرىغا چەكتۈرۈپ باي بولۇۋاتىدۇ. ئۆز خەلقىنى خانىۋەيران قىلىش بەدىلىگە باي بولۇپ، بۇ بايلىققا هەشەمەتلىك تويلارنى قىلىپ، ئوسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن تۇتاملاپ پۇللارنى ئۆرۈپ بۇزۇپ - چېچىۋاتقانلار دەل ۋەتەننى، ياۋاش، ساددا خەلقىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سورۇۋاتقانلار، خالاس. هالالدىن پۇل تاپقانلار هەرگىزمۇ بۇنداق هارام تاماقلىق - بەتخەجلىك قىلمايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئاۋام خەلق بېشىنى كۆتۈرمەي ئۈتلاۋاتقان قوي پادىسىدەك پەرۋا قىلماي ئۆز قورسىقىنىڭ غېمىدە بولۇۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، خەلق بۇ ئىشنى خۇداغا قويۇپ، خۇدا بۇ ئىشنى «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دەپ خەلققە تاشلاپ كۈنلەر ئۆتۈۋېرىدۇ. بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز تۈگەشكەن.

يۇقىرىقىلار دەل ئۆلۈۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روهى ياراتقان رېئاللىقتىن بىر قىسقا كۆرۈنۈشتۇر، خالاس.

## هاراق - شارابقا بېرىلىشنىڭ جەمئىيەتلىشىشى

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلىرىمىز هاراق ئىچمەكچى بولسا: «ئەل - جامائەت كۆرۈپ قالسا، سەت تۇرىدۇ» دەپ نومۇس قىلىپ، يوشۇرۇن ئىچەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار هاراق ئىچمىسە ئەل قاتارى ئولتۇرۇش - قوپۇشلاردىن قېلىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان غەلىتە ئادەت شەكىللەندى. قىزلارمۇ ئىچىدىغان بولغاندىن بۇيان هاراق ئىچمەيدىغان يىگىتنى يىگىت هېسابلىمايدىغان بولغانمىش. شۇڭا، هازىر ئۇيغۇرلىرىمىز هاراق جامائىتى ۋە مەسچىت جامائىتى، دەپ ئىككى جامائەتكە بۆلۈنمەكتە.

كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىدە ئاتا بىلەن ئانا مەسچىت جامائىتى، ئوغۇل بىلەن قىز هاراق - تانسا جامائىتى بولۇپ قالدى. ئىككى جامائەتنىڭ بىرسىگە تالاپ قاتناشمىغان ئادەم چوقۇمكى جەمئىيەتتە قاتارغا ئۆتمەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىز خەقنىڭ سورۇنلىرىدا، هاراق جامائىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكەن هاراقلىرى، ئىچىپ قىلىنىشىۋېلىپ قىز - ئاياللار بىلەن ئوينىغان تانسىلىرى، مەستلىكتە قىلغان بۇزۇقچىلىقلىرى هەققىدە لاۋزىلىق بىلەن ماختىنىپ سۆزلەشسە، مەسچىت جامائىتى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدىن ماختىنىپ، دىن هەم قىنىدىن چىققان هاراقكەشلەر، بۇزۇق - زىناخورلار ئۈستىدە دادلاپ قاقشاش بىلەن ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. ئادەملىرىمىزگە قىلىدىغان باشقا ئىش، گەپ، غەم بولمىغاندىكىن مۇشۇ ئىشلارنىلا سۆزلىشىدۇ. بولۇپمۇ هاراقكەشلىك ئاپىتى شەهەرلەردىنمۇ كۆرە يېزىلاردا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ.

مەن بىز خەقنىڭ نى - نى زىيالىيلىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇنلاردا ئۇلار مېنى: «سەن هاراق ئىچمىسەڭ، يا تاماكا چەكمىسەڭ، يا تانسا ئوينىمىساڭ، بۇ دۇنيادا ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەهمىيىتى؟» دەپ ئەيىبلەشتى. مانا بۇ، هاراق جامائىتىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ ئەهمىيىتى ۋە هاياتلىقنىڭ هۇزۇر - هالاۋىتى ئۈستىدە چىقارغان خۇلاسىسى.

بۇ دۇنيادا ئادەمگە ئەمگەك قىلىش، بالا تەربىيىلەش، ئىبادەت قىلىش، ئىلىم - هۈنەر ئۆگىنىش، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، بىركىمگە ياخشىلىق قىلىشتەك چىن مەنىسى بىلەن هۇزۇرلىنىدىغان خەيرلىك ئىشلار كۆپ تۇرۇپ، ئاشۇ مەستلىكتىن هۇزۇرلانسا، مىللىتىمىز راۋاج تاپماقچىمۇ ياكى هاراق بىلەن زەهەرلىنىپ ئاۋۋال ئەقلىنى، بارا - بارا ئۆزىنى هالاك قىلماقچىمۇ؟ بۇ يەردە ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ئورنىغا مۇنداق ئېچىنىشلىق ئىككى تارىخىي ساۋاقنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايىكى، روسىيىلىك بىر ئالىم روس مىللىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ناپالىيوننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن روهى كۆتۈرۈلۈپ تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ماڭغان روس مىللىتى هاراققا، بۇزۇقچىلىققا بېرىلىش نەتىجىسىدە چۈشكۈنلەشتى» دەپ هەسرەت چەككەن؛ ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار هەققىدە يېزىلغان بىر كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاجايىپ بۈيۈك، ئۆلمەس تۆهپىلەرنى قوشقان ئىندىئانلار هاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە ۋەيران بولۇپ، بارا - بارا مەهكۇملۇققا چۈشكەن. ئەسلىدە ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئەنگلىيىدىن كەلگەن دېڭىزچىلارغا ئامېرىكىنىڭ يېرىمىنى 500 بوتۇلكا هاراققا تېگىشكەنىكەن.

شۇڭا بىز هاراقتىن ئىبارەت بۇ شېرىن ئەمما تۈيدۇرماي زەئىپلەشتۈرۈپ جېنىمىزنى ئالغۇچى دۈشمىنىمىز بىلەن دوست تارتىشنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرمىساق، راۋاج تېپىشىمىزدىن ئۈمىد يوق. ناپالىيون، گىتلېرلارمۇ مەغلۇپ قىلالمىغان روسلارنى ئاشۇ

ھاراق مەغلۇپ قىلغان تارىخىي پاجىئەدىن بىز ئۇيغۇرلارمۇ قاتتىق ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.

## پۇرسەتپەرەسلىك

بىر ئېسىل ئادەم ئەدىبلەر ساھەسىنىڭ باشلىقى بولىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ چىقىۋىدى، مەي باغلىغان مېۋىگە چىۋىن ئولاشقاندەك، بىر توپ كۆتۈرمىكەش قەلەمكەشلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. چىۋىن دېگەن بۇ نىجىس دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن، تاتلىق يېمەكلىككىمۇ، نىجاسەتكىمۇ ئوخشاشلا قونىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇزاققا بارماي بۇ مېۋىنى سېسىتىپ يېگۈسىز قىلىۋېتىپ، ئۆمرىدە بۇنداق بىر مېۋىنى كۆرمىگەندەك، بىلمىگەندەك يەنە باشقا پىشقان مېۋىنى ئىزدەپ كەتتى. بۇ ئادەم بۇ بىر توپ چىۋىن سۈپەت نىجاسەت زىيالىيدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئادىمىي مۇھىتقا ئېرىشتى.

مېنىڭ بىر ئەمەلدار ئاغىنەم بولىدىغان. ئۇنىڭغا تېخى مەنسەپ تەگمىگەن چاغلاردا ئۇنى تونۇيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئامەت قۇشى ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ كىچىكرەك بىر مەنسەپكە ئولتۇرۇۋىدى، نۇرغۇن ئادەم ھاجەتمەن بولۇپ ئالدىغا كەلدى. مېنى ئۇنىڭ ئاغىنىسى دەپ بىر قانچە ئادەم سوۋغا - سالاغا ئىتتىردى. ئاخىر تەڭقىسلىقتا قېلىپ، بۇ ئاغىنىمىزنى ئىزدەپ بارسام، ئۇ، يالاق يالاۋاتقان بىر توپ لالما ئىتقا ئوخشاش بەتخۇي، ۋىجدانسىز، ھارام تاماق خۇشامەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەسلىدە مىجەزى بىر تۈزۈك بۇ ساددا ئاغىنەمنى چۆرىسىدە قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ھىجىيىپ تۇرغان ئادىمىي ئىتلار ئاشۇنداق دىمىغىنى ئۆرە قىلىپ قويغانىدى. ئاغىنەم شۇ تاپتا كۆزۈمگە بەئەينى تەرەت قاچىسى تۇتۇپ تۇرغان بىر توپ مۇلازىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنجىقلاپ تەرەت قىلىۋاتقان قورچاق پادىشاھ فويىدەك كۆرۈندى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ، تېنىم تىكەنلىشەندەك بولدىيۇ، شۇنداقتىمۇ، ئاغىنەم بولغاندىكىن دەپ گەپنى ئۇدۇللىغا ئېيتىۋەردىم.

— مېنى كونا ئالغىلى قويۇڭلا، — دېدى ئۇ ئۆڭۈپ.

— خەقنىڭ ئۇنلاپ ئىشىنى يالۋۇرتماي قىلىپ بېرىپ ئەجەب ماڭا كەلگەندە كونا ئالغىلى قوي، دەيسىلەنغۇ؟ — دېدىم مەنمۇ چىڭقىلىپ.

— بىزمۇ $x$ نىڭ ئاغىنىسى. ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلا، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، شۇڭا سىلىمۇ چىرايىغا قاراپ گەپ قىلمامسىلە، ئاداش، — دېدى خۇشامەتچىلەردىن بىرسى.

— سىلە بۇ باشلىقنىڭ ئورنى بىلەن ئاغىنە، شۇڭا چىرايىغا قاراپ گەپ قىلىسىلە، مەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئاغىنە، شۇڭا گېپىم بولسا ئۇدۇللىغا دەۋېرىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭلا، — دېدى ئاغىنەم قىزىرىپ - تاتىرىپ.

— ئاغىنەڭلا يوق ۋاقتىدا مەن ئاغىنەڭلا ئىدىم، ھازىر ئاغىنەڭلا ئىتنىڭ تۈكىدىن تولىكەن. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سىلىگە خەقنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاغىنىلىرىڭلار قانداق تېز پەيدا بولۇپ كۆپىيىپ كەتكەن بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولىدۇ. شۇ چاغدا سىلىمۇ مېنى ئىزدىشىڭلا، مەنمۇ سىلىنى ئىزدىشىم مۇمكىن، — دەپ كەيپسىزلىك ئىچىدە قايتىپ چىقتىم.

مانا بۇ - ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئادىمىيلىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولۇپ، مەلۇم مەنپەئەت، غەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق، ھارام نىيەتتىن بازار تاپقان پۇرسەتپەرەسلىك! بۇ خىل پۇرسەتپەرەسلىك ۋە ئاتالمىش دوستلۇق پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك جامائەت ئەخلاقى شەكلىگە ئۆرلەپ ۋە يامراپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئەمەلدار - بايلارنىڭ ئەتراپىدا قۇلچىلىق - يالاقچىلىق بىلەن ياشاش ئادىتى بۇ ئەركەك مىللىتىمىز ئەزالىرىنىڭ خاراكتېرىدە خۇشامەتچىلىك - غالچىلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئادەملىك قەدىر - قىممىتىنى بارغانسېرى پەسلىتىپ بارماقتا.

## مىجەزدىكى سۆيۈقلۇقتىن ئىككى مىسال

بىزدە كۆپىنچە ئەركەكلەرنىڭ مىجەزى سۆيۈق كېلىدۇ.

ھەر قانداق تەمكىن، سالاپەتلىك ئەرمۇ سەل قاملاشقان ئايالنى كۆرگەن زامات قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ ئەقلىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ. قولىدىكى ئىش بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا - تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ئۇنى ئۇنتۇيدۇ. شۇڭا، مىللىتىمىزنىڭ ئەقلىنى مۇشۇ سۆيۈق مىجەزلىك بېسىپ كېتىپ، تارىختا تالايلىغان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر يۈز بەرگەن، خەلقىمىز تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى تارتىپ ۋەيران بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئادەملىرىمىز بىرەر ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ بولغۇچە باش - ئاخىرىنى ئەقىل ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاپ، قەدەمنى قانداق ئېلىش، ئاخىرىنى قانداق تاماملاشنى دىتلاپ باقمايلا ئىش باشلاپ قويىدۇ. نەتىجىدە پىلانسىز، ئالدىراش باشلانغان ئىش قىلار - قىلماي كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا ياكى سەل - پەل چېپىگە تارتقۇدەك بولسىلا خۇددى ئوتنى تارتىۋەتكەن قازاندەك ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قىزغىنلىقى تېزلا بېسىلىپ سوۋۇپ يالتىيىۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: توختا، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ باشقىچە ئۇسۇلدا قىلىپ باقاي، ئالدىنقى قېتىم قاملاشمىغان بولسا، ئەمدى قاملىشىپ قالار، دېمەي يېنىۋالىدۇ. مانا بۇ، بىزنى سالقىنقانلىق، ئەقىل - پاراسەت، تەمكىنلىكتىن مەھرۇم قىلىۋاتقان ئىللەت - ئاسان قىزىپ تېز سوۋۇيدىغان روھىي ئاجىزلىقىمىز، مەنىۋى پۈچەكلىكىمىزدىن كىچىككىنە بىر مىسالدۇر، خالاس.

## ھەسەتنىڭ تەتۈر تۇتۇشى

بىزدەك ھەسەت ئوتى تېز ئۆتىشىدىغان خەق بۇ دۇنيادا كەم تېپىلىدۇ. ئادەملىرىمىز شۇ ھەسەتنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالماي ئاسانلا چاندۇرىدۇ.

ئالايلۇق، خوتۇنلاردىن بىرەرسى يېڭى كىيىم كىيگۈدەك بولسا، ئالتىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۈچى ماي تارتىدۇ، ئىككىسى ئۆڭۈپ - تاتىرىپ تۇرۇپ مۇبارەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال قورۇنۇپ يېڭى كىيىم كىيگەنگە تويىدۇ. بۇنداق ئىچى قوتۇرلۇق - چىدىماسلىق يېزا - سەھرالاردىكى گەر - ئاياللار ئىچىدە تېخىمۇ رەزىل تۈس ئالغان بولۇپ، يېڭى كىيىمگە قەستەن ماي - پاتقاق چېچىۋېتىش، چىدىمىسا سەتلەپ تىللاپ، زورلاپ جېدەل قىلىش، ھەتتا ئېپىنى تېپىپ شۇ كىيىمنى پىچاق - بىرتۇۋادا تىلىۋېتىش، تاماكىدا كۆيدۈرۈپ تۆشۈك ئېچىپ قويۇش، سومبۇل چاچ ئاياللارنىڭ چېچىنى تويدۇرماي كېسىۋېتىشتەك دۈشمەنلىكلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئەرلەر ئىچىدىكى ھەسەتخورلۇقمۇ ھەرگىز ئاياللارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. تەڭ دېمەتلىكلەر، ھەتتا دوستلىشىپ ئۆتكەنلەر ئارىسىدا بىرەرسىنىڭ بىرەر ئىشى سەل - پەل ئوڭغا تارتىپ يۈرۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، تۇرۇپلا ئەل - ئاغىنىلەر دەسلەپتە ئۇنى گەپتە چېقىپ كەمسىتىش، چاقچاقتا يۆلەپ تىللاپ دەردىنى چىقىرىش، ئۆزلىرىچە ئۆچ بولۇپ قېلىپ ئاستىرتتىن قەست قىلىش، چېقىش، يولىغا توزاق قۇرۇش، سورۇندا ھاراقتا زورلاپ مەست قىلىپ ئۇرۇۋېتىشلار دائىملا بولۇپ تۇرىدۇ.

زىيالىيلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئۇنىڭدىن ئۆتە - چاكىنا تۈس ئالغان بولۇپ، ئۆزى بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلمايدۇ، خەق قىلسا ئۆزىچە ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايدۇ؛ كەسپداشلىرىدىن بىرەرسى سەل - پەل ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈدەك بولسا، ھەر قانچە يېقىن دوستى بولسىمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ خوتۇن خەقتەك ماي تارتىپ يۈرىدۇ. «سەن قىلغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن، چۈنكى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم» دەپ بەل باغلاپ مەيدانغا چۈشۈشنىڭ ئورنىغا «سەن قانچىلىك نېمىتىڭ، بۇ ئىشنى مەن تۇرۇپ سەن قىلىپ كېتەمتىڭ، ئەل نەرقى ئىش قىلمىغاندىكىن پېيىڭنى قىرقىيمەن شۇنداق» دېگەن تەتۈر، چاكىنا، جاھىل، خۇمسىلارچە ئاڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا بىز، بىرەرسىمىزگە ئامەت كەلسە، «ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق» بولسا، ياكى ئۇ ئامەت يانىغا كەتسە كۆڭلىمىز ئەمىن تاپىدىغان، ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىغا چىن دىلىمىزدىن سەممىي ئورتاق بولىدىغان خەلق ئەمەسمىز.

## ئۇششاق ئىشلارغا خامان ھەيدەش، چوڭ ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك

شۇ كۈنلەردە ئادەملىرىمىزنىڭ كۆزلىگەن مەقسەت - مۇددىئالىرى تولىمۇ تار - چاكىنا بولغانلىقى، مىسالى، بىرەر ئۆي سېلىش، مەلۇم بىر مەنسەپكە ئېرىشىشتەك ئادەتتىكى ئىشلارنى ئۆمۈرلۈك غايىسى بىلىپ شۇ يولدىلا كۆيۈپ - پىشىپ ئۆتىدىغانلىقى، كۆيۈش قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا تىلىگىنىگىمۇ ئاسانلا ئېرىشىدۇ. بۇ خۇددى ئېشەكنىڭ ئويلايدىغىنى بېدە، كالىنىڭ ھەلەپ بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر گەپ. بىرەرسىنىڭ تېخى: پۇل تېپىپ باي بولسام، مەھەللىمىزنىڭ كوچىسىنى ئاسفالتلاپ ياساپ، ئەھلى - جامائەتكە كاتتا مۇنچا سالدۇرۇپ بەرسەم، ئېتىزلارنى يۈركۈپ سۇغىرىدىغان قىلسام، مۇنچە ئوقۇغۇچىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتسەم، يۇرتۇمغا مۇنداق بىر كاتتا زاۋۇت قۇرسام، ئۇنىڭغا يۇرتداشلىرىمدىن مۇنچىلىك ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، يۇرتىمۇ، خەلقىمۇ سانائەتلەشسە ئاڭ تەرەققىي قىلاتتى، دەيدىغان غايىلىك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئەكسىچە، ئادەملىرىمىز ناھايىتى بىر ئىككى - تۆت تەڭگە پۇل ۋە ياكى «سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى» تەگكەنچىلىك ئەرزىمەس مەنسەپكە ئېرىشسىلا، كېرىلىپ خۇدىنى يوقىتىپ، تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا چوڭچىلىق بىلەن غادىيىپ ياشاشنى باشلايدۇ. تۈگىمەس مېھماندارچىلىق، تاغارغا سامان تىققاندەك، بۈگۈنلا يەۋالمىسا ئەتە قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك كەپلەپ يېمەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىلگەن كۆيدۈرگۈچى - كىسلاتالىق ھاراقتىن كاللا ئېلىشىپ، ئەقلىدىن توختاپ، مەلۇم ۋاقىت ئادەم قېلىپىدىن چىقىپ ئادەمىي ھايۋانغا ئايلانماق، شەھۋانىي نەپسى قۇتراپ شەرمى ھايانى ئۇنتۇماق بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىش - ئەمەلى، ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ سۆزلەيدىغان يوغان ئىشلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئىش، دەيدىغان گەپمۇ يوق. دېمەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئېڭى ئولتۇرۇش - مېھماندارچىلىق، بوزۇقچىلىق، ھاراق ئىچكەندىن، ئاياللارنىڭ بولسا گىرىم ئېڭى، كىيىم ئىچىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن تولىمۇ بىچارە ئاڭدىن ئىبارەت، خالاس. ب سورۇنلاردا بولىدىغان پاراڭلارنىڭ تېمىسى تولىمۇ چاكىنا بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك، ئەرزىمەس ئىشلارنى تالاش - تارتىش قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەيىبى بىلەن كارى يوق كەچكىچە خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ھەتتا ئۆلگەنلەرنىمۇ گۆرىدە تىنچ - ئامان ياتقىلى قويماي روھىنى داستىخانغا سۆرەپ كېلىپ ئۇنى قارىلاش، ئۇنىڭ قارىشىدىكى ئاياللار سورۇنلىرىدا بولسا، بۇ غەيۋەتلەرگە ئۇلاپ كىمنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ ياسىنىپ - تارانغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئاتىلىرى ھاراقكەش، ئانىلىرى كىيىم - گىرىمكەشلىك بىلەن بولۇپ، بالا تەربىيىلەش ئېڭىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئادەملىرىمىز بارغانچە سۈپەتسىز، پوچەك، تۇتۇرۇقسىز، كۆرۈمسىز، پاكار، كالتە پەم، زەئىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان-بوزۇلۇپ كەتكەن كونا يادىكارلىقتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. يامغۇر يېغىپ كەتكەن، بىر كىمنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن، تاماق ئوخشىمىغاندەك كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشىمىزۇ، مىللەتنى ھالاكەتكە باشلاۋاتقان ئىللەتلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ئەدناسى يۇرت - كوچا ئىسىملىرىنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز شۇنچە

چىرايلىق قالدۇرۇپ كەتكەندى، ئەمما بۇنى ئۇششاق - ئەرزىمەس ئىش دەپ قاراپ هازىر ئاغزىمىزغا كەلگەنچە ئاتايمىز. مانا بۇ ئەڭ چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئىسىم قويۇشنى كىچىك ئىش دەپ قاراپ تېگىمىز ئەرەبنىڭ ئىسمىغا ئېسىلىۋالساق، تېگىمىز ئاغزىمىزغا كەلگەننى، كىنودا ئاڭلىۋالغاننى ئويلىماستىن، مەنىسىنى بىلمەستىن باللىرىمىزغا قويۇۋالىمىز. مانا بۇمۇ چوڭ ئىشنى كىچىك ئىش دەپ سەل قارىغانلىق ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، دەريا، كۆل، بۇلاق... دېگەندەك، كائىنات ۋە هاياتلىقنىڭ ئۇلۇغ كاپالەتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەۋلادلىرىغا قويغانىدى. ئەمما بۇنداق مەنىلىك ئىسىملار بارا - بارا كىچىك ئىش دەپ قارىلىپ پەيدىنپەي يوقالغىلى تۇردى. پۇتكۈل ئىنسانىيەت ئۆز ئىسىم - فامىلىسى ئارقىلىق تارىخنى بىلىشكە ئادەتلەنسە، بىز خەق فامىلە ئىشلىتىپ ئىسىم مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ، چوڭ دادىمىزدىن يۇقىرىسىدىكى بوۋىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالدۇق. يۇرت، ئادەم ئىسمىنىڭ فامىلە، مەنا قانۇنىغا كىرىشى يۇرتنىڭ هەتتا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ لۇغەتتەك روشەن تارىخى پاكىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئەۋلادلىرىمىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە: «دادام قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ يولدىن ئۆتكەن ناتونۇش كىشىدىن ئۆز پەدەرىنى سورايدىغان يېتىم ئوغلاقنىڭ هالىغا قېلىۋاتىدۇ. بۇ هالدا ئۆتكۈنچىلەردىن بىرسىنىڭ: «دادالڭ قارا ئادەمتى»، يەنە بىرسىنىڭ: «دادالڭ دوڭغاق ئادەمتى» دېگەن پەلپەتىش گەپلىرىدىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئۆز ئىسمىمىزغا فامىلە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىز قالدۇرمىساق ئەۋرە، چەۋرىلىرىمىزمۇ بىزدەك يارىماس بوۋىلىرىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى يەنە خەقتىن سورايدىغان هالغا قالىدۇ. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ ئىشلار بىزگە كىچىك تۇيۇلۇپ نەدىكى لەغمەن ئوخشىمىغان، توك قېچىپ كەتكەندەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئۆتتۇۋەرسەك، بىزنى جاهىلىيەت - نادانلىق قۇچىقىغا تېپىپ، تۇغۇپ جاهاندىن كەتكەن سوپىزىم دەۋرىدىكى چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرىمىزدەك يىغلاپ - قاقشاپ ئۆلۈپ تۈگەيمىز، شۇ.

## ئۆزىنى بىلمەسلىك

ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئۆزىنى بىلگەن خاندىن قورقماپتۇ»، «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما»، «ئۆزىنى سورىغان شەهەر سوراپتۇ» دېگەن هېكمەتنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ كەلگەن. هازىرمۇ بۇ گەپلەر ئاغزىمىزدىن چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆپ دېيىلىشى بىزدە ئۆزىنى بىلىشنىڭ كەملىكىدىن بىر مىسالدۇر. ئادەملىرىمىز بىرەرسىگە هاجىتى چۈشسە كۆچۈكتەك ئەركىلەپ، سوك قوزىسىدەك ئىچ ئاغرىتارلىق قىلىپ كېتىدۇ. هاجىتى چۈشمىسە ئۆزگىگە چىقىۋالغان ئىتتەك گىدىيىپ قاۋايدۇ. ياخشىلىققا بېرىلىدىغان جاۋابمۇ كۆپ هاللاردا ئۆزگە ياخشىلىق قىلغان، بېشىنى سىيىلىغان ئادەمگە نامەردلىك قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىر كىملەردىن قەرز سورايدۇ، بەرگەندە بەك خۇش بولىدۇ، قايتۇرىدىغاندا يولى بىلەن چىرايلىق رەهمەت ئېيتىپ ياندۇرمايدۇ. قەرز بەرگۈچى خىجىللىق ئىچىدە قەرزنى سۈيلىسە خاپا بولىدۇ ياكى مۇتتەهەملىك بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، قەرز بەرگەنگە تويغۇزۇۋېتىدۇ. ئۆز پۇلىغا يالۋۇرتۇپ، «ئېلىشتا ياپىر، بېرىشتە كاپىر» قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇنداق مۇناپىقانە ياشاش ئۇسۇلى بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ، ئادەملەر ئۆز ئارا ئىشەنچ، مېهىر - مۇهەببەت، تۇغرىلىق هېسسىياتىدىن مەهرۇم قىلىپ، ئۇلارنى رەهىمسىزلىك، هەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىك، بىر - بىرىنى ئالداپ خۇمسىلارچە - دۈشمەنلەرچە ياشاشقا باشلىماقتا. شۇڭا بىزگە خارلىق - زەبۇنلۇق خۇددى سايىمىزدەك ئەگىشىپلا كەلدى.

ئۆزىمىزنى بىلىش نىرۋىمىزنىڭ كەملىكىدىن كۆپلىرىمىز پېشانىمىزنى سىيلىۋېتىپ تۇرۇپ: «مەن زادى قانچىلىك ئادەم، ئۆزۈم ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە جامائەتكە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟» دېگەنلەر بىلەن هېسابلاشماستىن، قىلدەك ئىشىمىزنى پىلدەك كۆرسىتىپ ۋالاقلاپ، خۇددى تاغ يۆتكەپ بەرگەندەك قەهرىمانانە، داهىيانە سۆزلەپ سالاپەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىمىزنى دۇنيادا بىر ساناپ مەغرۇرلىنىشلىرىمىز قالتىس. ئاز - تولا تۆهپىسى بار بەزى ئادەملىرىمىز بولسا، كەمتەر بولدۇم دەپ تولا ئېگىلىپ هېجىيىپ، ئۆزىنىڭ يالاقچى سىياق بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى تۇيماي قېلىشىۋاتىدۇ.

قولىدىن هېچ ئىش كەلمەيدىغان ۋالاقتەگكۈر، مەمەدان، بىكار تەلەپ هارام تاماقلار خۇددى ئاللا ئەۋەتكەن پرىيومچى قازىدەك: «ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق» دەپ خەقنىڭ ئۆنۈر بويى قان - تەر سىڭدۈرۈپ قىلغان ئەمگىكىنى بىر لاپ گەپ بىلەنلا سېسىتىپ، زەهەرخەندىلىك بىلەن هوزۇرلىنىدۇ. بىزنىڭ نادان، ئەقلى گۆدەك ئادەملىرىمىز يەنە ئەمگەك قىلغۇچىغا ئەمەس لاپچىغا ئىشىنىدۇ. ئاغزىدا شەهەر ئالغۇچى بۇ پوچىلار: «ئۇغۇ شۇنچىلىك بولسىمۇ قىپتۇ، مەنچۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەن قانچىلىك ئادەم؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ باقمايدۇ.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى هەقىقىي تونۇپ، ئادىمىلىك تەبىئىتىمىز بىلەن هايۋانىيلىق تەبىئىتىمىزنىڭ سالمىقىنى دەڭسىيەلىسەك، ئىلغار، دۇنياغا يۈزلەنگەن مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقىمىزنى ئېتىراپ قىلالىساق ئاندىن تەرەققىي قىلىپ گۈللىنەلەيمىز. بولمىسا، مەۋجۇت بولۇپ ياشاش ئىستىقبالىمىز غۇۋادۇر.

## ئادىمىلىكتىن مۇناپىقلىققا يېقىن

بىر كىشى بىلەن يامان ئەمەس ئەقىدە قىلىشىپ نورمالنى مۇناسىۋەتتە ئۆتەتتۇق. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر يېقىن ئاغىنەم ئۇنىڭ ماڭا ئورا كولىغانلىقى هەققىدە پاكىتلىق گەپلەرنى يەتكۈزدى. ئەجەبلىنىپ تۇرسام بۇ ئىش بىر قانچە تەرەپلەردىن ئىسپاتلىنىپ قالدى. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇ كولىغان ئورىغا چۈشمىدىم. ئەمما ئۇ ئادەمگە قىلغان ئەقىدەمگە بەك پۇچۇلاندىم.

كۈنلەر ئۆتۈپ قارىسام، ئۇ كىشىنىڭ مۇناپىقلىقىنى ماڭا ئىسپاتلىشىپ بەرگەن ئاغىنەم ئۇنىڭ بىلەن مەندىن يېقىن ئۆتىدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ خىل ئىللەت ئەمەلىيەتتە

پۈتكۈل ئادەملىرىمىز مۇناسىۋىتىدىكى ئورتاقلىق ۋە ئومۇمىي خاراكتېر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى، خۇددى ھاراقنىڭ ئازابىدىن قاقشاپ، زېيىنىنى بىلىپ، سۆزلەپ تۇرۇپمۇ ھاراقتىن ئۈمىد ئۈزەلمىگىنىمىزدەك، دوستلار ئارا ئالا كۆڭۈللۈك، ئىككى يۈزلىمىلىك («تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق»لۇق) تىن زارلانساقمۇ، ئاغزىمىزدىلا دوست بولىدىغان مۇناپىقلىق ئېڭى روھىيىتىمىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا ئىكەن.

ئادەملىرىمىز ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچ، دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىزنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە بارغانسېرى ئادىمىيلىك تەبىئىتىدىن چەتنەشتۈرمەكتە. كىچىك چاغلىرىمدا كىنو كۆرسەم، كىنودا بىر كىم بىر كىمنى بوزەك قىلسا، پەسكەشلىك بىلەن ئازابلىسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ھېسداشلىق قىلىپ كۆزۈمدىن ياش چىقاتتى. ئەسكىلىك قىلغان رەزىل ئادەمنى چايناپ يۇتقۇۋەتكۈم كېلەتتى. ھازىر ئۇنداق كىنولارنى كۆرسەممۇ ئانچە تەسىرلەنمەيدىغان، ئىچىم ئاغرىمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ماڭا ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكلا بىلىنىدۇ. ھەتتا زىيانلانغۇچىنى باغلاپ قويۇپ ئۇرۇۋاتسا، ئادەملەر ئېلىشقاندا تاياق، مۇشت، كالتەك دەل جايىغا قانچە ئەپچىل تېگىپ بىر - بىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ماكچايتىۋەتسە ۋە ياكى بىر مۇشت بىلەن تىك موللاق چۈشۈرۈپ قىرقىرىتىۋەتسە، تاياق يەپ ئازابلانغۇچىغا ئىچ ئاغرىتىشتىن كۆرە ئۇرغۇچىنىڭ مۇشتىنى ئەپلەپ تۇرۇپ چاققانلىق بىلەن ئاتالغان «نوچى»لىقىدىن ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. خەقنىڭ ئازابىدىن ھوزۇرلىنىش مەندىكىلا ئىشمىكى دېسەم، ئەدناسى بىرەر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ تېيىلىپ يىقىلىپ كەتسە ۋە ياكى ئۇ قاتتىق چۈشكەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالمايۋاتسا، يۆلەپ قويماقتا يوق توپلىشىپ تاماشا كۆرىدىكەنمىز.

باشقىلار بەختسىزلىككە ئۇچرىسا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش، ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى ئالداپ ياكى بوزەك ئېتىپ قىيناپ، دىلىغا ئازار بېرىپ ھوزۇرلىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر خاراكتېرىگە يېڭىدىن يامراپ چاپلىشىۋاتقان ياكى بۇرۇندىن يىلتىزى چوڭقۇرلاپ كېلىۋاتقان خاراكتېر ئاجىزلىقى بولۇپ قالدى. بۇ خىل رەزىل ئىللەت بىز خەقنى ئادىمىيلىكتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋاتقان ئەجەللىك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا.

## يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىناقسىزلىقنىڭ ساۋىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماسلىق

مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملىرىمىز بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرىمىز ھەدېسىلا يۇرتۋازلىقتىن ۋايساپ - قاقشاپ قويىسىمۇ، ئىش يۈزىدە دەل شۇلار يۇرتۋازلىقنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەت ئادىتىگە شۇنداقلا قارايدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ داھىي شەخسلىرى - ئالىملار، ئەدىبلەر، جامائەت ئەربابلىرىدىن تاكى ئاۋام پۇقرالارغىچە ئورتاق مىللىي ئاڭ بويىچە ئەمەس، مەھەللە- قەبىلە ئېڭىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن يۇرتۋازلىق ھېسسىياتىدا ياشاۋاتىدۇ. مەلۇم بىر يۇرتتىكىلەر نىسبەتەن كۆپرەك توپلاشقان ساھەدە مۇبادا يات يەرلىك بىرەر ئادەم بولۇپ قالسا ئۇ ھەر قانچە قابىل، ئىقتىدارلىق ئادەم بولسىمۇ، ئۆچكە پادىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان قويدەك يەكلىنىدۇ، سىغمايدۇ. ئۇ ھامان ھەدېسە ھارۋا سوقۇپ، مەستلەر يۆلىنىۋېلىپ، ئۇششاق باللار ئېگىپ - سوندۇرۇپ دوڭغاق بولۇپ قالغان دوقمۇش دەرىخىدەك ئاينىمايدۇ. «ئۆز يۇرتلۇق» ئاتالغانلار ھارام تاماق، دۆت بولسىمۇ، مەھەللىسىنىڭ ئايىغىغا سۈيى ئۆلشىپ قالغانلا بولسا، ئۆزئارا ياپىلاپ، پەردازلىشىپ، بىر - بىرىگە قولتۇق تايىغى بولۇشۇپ دوست تارتىشىدۇ. نەتىجىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەزىمەتلەر ھارۋا شوتىسىغا كىرەلمىگەندەك، ئىش بېشىغا چىقىۋالغان ئەبگارلار ھارۋىنى سۆرىيەلمەي پاتقاققا تىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسماي مىللەت نەسلىكتىن ئۆرە كەلمەيدۇ.

ئادەملىرىمىز يۇرتۋازلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بىزدىن بىرەر دۇنياۋى چولپان چىقسا ۋە ياكى ئىمان - ئېتىقادلىق، خەلقپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزدىن بىرەرسى چىقىپ، ئەل - ۋەتەن پايدىسىغا تىلدا داستان بولغۇدەك خەيرلىك ئىشتىن بىرەرنى قىلسا، «كىم قىلىپتۇ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئۇ نەلىك ئىكەن؟» دەپ سورايدۇ. تۆھپىسى بىلەن ھېسابلاشماي يۇرتى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز يۇرتىدىن بولسا، خۇددى ئۆزى شۇ ئىشنى قىلغاندەك ماختىنىپ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. ئەگەرچەندە ئۇ باشقا يەرلىك بولسا، ئاۋۋال جىم بولۇشىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بار - يوق كەمچىلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۇ خەيرلىك ئىشىدىن قۇسۇر تېپىشقا باشلاپ، بىردەمدىلا شۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇنى ئا دېگەندەك، بىرەر ياخشى ئادەم، خەيرلىك ئىشمۇ ئۆز مەزھىپى - گورۇھىدىن چىقمىسا، ئۇمۇ ھېسابقا ئۆتمەيدۇ. مۇبادا بىرەر ئىش بۇزدى چىقسا (ياكى شۇ يەرلىك بىرسىدىن رەنجىسە، مەنپەئەت تەگمىسە) شۇ يارىماس - ناباپ مەلئۇننىڭ ئۇساللىقىدىن نەپرەتلەنمەي: «پالانى يەرلىك دېگەن زادى ئۇسال خەق، ئۆزى پەس يۇرت، ئۇ يەرلىكنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ» دەپ نادانلارچە شالىنى چېچىشىدۇ؛ ئۆزلىرىچە شۇ ناجىنس ئادەمنى شۇ يەرلىك ئەھلى يۇرت ۋە شۇ يۇرتنىڭ ئۆزى قىلىپ، ئۇ يۇرتنى، ئۇ يۇرتتىكى مىڭلىغان - مىليونلىغان خەلقنى دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل، قاباھەت تىل بىلەن ھاقارەتلەپ تىللايدۇ. ئۆزلىرىچە ئۇلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلىدۇ. ياخشى - يامان ئادەمنىڭ ھەممە يۇرتتىن چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تولىمۇ تار ئاڭدىكى خەلقتىن قانداقمۇ ياخشى ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولسۇن؟ ئەجەب ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر نېگىر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ غەلىبىسىدىن شۇنچە خۇشاللىنىپ، ئۇلارغا گۈل تۇتۇپ، ئۇلارنى سۆيۈپ قۇچاقلاپ، كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ تەنتەنە قىلىشىدىكەنغۇ؟ ئۇلارمۇ ئادەم، بىزمۇ ئادەم، ھەممىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىغۇ؟ بىرەر ئۇلۇغلۇق ياكى يېڭىلىق ئىنگلىز

ياكى ئەرەبتىن چىقسا چوڭ بىلىپ چوقۇنىدىكەنمىزۇ، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن - تۇتاش كەتكەن ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرەرسىدىن چىقسا، ئۇ پەقەت مەھەللىمىزدىن چىقمىغىنى ئۈچۈنلا كەمسىتەمدۇق؟ بۇ، ئۆزىمىزنى كەمسىتكەنلىك - پەس كۆرگەنلىك بولماي نېمە؟ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختىن بۇيان يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار تەپرىقىچىلىكى سەۋەبىدىن دەريا - دەريا قانلار ئېقىپ، نى - نى خانلىقلار غۇلاپ ئاز خانۇ - ۋەيرانچىلىق تارتتۇقمۇ؟ سۆزلەڭ دېسە، بۇنى نى - نى تارىخىي پاجىئەلەرنى مىسالغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، قان - ياشلىق شىكايەتلەر بىلەن سۆزلەيمىز. ئىش يۈزىدە قىلىۋاتقىنىمىز خۇددى ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىغىنىدەك بىر مۇناپىقانە ئىش بولۇۋاتىدۇ. يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك - گۇرۇھۋازلىقنىڭ پاجىئەلىك ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش تۇگۇل بىر قېرىنداش ئۇيغۇر تۇرۇپ بىر يۇرتلۇق يەنە بىر يۇرتلۇقنى نەچچە يۈز يىللىق چىقماس قىساسى بار دۇشمىنىمىزدىنمۇ يامان كۆرۈۋاتىمىز. بىز بۇ ھالاكەت يولىدىن ۋاقتىدا يانمىساق، جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش تۇگۇل بىر - بىرىمىزنى «يەپ»، زاۋال تاپقىنىمىز تاپقان.

## ئەقىلدىن ھېسسىياتى ئۈستۈنلۈك

يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى قالتىس پەن - تېخنىكا مۆجىزىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە ھۈنەر - سانائەتكە تايىنىپ جاپالىق ئىشلىشىدىن روياپقا چىققانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت. بۈگۈن جاھاندا ئالغا كېتىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلار قۇرۇق شوئار، پوچىلىق، ناخشا - مۇزىكىغا بولغان ئەسەبىي ھېرىسمەنلىك بىلەن نايناقلاپ پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناش ۋە ياكى ئۆزىنى ئاللاغا تاشلاپ مازارغا سېغىنىش بىلەن ئەمەس، سوغۇققانلىق، سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت، تىرىشچانلىق، زامانىۋى ئىلىم - پەن، مائارىپ، يۈكسەك تەپەككۇر قابىلىيىتى مۇجەسسەملەشكەن ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئۆزىنى راۋاج تاپقۇزۇۋاتقانلىقىنى قايىللىق بىلەن كۆرىمىز.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلغان ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىش نىسبىتى ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىشلىگەن ئادەمنىڭكىدىن دائىم مۇتلەق ھالدا ئۈستۈن بولىدۇ. ھېسسىياتقا بېرىلگەن ئادەم مۇقەررەركى، كۆپ ھاللاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بىز ھازىرقى ياشاش، تەپەككۇر قىلىش، ئىشلەش ئۇسۇلىمىزغا ياكى يېقىنقى زاماندىكى تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن نى - نى ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر، پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلەر، قالاقلىق، نادانلىق، قاششاقلىقلارنىڭ ماھىيەتتە ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئەقىلنى ئىشلەتمەي ئىش قىلغانلىقىمىزدىن بولغانلىقىنى تاۋاقتىكى ئاشتەك كۆرۈۋالالايمىز. قارىساق، تارىختىن بېرى بىزدە «ناخشا - قوشاقچى»، «شائىر»نىڭ كۆپلىكىنى، پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ياكى يوق ھېسابىدا ئىكەنلىكىنى، ئادەملىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەت، تەپەككۇردا ئارقىدا قېلىپ، كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتنىڭ تىزگىنلىشىدە ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. دۇنيا ئاللىقاچان ئەقلىيلىك دەۋرىگە كىرگەن، خەلقىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلغاندىمۇ يەنىلا بىزدە دېھقاندىن تارتىپ يۇقىرى قاتلامغىچە ئەقىلگە قارىغاندا يەنىلا ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەقەللىيسى دېھقانمۇ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، يەر - ئۇرۇق دېگەنلەردە ئەگەر ھۆكۈمەت ھەيدەپ تۇرمىسا، «تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر»، «خۇدانىڭ بەرگىنى ھېساب» دەپ تەۋەككۇلچىلىك ۋە تەلەي سىناش روھى بىلەن يەر تېرىيدۇ. يۇقىرى قاتلامدا بولسا، نى - نى ئىختىرا - كەشپىياتلار، ئالىملارنىڭ پەن-تەتقىقات، ئىجادىيەت ئىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنماي (بۇ ئىشلار بېسىلىپ قېلىپ) نەدە ھاراق - شاراب، ناخشا - ئۇسسۇل، سەتەڭلەر بولسا شۇ يەر قالتىس ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. 50 ـ 60 يىل بالا ئوقۇتۇپ پۈتۈن ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قىلغان مائارىپچى ئۆمۈر بويى ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي، سەھنىدە بىر قېتىم بەل تولغىغان سەتەڭ خېنىمنى شاھتىن گادايغىچە ئەتىۋارلايدۇ. ئالىم قېقىندا - سوقۇندا بولۇپ تۇرمۇشنى قامدىيالماي گاداي مەدىكار ۋە ياكى ھۆپىگەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇكى، ئادەملىرىمىزدىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلىمەيدۇ. بىر ساۋاتسىز زالىمنىڭ چۆرىسىدە مىڭلاپ ئىنسان قۇرتتەك مىغىلداپ ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نىجىس تاپىنىنى يالاپ ياشايدۇ.

مانا بۇ، ئەقلىي كۈچى ئاجىزلاپ، ھېسسىياتى قولچىلىقنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن ھالىتىمىزدىن بىر مەسخىرىلىك كۆرۈنۈش.

## ئىشتىن گەپكە ئامراقلىق

دۇنيادا ئىشنىڭ ئەڭ ئاسىنى گەپ قىلىش، ھەممىدىن قىيىنى ئىش قىلىشتۇر. خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملىرىمىز روھىيىتىدە تەلەي سىناش پىسخىكىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇلار بىرەر نەرسىگە ئەقىل ئىشلەتمەي، قان - تەر ئاققۇزماي، بەدەل تۆلىمەي ئاسان ئېرىشىشكە ئادەتلەنگەن؛ خۇددى يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدە چۆل - باياۋان كۆپ، بوستانلىق ئاز بولۇشتەك ئېكولوگىيە شەكىللەنگىنىدەك، بۇ خاراكتېر بىزدە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىشتىن گەپكە ئامراقلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا، قارىسىڭىز، ساناقلىق ئادەملەرلا باش چۆكۈرۈپ ھالاللىق بىلەن مىننەتسىز، كۈن - تىنىمسىز، جاپالىق ئىشلەۋاتقان، خۇددى «كۆڭلى بۇزۇق ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر» دېگەندەك، ئۆزى بىر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىغان بىر توپ ئاغزى قىچىشقاق زۇغۇيلار تومۇزدا تىرەجەپ ساپان تارتىۋاتقان ئايغىرنىڭ ساغرىسىغا قونۇۋالغان كۆكۈيۈنلارغا ئوخشاش، ئىش قىلغانلارغا ئارام بەرمەي غاجاپ يېڭىدىن يېڭى غەيۋەت، پىتنە - ئىغۋالارنى توقۇۋاتقان روھىيەت پاجىئەسىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىسىز.

بىر كۈنى سورۇندا بىزدىكى ياخشى بىر ئەدىب ھەققىدە گەپ باشلاندى. بىرەيلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئائىلە

تۇرمۇشى، بالا - چاقىلىرى، مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتتى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاشتى. شۇ تاپتا ئۇلار بۇ ئەدىبتە ئالالمىغان بىرەر قىساسى باردەك، مانا ھازىر شۇ قىساس ئېلىنىۋاتقاندەك، دۈشمىنى بىرسىدىن تاياق يېسە دەردى چىققاندەك خۇشاللىققا چۆمۈلگەنىدى. ئاخىر ئۇ ئادەم بۇ ئەدىبنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ئەسەرلىرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئەخلەتكە چىقىرىۋەتتى. ھەممەيلەن خۇشاللىقتىن تويى بولغان قىز - يىگىتتەك يايراپ كېتىشتى. شۇنداق قارىسام، سۆزلەۋاتقان بۇ ئادەم ھېلىقى ئەدىبنى ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئۆزى ۋە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئەسلا تونۇشمايتتى. شۇنداقلا سورۇندىكىلەرنىڭمۇ بۇ ئەدىب بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقى ۋە قىلچە پايدا - زىيان توقۇنۇشىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئەدەبىياتىمىزغا تۆھپە قوشسا قوشقانكى پاخال قىلمىغانىدى. ئەمما سورۇن ئەھلى نېمىشقا بىكاردىن بىكار بۇ بىگۇناھ ئەدىبكە ئۇۋال قىلىپ قىساسكار ھېسسىياتتا بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچىم ئاچچىق بولدى - دە، سورۇندىن كەيپسىزلىك ئىچىدە چىقىپ كەتتىم.

دېمەك، بىزدە ئىش قىلىدىغانلار ئاز، گەپ قىلىدىغانلار جىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش قىلىدىغانلارغا گەپ قىلىدىغانلار ئۆچ ئىكەن. بۇ ھالەت پىسخىكىسى بىزنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقىمىز ئىكەن. مەن بۇ يەردە رەھمەتلىك شائىرىمىز ئىبراھىم تۇردى ئاكىنىڭ : « بىزنىڭ ئادەملەر ھاراق سورۇنىدا يولۋاس، ئىشخانىلاردا تۈلكە، ئىشقا كەلگەندە يېرىمى چۈجە ئاللاماس ئاق سار، يېرىمى ئىشتىن قاچىدىغان توشقان» دەپ زارلانغان گېپىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دانىشمەنلىرىمىز گەپنىڭ مېغىزىنى چاققانلىقى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەنە سۆزلەشنى ئارتۇقچە ھېسابلاپ خۇلاسە كالامنى مۇنۇ ئىككى ئىبرەتلىك ھېكمەت بىلەن چۈشۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم: قايسى ئەلدە گەپ تولا بولسا، بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولا بولسا، بەرىكەت ساز (مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللا خاراباتى)؛ قەيەردە ئىش خۇشياقماسلار، بىكار تەلەپلەر كۆپ بولسا، شۇ يەردە قۇرۇق گەپ، غەيۋەت - شىكايەت كۆپ بولۇر.

## سەھەر تۇرۇشتىن قېلىنىۋاتقانلار

قەشقەردىكى چېغىمدا سۈت ئەكىرىش سەۋەبىدىن ئەتىگەن سائەت تۆت - بەشلەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. شۇ چاغدا ئۆزۈمچىلا ئۈچ خىل ئادەملەرنىڭ سەھەر تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. قارىسام، بۇلاردىن شەھەرگە كۆكتات، ئوتۇن - سامان ساتقىلى كىرىدىغان دېھقانلار بىلەن شەھەردىكى ئاشپەز - ناۋاي، كۆكتات تىجارەتچىلىرى ئاساسەن كېچە سائەت ئىككىلەردىلا ئىسسىق ئورنىدىن قوپۇپ «بۈگۈن» ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىدىكەن. سائەت تۆت بولغاندا دىيانەتلىك مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇشقا مەسچىتكە، خەنزۇلار ئائىلە بويلاپ چېنىقىش ئۈچۈن بىنا ئالدى ۋە باغچا - مەيدانلارغا ماڭىدىكەن. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا خەنزۇلارنىڭ بەش ياشلىق باللىرىدىن تارتىپ 80 - 90 ياشلىق بوۋاي - مومايلىرىغىچە تەنھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بويىچە شۇنچە روھلۇق، جەڭگىۋارلارچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. دېمىسىمۇ، ئادەم سەھەردە تۇرۇپ بىر كىشىنىڭ بېشىنى تۇتسا بىر كۈن كەچكىچە ناھايىتى روھلۇق، تېتىك، جەڭگىۋار، خۇشخۇي، تەپەككۇرى ئوچۇق ئاسماندەك كەڭ ھەم سۈزۈك بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش ئەقەللىي پاكىتقۇ؟ بۇۋىسىغا ئەگىشىپ قىلىچ ئوينىتىۋاتقان خەنزۇ بالىغا چوڭقۇر زوقمەنلىك بىلەن قاراۋاتقىنىمدا ئاۋۋال يوتقاندا بىخىرامان ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلۇم ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم ئاجايىپ يېرىم بولغانىدى. بۇ بوۋاي نەۋرىسىگە سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنلۈك ھاياتىنى جەڭگىۋارلىق بىلەن باشلاشنى ئۆگىتەتتى، مەن بولسام بالامغا غەپلەتكە پېتىپ ئۇخلاش روھىنى سىڭدۈرەتتىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئويلىغان قوشنىلىرىمنىڭ دېرىزىلىرىمۇ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، دېمەك ئۇلارنىڭ باللىرىلا ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ تاڭ سەھەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا مەست ئىدى.

مەن نۇرغۇن ئەل - ئاغىنىلىرىمنىڭ جۈملىدىن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئاخشىمى ھاراق - شاراب، ئويۇن - تاماشا بىلەن ۋاقتىدا ياتمايدىغانلىقىنى، ئەتىگىنى ۋاقىچە قوپىدىغانلىقىنى، ھەتتا خىزمەتكە چۈشۈشكە پەقەت 5 - 10 مىنۇت قالغاندىلا ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپلا ئىشقا ماڭىدىغانلىقىنى، سائەت 10 لاردا ئاندىن ئىش ئورنىدا ئاز - تولا ناشتا قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. دېمەك، بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش غايىمىز بولىدىغان بولسا ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرغان، بىر كۈنلۈك ئېنىق ھەرىكەت پىلانىمىز بار بولغان بولاتتۇق. غايىمىز غۇۋا، ئىشىمىز پىلانسىز بولغاچقا؛ خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ، بۇ دۇنيادىن غەمسىز ئۆتۈۋاتىمىز. يەنى بىر ئادەم 70 يىل ياشىدى دېسەك، باشقا مىللەتلەر شۇ 70 يىلنىڭ 35 يىلىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزسە، بىز ئۇيغۇرلار 50 يىلىنى ئۇخلاپ، شۇ ئۇيقۇغىمۇ قانماي، قالغان 20 يىلىمۇ ئۇيقۇچان - خامۇش - يېرىم تىرىك ھالەتتە سۆرۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئاتا - بوۋىلار: «ئۇيقۇ دېگەن ئۆلۈك» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئەپسۇسكى، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئۇيقۇچان ئەزالىرى زىيالىيلار بىلەن كۆچتۆگۈر ياشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەزەلدىن ھاسىلاتى شۇكى، ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ ھەمراھى بولغاچقا، ئەلمىساقتىن بۇيان ئۇخلىغاننىڭ رىسقىنى ئۇخلىمىغان يەپ كەلگەن!

## تەربىيە سىڭمەسلىك

80 - يىللار ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلار تارىخىدا پەن - مائارىپ، ئاخبارات - نەشرىيات، كىنو - تېلېۋىزىيە يېرىم زامانىۋىلاشقان قالتىس جانلىنىش دەۋرى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئوتتۇز نەچچە يىلدا ئېچىلمىغان

مەكتەپلەر ئېچىلدى، مەسچىتلەر سېلىندى؛ يېڭىدىن يېڭى نەشرىياتلار، ژۇرناللار تەسىس قىلىنىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. مىليونلىغان كىتاب - ژۇرناللار نەشىردىن چىقتى. كىنو - تېلېۋىزىيەدىن ئىبارەت جانلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، تارقىتىشى ئەڭ ئىلغار مەنىۋى مەدەنىيەت ۋاستىسى ئارقىلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۆرنەك ۋە دەرسلىك بولغۇدەك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن دىدارلاشتى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بېكىنىپ ياتقان ئۇيغۇرلاردىن بەزىلىرى چەت ئەللەرگە چىقتى، چەت ئەللىكلەرمۇ بىر - بىرلەپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كىردى. ئۆزئارا بېرىش - كېلىشنىڭ كۈچىيىشى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش ھەققىدە گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردا ئاز سۆزلەنمىدى؛ مەسچىتلەردە ئاز ۋەز ئېيتىلمىدى. ئەمما كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ساق تۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان، ۋىجدان - ۋۇجۇدىغا قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەن بۇ ئادەملىرىمىزگە ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى؛ خۇددى «ئۇيقان كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان ئادەمگە بەرگەن قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق نىجاسەت بولۇپ چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تەگمىدى، چىرايىغا چىقمىدى؛ «تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى كامار» دېگەندەك، بۇ نادان ئادەملىرىمىزگە ھېچنەرسىنى بىلدۈرەلمىدى؛ جاھاندىكى ئالەمشۇمۇل ئىشلار ئۇلارنىڭ قىسىلچىقىغا كەپمۇ قويمىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى، يېڭىلىقلارنى ئاز - تولا قوبۇل قىلدى دېگەندىمۇ، ئورۇق مالغا يەم ئېغىر كەلگەندەك، ئاجىز بەدەنگە كېسەل يېقىن بولغاندەك، چەت ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلماي شاكىلىدىن زەھەرلەندى (تەتۈرلۈكنىڭ دەستىدىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي، قوبۇل قىلماسلىققا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى). چەت ئەللەرنىڭ چىرىك، چاكىنا، پەسكەش نەرسىلىرىنى دوراپ، نەتىجە - ئاقىۋەتتە يا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئېسىل مەنىۋى بايلىقنى ساقلاپ قالالماي، يا زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرەلمەي مەنىۋى گادايلىقتا تېخىمۇ زەئىپلەشتى. كالا قوناق يېسە كۆتىدىن پۈتۈن چىققاندەك، مىليونلىغان ئېسىل كىتابلارمۇ بىز خەقنىڭ خارلىشى بىلەن قەغەز زاۋۇتىغا كەتتى. «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» گە تۇرغان ئادەملىرىمىز نېمىنى ئويلىسام خۇدا شۇنى قولۇمغا سېلىپ بەرمىسە ياشىمايمەن، دەيدىغان يەرگە يەتكەندەك قىلىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار شۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندا، ئاتا - بوۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋەتكەچكە، بۈگۈنكى كۈندە: «ئاتا - بوۋام قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېگى - زاتى، قانداق ياشىغانلىقىنى خەقتىن سوراشتەك ئوياتلىق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئەرەبلەر، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبىلىسىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تارىخي كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش تۈگۈل ئەتىۋارلاپ ساقلىغانلىقى، تا ھازىرغىچە ئوقۇپ، تەۋەررۈك بىلىپ كەلگەنلىكىنى (دۇنيادىكى بىزدىن باشقا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق) پەقەتلا ئويلىمىدۇق. شۇ چاغدا كۆيدۈرگىنىمىز ئاز كەلگەندەك، قالغان ئاز - تولا كىتابلارنىمۇ ئافاق خوجىغا ئەگىشىپ كۆيدۈردۇق. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تالاي - تالاي بىباھا - ئېسىل كىتابلارنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتنى يوقىتىش ھەرىكىتىدە ھەممىمىز يەڭ شىمايلاپ سەپكە ئاتلىنىپ كۆيدۈرۈپ تۈگەتتۇق. ئاتا - بوۋىمىز سالغان ئىزنى داۋام قىلماستىن، توز ئۆز ئىزنى قۇيرۇقىدا ئۆچۈرۈپ ماڭغاندەك ماڭدۇق. كالۋالىق ۋە كۆپۈرلۈقىمىز شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۈگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئاشۇ قىلىقلىرىمىزدىن خىجىل بولۇش، نومۇس قىلىش، ۋىجدانىمىز ئاز - تولا ئازابلىنىش تۈگۈل ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئاران بىر كەلگەن مىليونلاپ كىتابقا ئېرىشىشتەك تېپىلغۇسىز كاتتا پۇرسەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي دەپسەندە قىلىۋاتىمىز. 7 مىليون 200 مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى (ھۆكۈمەت 1990 - يىلى ئېلان قىلغان سان) دىن شۇنچە ئېسىل - نادىر كىتابلارغا ئاران مىڭدىن ئۈچ مىڭغىچە تىراژ كېلىۋاتسا، ھەتتا شۇ كىتابلارمۇ تولۇق سېتىلمايۋاتسا؛ 1 مىليون ئادەمدىن كىتاب ئوقۇيدىغىنى يۈزگە، كىتاب ئالىدىغىنى ئونغا يەتمىسە؛ دېمەك ئۇيغۇرلىرىمىز پەن - مەدەنىيەت ئىگىلەش، بۈگۈنكى تەرەققىي تاپقان زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش تۈگۈل ئەدناسى ئۆز ھالىنى چۈشىنىشنى خالىماي يىغلاپ مەسچىتكە كىرىۋالسا، مەسچىتكە كىرسىمۇ ئاللا بەرگەن دىنىنى چۈشەنمىسە، ئەقلىنى ئىشقا سالماي، پۇل تاپمەن دەپ پۇلنى قوغلىغانچە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسە؛ يەپ - ئىچىشكە ئامراق بولغانسېرى يېمەك - ئىچمەكمۇ لاۋزىلىشىپ كېسەل باسسا؛ ھەممىسى ھاراقتىن قاقشاپ تىللىغانچە ھاراقكەشلىك جەمئىيەتلىشىپ ئاپەتكە ئايلانسا؛ تەھقىقكى كىتابنى خارلىغان گۇناھىمىز ئۈچۈن خۇدانىڭمۇ بىزنى خارلايدىغانلىقى ئېنىق.

خوش، قاراپايىم، ساۋاتسىز دېگەنلەرغۇ كىتاب ئېلىش تۈگۈل ئوقۇمىسۇن، ھەتتا 20 يىللاپ مەكتەپتە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئاتالمىش زىيالىي تونىغا ئورىنىۋالغان كۆپلىگەن «بىلىمدان»لار چېغىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىنى بىر - بىرىنى غاجاش - غەيۋەت قىلىشقا سەرپ قىلىدۇكى، بىر - ئىككى بەت كىتاب ئوقۇشنى خالىمايدۇ. ئادەملىرىمىز يەپ تويماس قارنىغا كەپلەپ تىقىپ، پاتقۇدەك يەر قالمىغاندا ئاشقان نى - نى ئېسىل تائام ۋە كاۋاپلارنى تاماق شىرەلىرىدە شۇ پېتى ئاشۇرۇپ تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە رازىكى، شۇ ئېشىپ قالغان يېرىم قاچا لەغمەن ياكى ئىككى زىخ كاۋاپنىڭ پۇلىغا كېلىدىغان ئىلمىي قىممىتى زور، ئېسىل كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. شۇڭا، بىزدە كىتاب دۇكىنىدىن ئاشپۇزۇل ۋە قاۋاقخانىلار ئاۋات. ئادەملىرىمىز بىكار بولسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەتە قىيامەت بولۇپ قالغىچە يەۋالايلى، دېگەندەك بىر دۆۋلەڭ تاماقنى ئاغزى - بۇرنىغا كەپلەپ يەپ، زەھەردەك ئاچچىق، كىسلاتالىق ھاراقنى ئاشقازىنى

چىلاشقۇچە ئېچىپ، تۈگىمەس غەيۋەتنى بىر باشلىۋالسا ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ كۆڭ ئۈتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار «ھاراق بىلەن دوستلىشىپ ئەقىل بىلەن خوشلاشقان»لىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان مىڭلىغان ئېسىل كىتابلارنى ئايلاپ - يىللاپ توپا بېسىپ يېتىپ، ئاخىر ئۇلار خارلىق ئىچىدە قەغەز زاۋۇتىغا ماڭىدۇ.

ئەي نادان، تەربىيە سىڭمەس، تەتۈر، غەپلەت باسقان، جاھىلىيەت ئېڭىغا ئەسىر بولغان ئادەملىرىمىز، ئويقۇمىزنى ئېچىپ شۇنىڭغا ئاگاھ ۋە دانا بولايلىكى، بۇ، ئۆتنىگە لايىقوت ئالەم. بىز كىتابنى خارلىغانىكەنمىز، تەھقىقكى، كىتابمۇ بىزنى خارلايدۇ. چۈنكى ئاللا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى «ئوقۇ» دېگەن كەلىمىدىن باشلىسا، بىز ئەمەل قىلمىدۇق. بىز ئاللانىڭ دېگىنىنى قىلمىغاندىكەن، ئاللامۇ بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلمايدىغانلىقى ئېنىق!

## بىر پۇل خەجلەۋاتقان ئىشلار

بىر كۈنلەردە، مەن شائىخەيدە ئوبۇلقاسىمئاخۇن ئىسىملىك ئاقكۆڭۈل، مەرد بىر تىجارەتچى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالدىم. ئۇ، ئۆز يۇرتىدىكى تەتۈرلۈكلەرگە چىداپ بولالماي شائىخەيدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ئوبۇلقاسىمئاخۇن بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭ ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن چۈشكۈنلىشىپ ئىچىملىك - چېكىملىككە بېرىلىپ، بۇزۇقچىلىق ئىچىدە نابۇت بولۇپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاقشاپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا گېپىنىڭ خۇلاسىسىنى مۇنداق تاماملىدى: «. . . مانا بۇ، بىزنى تاپقانلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئەقىل - ئىدراك، پەم - پاراسەتلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بالىنى ئۆزۈڭ تاپقان، بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ياخشى ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە يوق، ھەدېسە، بالىلىرىمىزنىڭ ئىنسابىنى، بەخت - تەلىيىنى بەرگەيسەن دەپ ئاللاغا يېلىنىپ يىغلايسەن. ئاللا يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئاللاسىمۇ؟ ئۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ، گۈل - گىياھ، جان - جانىۋارلارنىڭ ئاللاسى ئەمەسمۇ؟ ئاللا تەربىيىلىنىڭلار، دەپ پۈتكۈل ئۈممەتلىرىگە تۆت مۇقەددەس كىتابنى بەردى. شۇڭا، ئىنسانلار بۇ مۇقەددەس كىتابلارنى مىزان قىلىپ تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. بىزمۇ خەقتەك ئاللا بىزگە نازىل قىلغان كىتاب بويىچە ئۆزىمىزنى، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىسەك بولىدىغۇ؟ ئاللا بىزگە ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنە بىزنى تەربىيىلەپ قوي، دەپ ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۇپۇرانە ئۆششۇقلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. مۇبادا ئاللا باشقىلارنى تەربىيىلەپ بىزنى تاشلىۋەتكەن بولسا، ئۇ باشقا گەپ. خەقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە: «سەن بىزنى ياراتقاندىكەن، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ قوي»، دېمەك، خەققە بەرگەن ئەقىلنى ئاللا بىزگىمۇ تولۇقى بىلەن ھەتتا ئاشۇرۇپ بەرگەن تۇرسا، قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ ئۆششۇقلۇق قىلىدىغانغا يەنە نېمە ھەققىمىز بار؟! بۇ خۇددى ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ بىرسى يەنە بىرسىنى تېگىگە بېسىۋېلىپ ئۇرغىلى تۇرسا، ئاستىدىكىسى ئەقلى ۋە كۈچىنى ئىشلەتمەي: «ئى خۇدايىم، مېنى يۆلەپ قوپۇرۇپ قويغىن، بولسا ما گويىنى يىقىتىپ ئاستىمغا باسۇرۇپ بەر، تازا ئۇرۇۋالاي»، دەپ ئاللاغا تىلەنگەندەك بىر قىلىق. ئوخشاشلا ئۇمۇ سېنىڭدەك خۇدانىڭ بەندىسى ئەمەسمۇ؟ سېنى خۇدا باسۇرۇپ بەردىمۇ ياكى ئۇ ئۆزى بېسىۋالدىمۇ؟ ئادەملىرىمىز مۇشۇ ئەقىللىي قائىدىنى ئاددىيلىق بىلەن ئويلاپ باقسا بولاتتى. ئەمما باردۇنيالىقتا ئاران ئىككىدىن بالىمىزنى تۈزۈك تەربىيىلىيەلمەي، بىرسى لاتا غىلاپ، يەنە بىرسى ناقىپ بولۇپ، ھېچ ئىشقا كېرەككە كەلمەي سۆرۈلۈپ يۈرسە، يەنە بىرسى بەڭگە - خرويىنكەش، ئاخىرىدا ئوغرى - بۇلاڭچى بولۇپ پىچاقتا ياكى ئوقتا ئۆلسە، ئەمدى بۇنىمۇ خۇداغا قويۇپ يىغلاپ - قاقشاۋاتىمىز؛ تېخى خۇدايىم تىلەك - ئىلتىجالىرىمىزنى ئاڭلىماي قالدىمىكىن دەپ ھەر يىلى توپ - توپ بولۇپ ھەرەمگە بېرىپ يىغلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ يىغلاپ كېلىش پۇل تاپقان بەزى ھاكزا بايۋەتچىلەرنىڭ بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان، ھاجى بولۇپ خەقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مودىسىغا ئايلاندى. پۇل تاپقانلارنىڭ چوڭلىرى ھەرەمگە، ياشلىرى قاۋاقخانا، كەچلىك بەزمىخانىلارغا يۈگۈرسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى بىزنى نەگە ئېلىپ بارماقچى؟! باشقا مىللەتلەرگە ھاراقنى خۇدايىم تاشلاتقۇزمىدى، ئۆزى تاشلىدى. تاماكىنىمۇ خۇدايىم تاشلاتقۇزمىدى، ئۆزى تاشلاۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلارمۇ ئادەم، بىزمۇ ئادەم؛ خۇددى شۇلاردەك بىزمۇ خۇدانىڭ بەندىسى ئەمەسمۇ؟»

ئوبۇلقاسىمئاخۇن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان شۇنداقلا جىددىي ئويغا سالىدىغان ئەمما بىز دىققەت قىلمىغان مۇنداق بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ھەر يىلى تەخمىنەن 6000 ئۇيغۇر ھەرەمگە بارىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرى ئەڭ ئاز دېگەندە 20 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلىدۇ. دېمەك، ھەر يىلى 6000 ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مىڭبىر جاپادا تاپقان 120 مىليون يۈەن پۇلىنى ئەرەبلەرگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئاللادىن بەختىنى تىلەيدۇ. ئاللا سېنى ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىنغا ياراتقانىكەن، دىلىڭدىكىنى بىلگەن يەردە. سەن ئاتايىن ئۇ يەرگە بېرىپ تىلىمىسەڭمۇ، نىيىتىڭنى خالىس تۇتۇپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تىلەپ، ھەر يىلى ھەرەمگە ئاتىغان ئاشۇ 120 مىليون يۈەن پۇلدا زاۋۇتتىن نەچچىنى قۇرۇپ، مىڭلىغان ئىشسىز بالىلىرىڭنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرساڭ ۋە ياكى بالىلىرىڭنى چەت ئەللەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتساڭ، پەرزەنتلىرىڭ بەختىنى تاپماسمۇ؟ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ پۇللار بىلەن يوللىرىڭنى ياسىساڭ، ئېرىق - ئۆستەڭلىرىڭنى سېمونتلاپ تۈگىمەس ھاشار زۇلۇمىدىن

قوتۇلسالاڭ، بۇ ھەممەتلىرىڭنى خۇدايىم مەقبۇل كۆرۈپ، ساۋابىڭنىڭ ئەڭ چوڭىنى تاپماسسەنمۇ؟ سەن ئاپىرىپ بەرگەن شۇ پۇللاردا ئەرەبلەر يول ياساپ، زاۋۇت قۇرۇپ، كاتتا بىنالارنى سېلىپ، بالىلىرىنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ھەقسىز ئوقۇتۇپ، بۇ پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتامدۇ. پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكىدە، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تاپقان پۇلىمىزنى ئەرەبلەرنىڭ ئىتىكىگە تۆكۈپ بەرمىسەك ئاللا بىزنى گۇناھكار قىلارمۇ؟ شۇنچە پۇلنى بىز ئەرەبلەرگە بەرسەك، ئەرەبلەر بىزگە نېمە بەردى؟ ئىسلام دىنىنى بىزگە ئەرەب ئەمەس، ئاللا بەرگەن ئەمەسمۇ؟ »

ئوبۇلقاسىمئاخۇننىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن، مەن خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. دېمىسىمۇ مۇشۇ كىچىككىنە جاپادا ئاز - تولا پۇل تاپىدىكەنمىز، نامراتلىقىمىزغا باقماي جايىدا - سەپ بىلەن خەجلەشنى بىلمەيدىكەنمىز. 7 مىليون 200 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ يېرىمى يا تاماكا چېكىدىكەن، يا ھاراق ئىچىدىكەن، بۇ، 3 مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر يا ھاراقكەش، يا بەڭگە دېگەن گەپ. ھەر كۈنى 1 مىليون ئۇيغۇر ھاراق ئىچتى دېسەك، ھەر بىرسى ئىچمىدى دېگەندە بەش يۈەنلىك ھاراق ئىچسە، كۈنىگە 5 مىليون يۈەنلىك، ئېيىغا 150 مىليون يۈەنلىك ھاراق ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پۇلنى ھاراقتىن باشقىغا خەجلەشكە قورسىقى ئاغرىيدۇ. بەڭگىلىرىمىز كۈندە ئادەتتىكى ناچار - ئاچچىق تاماكىغا ئاز دېگەندە 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەيدۇ. باھاسى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولغان خىروئىنغا كېتىۋاتقان پۇلچۇ تېخى!

دەرىخا، خۇددى «يامبۇغا دەسسەپ توقۇمنى ئاپتۇ» دېگەندەك، بىز قاچانمۇ پۇل تېپىشنى بىلىپ، خەجلەشنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلىقتىن قول ئۈزەرمىز؟!

## سېيىت نوچىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

سېيىت نوچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان كۆچتۈڭگۈر، مەرد، ئاقكۆڭۈل، تىز پۇكمەس باتۇر، «19 - ئەسىردىكى ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەركىكى» دەپ قارالدى. مانا بۇ ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقان روھ.


يۇقىرىقىلار تارازىنىڭ بىر تەرىپىدىكىسى، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا، ساۋاتسىز، ئىلىم - تەربىيىدە يوق، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئاپارغۇچى نادانىنىڭ ھىيلىگەر - تەدان، ھىجىيىپ تۇرۇپ جان ئالىدىغان دۈشمىنىگە ئۆزىنى ئاتقۇزۇپ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئىبارەت پاكىت تۇرۇپتۇ. بۇ ئەخمەق نوچىمىزنىڭ نەزىرىدە، تۈرمىدىن ياكى جازا مەيدانىدا چېرىكلەر تىترەپ ئاتالمايۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىش (شۇچاغدابۇتامامەنمۇمكىنئىدى!)؛ ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ تاغدەك بەستى بىلەن ئۆزىنى ئاتماقچى بولغان چېرىككە تاشلىنىپ، ئۇنى مىجىۋېتىپ ئاندىن ئوق يەپ ئۆلۈش نامەردلىك ئىدى.

خۇدا دۈشمەنلىرىڭ ئەيمەنسۇن دەپ ساڭا تاغدەك بوي - بەست، ئۇلارغا بوزەك بولمىسۇن دەپ بىر تېنىڭگە ئون، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە بىرەر يۈزىگە تېتىغۇدەك كۈچ - قۇدرەت، ئوقۇ، تەربىيىلەن دەپ كۆز، ئەقىل، ئاڭ، ئىمان - ئېتىقادلىق ئادەم بول دەپ ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئىلغار دىن بەرگەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، رۇستەمى داستاندەك تەڭداشسىز پالۋانلىقىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قوغداشنى بىلمىسەڭ، ھەتتا سەندىن ئاجىز - رەزگى دۈشمىنىڭگە ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇ ئۆلتۈرمەيمەن دېسە، «نوچىلىقىڭنى كۆرسەتتىم» دەپ ئۆلتۈرگۈزسەڭ، شۇنچە باتۇرلۇقۇڭ، كۈچ - قۇدرىتىڭ بىلەن، سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان 70 ياشتىن ئاشقان قېرى، تۇل ئاناڭ، ئەل - يۇرتۇڭ، قەۋم - جامائىتىڭنىڭ تۇزۇڭ خىزمىتىدە بولماي، نامەرد دۈشمىنىڭگە قېيداپ: «مانا مەن بالدۇرلا مەردلەرچە ئۆلەلىدىم» دەپ ۋاقىتسىزلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەلسەڭ، بىز بۇنى كەچۈرگۈسىز نادانلىق، ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىك دېمەي نېمە دەيمىز، نوچى؟

ئەپسۇسكى، بىز سېيىت نوچىنىڭ بۇ نادانلىق پاجىئەسىدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، تارىختا بىزدىن مۇشۇنداق مەرد ئوغلان چىققان، دەپ داستان - قىسسىلەر يېزىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىپ پەخىرلىنىپ ياشاۋاتىمىز. قارىغاندا، ئەقىل بىلەن ئەمەس، قارام نوچىلىق بىلەن ياشاش يولىنى تاللىۋالغان خەلق ئوخشايمىز. سېيىت نوچى پاجىئەسىنىڭ ساۋاتسىز، نادان بولسالاڭ ئاشۇنداق تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىسەن، دېگەن ئاچچىق ساۋىقىدىن كۆرە ئۆزىنى ئەخمەقلەرچە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش روھى بىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن چېغى. يالغان دېسەڭلەر، كونىلارغۇ مەيلى، ھەتتا ھازىرقى مودا ياشلارمۇ سېيىت نوچىنى ئالا - تاغىل، شالغۇت ناخشىلىرىدا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي مەدھىيىلەۋاتامدۇ؟ (M1)

بۇ سان 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نەشرگە يوللاندى، 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M3)





ئۆز يۇرتنىڭ ئاممۋى
مەدەنيەتخزمتگە
ئقتسادىي جەھەتتە
كۆچلۈك يار - يۆلەكتە
بولۇۋاتقان مەكت ناھيە
غازكۆل يېزا ئگىلك
باشقۇرۇش پونكتنىڭ
ئش - پائالىيەتلرىدن:

# سېخي

# قوللارغا

# ھەشقاللا



يول (دوغ بوياق)

قاھار غوپۇر سىزغان




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 - يىل 4 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى:2823622
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮编：830002 电话：2823622
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 -1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 22 _ 58 باھاسى: 3 يۈەن

国内统一刊号：GN65 1073/1
本刊代号：58—22 定价：3元